

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1986

1

پېشقەدەم ياز-
غۇچى زۇنۇن قا-
دىرى ۋە تۇردى
سامساق ئوقۇتقۇ-
چى- ئوقۇغۇچىلار
ئارىسىدا.



(مەتھەسەن زەبىبۇللا فوتوسى)



كۆڭۈللۈك پاراڭ

(تۇردى مەتنىياز فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

1

1986

15 - يىل نەشرى

(ئومۇمىي 68 - سان)

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

«قەشقەر ئەدەبىياتى تەھرىر بۆلۈمى»

# بۇ ساندا

## نەسرى ئەسەرلەر


ئەگگۈشتەر ........................ ماھمۇل پەخرىددىن 19
ياقۇپبەگ ۋە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ........................ خېۋىر تومۇر 31
ھەيتىدىن كېيىن ........................ ئەمەت دەرۋىش 49
ئاتا، مېنى كېچۈرىڭ ........................ توختاجى روزى 56
ئاھ، رەھىمسىز دەريا ........................ (پوۋېست) ........................ ئەختەم ئۆمەر 70
ئىككى ھېكايە ........................ مۇھەممەت ئىمىن 88
«نەسىھەت» ........................ غوجى ئەخمەت 91
كۆلكە ساداسى ........................ مۇھەممەت سىدىق تومۇرى 94
ساقايماس كېسەل ........................ ئابدۇۋايىت توختى 96
خىسلەتلىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ مۇھەممەت ساۋۇت ئابدۇرېھىم 98


## شېئىرلار


كېچىر، مېنى مۇھەببەت ........................ (داستان) ........................ يالقۇنجان ئىسلام 1
ساما لېرىكىلىرى ........................ ئابلەت ئىسمايىل 60
ئىككى شېئىر ........................ ياسىمىن زىلال 64
شېئىرلار ........................ ھۆسنىيەجان ئەسقەر 66
ئىككى شېئىر ........................ ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن 67
خەلقىمگە ........................ تاھىرجان قاسىم 68
كەلدىم ........................ ھاجى ھاۋۇت مەھمۇدى 100
رۇبائىيلار ........................ لوقمان ئىمىن 101
ۋىژدان قەسىدىسى ........................ ئىمام مۇھەممەت 102
لىرىكىلار ........................ ئەركىن ئەبەيدۇللا 103
يىللارغا ئەرز ........................ ئېلى زايىت 104
نېمە پەرقىمىز ........................ ئابدۇرېشىت مەھەممەت 105
كۆز كېچىسى ........................ ئەخەت مەھەممەت 106
بىزنىڭ سايىمىز ........................ مۇرات تۇرسۇن 106
ئىككى ناخشا ........................ ساتتار توختى 107
بىزار بولدۇم ........................ ئابدۇرېھىم زۇنۇن 108
پىكىر دەپتىرىنىڭ زارى ........................ غوجا ئابدۇللا ھەققانى 109


## مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە تارىخ


قەشقەردىكى «كونا ئوردا شەھرى» ۋە تاشقارقى شەھەر توغرىسىدا ........................ ئابدۇرېھىم ھاشىم 110


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


مەلىكە مونو چەھرى ........................ (چۆچەك) ........................ مۇتەللىپ سىيىت رەتلىگەن 115


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


مەلىكە ئامانىسساخان ........................ (بالىلادا) ........................ ئابدىغۇپۇر قۇتلۇق 125


( بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى مەخمۇتجان تۇردى ئىشلىگەن)



# كېچىككەن مۇھەببەت

## (داستان)

يالقۇنجان ئىسلام

## مۇقەددىمە

«بەخت» ماركىلىق موتوتسىكلىت شىللىسىگە،
قارچۇغىدەك ئەپچىللىكىنە قونۇۋالغان؛
سۆلىتىگە يەنە شۇنچە سۆلەت بېرىپ،
بۇرۇتىنى چاققانغىنە قويۇۋالغان؛
ئۈستى - بېشى خېلى ئالىي، خېلى پۇزۇر،
يۈزلىرىدىن شاتلىق نۇرى يېغىپ تۇرغان؛
لەۋلىرىگە شوخ تەبەسسۇم، كۈلكە مۇشتاق،
قوي كۆزلىرى چاقماق كەبى يېنىپ تۇرغان؛
يېزىمىزنىڭ يېڭى بېيى ئابلىمىتجان،
كىرگىنىدە مەھەللىگە ئۇچقىنىچە؛
كۈمۈش چاقلار ئويناپ دۇلدۇل تاپىنىدا،
ئىپتىخارلىق ھىسسى كۆڭلىن قۇچقىنىچە:
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەلگەن ئايشەم
بىردىن،
دەرۋازىغا يۆلەنگەنچە تۇرۇپ قالدى.
قايغىنىدەك بېشى، يۇمۇپ كۆزلىرىنى،
تارتتى دەرتلىك بىر ئاھ، خىيال سۈرۈپ قالدى.

1

شۇنچە تونۇش، مېھرى ئىسسىق سەھرا يولى،
بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز توپا كېچىپ كېلەر.
تال چىۋىقنى مىنىۋالغان ئات ئېتىشىپ،
شوخلىقىدىن دىللارغا زوق قېتىپ كېلەر.
ئۆركەشلىنىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى،
بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز سۇغا چۆمۈلىدۇ.
بىر - بىرىگە چېچىپ زۇمرەت تامچىلارنى،
قىرغا چىقىپ چوغدەك قۇمغا كۆمۈلىدۇ.
پەسلى كۆكلەم، كۆز يەتكۈسىز دالىلاردا
بۇغدايلارنىڭ مايسىلىرى كۆكەرگەن چاغ.
تال سۆگەتلەر تاراپ سۇمبۇل چاچلىرىنى،
بىدە كۆك بوپ تۇپراقتىن باش كۆتەرگەن
چاغ.
پىچاق چۆشتى قىلىپ ئويناپ، قىيغىتىشىپ،
ئەنە شۇ قىز ۋە ئوغۇل كۆك تېرىشىدۇ.
ئاجايىپ بىر قەدىردانلىق، مېھرىبانلىق،
قۇچىقىدا ئەركىلەيدۇ، كۈلۈشىدۇ.
شۇنچە گۈزەل ماي ئايلىرى باغلار ئارا،
مايسان ئۆرۈك بولۇپ قالغان ئالا غورا.
تۇرار قىزچاق ساقلاپ تامنىڭ ئارقىسىدا،

ئوغۇل باققا كىرىپ كەتتى ئاتلاپ شورا.
چەققى دوستى باغدىن ئۈزۈمنىڭ قويىنىدا لىق —
ئالا ئۆرۈك، قىز بىلەن تەڭ يېيىشىدۇ.
بۇ دۇرۇق قوللار جۇپلىشىدۇ — ۋەدىلىشىپ،
مېغىز چايناپ قوشماق ئاداش دېيىشىدۇ.
ئاپپاق ئايدىڭ كېچە سەھرا باغلىرى،
شوخلۇغىدىن قىن — قىنىغا پاتمايدىغان.
مۆكۈ-مۆكۈلەك ئويناپ قىيا — چىيا بىلەن،
يېرىم كېچە — تۈن تەڭگىچە ياتمايدىغان.
مانا ئوغۇل كېلىپ مۆكتى سامانلىققا،
ئالدى قىز چاقىرماپ ئۆزىنىڭ يەلكىسىدىن.
چەققى قىز ھەم كاۋىكىدىن پور تېرەكنىڭ،
ئوغۇل كۆڭلىن يايرىتىپ شادكۈلكىسىدىن.



ئابلىمىت ۋە ئايشەم ئۇلار مامۇت ئاكام،
ساۋۇت ئاخۇن ئاكىمىزنىڭ باغلىرى.
نەچچە ئەۋلات ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن،
ھەقەمسايە — خوشنا ئاتا — ئانىلىرى.
بىرلا ئاينىڭ ئالدى — كەينى بۇ ئىككىسى،
ھاياتلىققا كۆزىن ئېچىپ تۇغۇلۇشتى.
دېيىشكەنچە «ئاداش-ئاداش» چىققى تىلى،
بىر — بىرىنى يېتىلىشىپ چوڭ بولۇشتى.
ئېخ بالىلىق نىمە دىگەن گۈزەل چاغلار،
ئىنسان ئۈچۈن دىلدا غەملەر بولمايدىغان.
چۈشسە باشقا ئاسمان غۇلاپ، پەرۋايى يوق،
تويسا قوساق بولدى، كۈلۈپ ئوينايدىغان.
بىراق، يىللار رەھىمسىزكەن بىردەمدىلا،
گۈدەكلىكنى سەندىن ئېلىپ كېتەر ئىكەن.
كۈنلەر ئاينى، ئايلار يىلنى قوغلاشقانچە،
ئۆمۈر دىگەن ئاققان سۇدەك ئۆتەر ئىكەن.
ئابلىمىت ھەم ئايشەم مانا يەتتە ياشقا،
كىرىپ قالدى مەكتەپكە ئىز باستى ئۇلار.
ئالدى ساۋاق بىر پارتىدا بويىنىغا تەڭ،
چوغ رەڭگىدە گالىستۇكنى ئاستى ئۇلار.
ھەر سەھەردە چېپىشىدۇ مەكتەپكە،
ئۇشلىغانچە بىر — بىرىنىڭ قوللىرىنى.
ناخشا ئېيتىپ قوغلاشقانچە، نەۋباھاردا،
تۇتام — تۇتام ئۈزۈپ كاككۈك گۈللىرىنى.
يات ئەمەستۇر ئۇلار ئۈچۈن ھەر ئىككى ئۆي،
گۈلسۈم ئاچام ئابلىمىتنىڭ ئۆز ئانىسى،
قىزىم دەيدۇ ئايشەمگۈلنى رەۋىخاچام،
ھەر ئىككىسى ئۆيىنىڭ ئۆز بالىسى.
ساۋۇت ئاكام بازارلارغا بېرىپ قالسا،
كەلمەس قۇرۇق، ئايشەمگۈلگە سوغات
ئالماي.

مامۇتتا مىنىڭ كۆڭلىمۇ ھېچ ئۇنىمايدۇ،
ئابلىمىتنىڭ چاڭگىلىغا ناۋات سالماي.
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئاخىرلىشىپ،
ئوقۇش يىلى، باشلانغۇچمۇ پۈتۈپ قالدى.

كۆچتى ئۇلار ئەلا بولۇپ تولۇقسىزغا،
بويىلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن ئۆسۈپ قالدى.
بارغانسېرى بېيىپ تۇرمۇش مەزمۇنلىرى،
قالدى ئۇلار مەكتەپتە دام چىقىرىپ.
ھەر قانداق بىر پائالىيەت - سورۇنلارنى،
قىزىتىدۇ داڭ چىقىرىپ - چاڭ چىقىرىپ.
ئايشەم داڭلىق ئۇسۇلچىسى مەكتەپنىڭ،
ئابلىمىتجان راۋابنى شوخ سايرىتىدۇ.
كېپىنەكتەك ئۇلار سەنئەت گۇلشىنىدە،
پەرۋاز قىلىپ كۆڭۈللەرنى يايرىتىدۇ.
بىراق، ياخشى چۈشىنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەن،
چىقتى قۇتراپ تەتۈر قىسمەت ئويۇنلىرى.
نارىسىدە بىر غۇنچىنى قىلدى خازان،
كۈتۈلمىگەن پەيتتە تەقدىر قويۇنلىرى،
ئابلىمىتجان بىر كۈن دەرستە ئولتۇراتتى،
سىنىپىغا مائارىپ ئاكام كىرىپ كەلدى.
مۇئەللىمگە بىر نىمە دەپ پىچىرلىدى،
ئابلىمىتكە ئۆزىن ئوقتەك ئۈرۈپ كەلدى.
تەئەججۈپتە قالدى ھەممە ساۋاقداشلار،
ئابلىمىتجان كەتتى، تەستە توشتى سائەت.
مۇئەللىمى چاپتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن،
چاپتى ھەممە، ھېچكىمدە يوق سەۋر-تاقەت.
شۇ قاتاردا ئايشەمۇ بار ساۋاقداشلار،
ساۋۇتكامنىڭ ھويلىسىغا كىرگىنىدە.
بېلىن باغلاپ يامغۇر كەبى ياش ئاققۇزۇپ،
يىغلاۋاتقان ئابلىمىتنى كۆرگىنىدە.
مۇئەللىمى ئاتتى ئۆزىن تالىپىغا،
ياش شەبنىمى نەچچە ئونلاپ چاناقلاردا.
قۇچاقلىدى ئايشەمگۈلنى رەۋىخاچام،
ھازا ئېچىپ مۇڭلۇق نىدا - قوشاقلاردا.
ئابلىمىتجان يىغلىما قىتا، قاخشىما قىتا،
كۆزلىرىدىن ياش مۆلدۈرى تۆككىنىچە.
كار قىلمايدۇ تەسەللىلەر، دەرتلىك ناۋا،
دىل تارىنى ناخۇن بولۇپ چېككىنىچە.
ساۋۇت ئاكام تېخى ساپ - ساق ھالىتىدە،
ئەتىگەنلا بۈگۈن ئۆيدە قالمىغانمۇ؟
ئابلىمىتجان مەكتەپكە ماڭغىنىدا،
سۆيۈپ ئۇنى، پوپكىغا نان سالمىغانمۇ؟
ئەپسۇسكى، ئۇ كەلگىنىدە مەكتەپتىن،
قالدى ھەيران، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى.
بولدى سادىر قانداق ۋەقە - قانداق ئىشلار،
لالدۇر تىلى، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى.
ساۋۇت ئاكام ياتار يەردە سۇنايلىنىپ،
توپا - چاڭلار كىيىم-كېچەك، يۈزلىرىدە.
بىر - بىرىگە چىشى مەھكەم كىرەلەشكەن،
ھاياتلىقنىڭ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدە.
ئەسلى ئەھۋال مۇنداق: ئەترەت ئەزالىرى-
چىققان ئىكەن ئەتىگەن تام چېقىش ئۈچۈن.
باھار پەسلى دېھقانلارنىڭ ئادىتىچە،
بۇغدايلارغا قايتا قۇۋۋەت بېرىش ئۈچۈن.
ئاخىرلىشىپ ئىش ئاسانەن ئادەم بويى،
بىر پارچە تامشۇندا ئېشىپ قالغان ئىكەن.
يېيىشىپ نان، چېكىشكەنچە تاماكۇلار،
ھەممە كىشى ئازراق ئارام ئالغان ئىكەن.
ساۋۇت ئاكام دەپتۇ: سىلەر دەم ئېلىڭلار،
ئۆرۈۋېتەي ئۆزۈم تامنىڭ قالغىنىنى.
كولاپتۇ دەك تام ھۇلىنى، قاپتۇ بىلمەي،
غەپلەت بېسىپ ھېچكىم نىمە بولغىنىنى.
"گۈپلا" قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۆرۈلۈپتۇ،
تامىمۇ، لېكىن ساۋۇت ئاكام بوپتۇ غايىپ.
تېپىپتۇ دەك تام ئاستىدىن جەسىدىنى،
ئەجەل دىگەن كېلىدىكەن گاھ ئاجايىپ.
ئارىدىمۇ ئۆتتى ھەپتە، ئۆتتى ئايلار،
ئابلىمىتجان مەكتەپكە بارالمىدى.
مۇئەللىمى كەلدى نەچچە قېتىم ئىزدەپ،
لېكىن ئۇنى زادى تۇتۇپ قالالمىدى.
ئۇ كىملىرى كىچىك، باشقا ئانىسىدىن—
ئەمگەك كۈچى يوق ئەترەتتە ئىشلەيدىغان.
يۈكلەنسە قەرز شىلىنىسىگە كىم تۆلەيدۇ،
نەچچە ئادەم تۇرسا يېتىپ چىشلەيدىغان.

ئابلىمىتجان ۋە ئانىسى كۆپ قىيىنىلاپ،
مۇئەللىمگە ئېيتتى يىغلاپ ئۆزرەخاھلىق.
ئوستازىمىز بوپتۇ دېدى تاپالماستىن،
ھېچبىر چارە، قىلىپ ئاخىر خەيرىخاھلىق.
قەلەمنى تاشلىدى ئۇ بولدى دېخان،
دەسلەپتە كۆڭلى ئىشقا بەكمۇ تەستە.
ئالقانلىرى قاناپ تولا قاداق بولدى،
ئالغىنچىلىك سىغىپ قولغا كەتمەن-دەستە.
قالمىدى ئۇ قاتىرىمىغان ئۈستەڭ-ئېرىق،
چاپتى زەيكەش قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە.
تەپتى خامان يازنىڭ سەرتان ئىسسىقىدا،
قىلدى كۆيخۇا سوغ زىمىستان تۈنلىرىدە.
بالىلىقنى ئۇزاتتى ئۇ جاپا بىلەن،
خەتمۇ تارتىپ قالدى مانا بۇرۇتلىرى.
يۈرىگىدە ئۇچقۇنلىدى، يالقۇنلىدى،
گۈزەل ياشلىق ئىستەكلىرى—ئۇمۇتلىرى.
لېكىن ئۇنى نىمىشكىدۇ بىرلا خىيال،
كۈندىن-كۈنگە مۇڭلۇق مىسكىن قىلىپ بارار.
خۇمدان ئوتى تەپتى دەرتلىك ئاھلىرىدا،
ھەسرەت تىغى يۈرەك-باغرىن تىلىپ بارار.

2

گويا قىزلار قوچىغىدەك ياز كېچىسى،
كۆك ئاسمانىدا جۇلالىنار تولۇن چېھرى.
يۇلتۇزلارنىڭ نىگاھىدا ناز كەرەشمە،
بىر-بىرىدىن ئوماق ئۇنىڭ خۇلقى-مېھرى.
سوقار مەيىن تاغ شامىلى ئەجەپ لەرزان،
ئىپار ھىدى گۇپۇلدەيدۇ تىنىقىدا.
شىلدىرلىشار تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى،
مىڭ خىل سۈلكەت مەجنۇنتاللار قىلىقىدا.
ئۈگىدەيدۇ كەڭ كائىنات، ئاڭلانمايدۇ،
بوستانلاردىن كۈيچى قۇشلار ناۋالىرى.
كېلەر پەقەت تاغ باغرىدا ئېقىۋاتقان،
ساي سۇيىنىڭ شاقىرىغان سادالىرى.
ئابلىمىتجان ئولتۇرىدۇ ئۆگزىسىدە،
پايانى يوق خىياللارغا پاتقىنىچە.
ئالدىدىكى ھويلىغا ئۇ — خانەگە ئۇ،
ئىككى ئەمەس مىڭ كۆز بىلەن باققىنىچە.
تۇرار قولدا راۋاپ مۇڭلۇق سادا بېرىپ،
تارىلارغا ھەر بىر زەخمەك چەككىنىدە.
ئېيتەر كۆڭۈل دەرتلىرىنى بايان—ئاشكار،
پەدىلەرگە بارماقلىرى تەككىنىدە.
بىراق، راسا ياڭرىغاندا ئوتلۇق مۇقام،
راۋاپ ئۇنى تويۇقسىزلا ئۈزۈلىدۇ.
خېلى ئوبدان تەڭشەلمىگەنلىك تۇرغان پەدە،
بۇزۇلىدۇ، يېڭىۋاشتىن تۈزۈلىدۇ.
ئارقىدىنلا يەنە قانچە گۈزەل كۈيلەر،
تاپ باستۇرۇپ ئۇلىنىدۇ بىر-بىرىگە.
ئاھ! شۇ كۈيلەر كۆتىرىدۇ دەرتنى دىلدىن،
ئاھ! شۇ كۈيلەر دەرت قوشار دىل دەرتلىرىگە.
تەۋرىنىدۇ قەددى پات-پات بىخۇد ئۆزى،
ئايشەم دېگەن سۆزنى تەكرار دېگىنىچە.
تىكىلىدۇ بىر نۇقتىغا ئۇزاق-ئۇزاق،
گاھ ئاھ ئۇرۇپ، گاھى سىرلىق كۈلگىنىچە.
كۆز ئالدىدا مانا ئۇنىڭ بىر پەرىزات،
زەپ كېلىشكەن، غۇنچە بويلۇق، قەلەم قاشلىق.
يۈزى تولغان تولۇن ئايدەك ئوماق، مەسۇم،
كۆزى چولپان، چاقماق كىرپىك، سۇمبۇل چاچلىق.

تۈنۈگۈنلا نارىسىدە قىز ئىدى ئۇ،
ئابلىمىتتىن ھەرگىز ھۆر كۆپ يۈرمەيدىغان.
كىرەر ئىدى كۈندە ئون رەت بۇ ھويلىغا،
تارتىنىشنى، ياتسىراشنى بىلمەيدىغان.
ھازىرقى شۇ كۆتمەك ئۈژمە ئۇ چاغلاردا،
بۆك-باراقسان ھويلىنى بىر ياپقان ئىدى.
ئابلىمىتجان، پىشسا ئۈژمە شاخلار ئارا،
يامىشىقا مايمۇندىنمۇ چاققان ئىدى.
تاشلايتى ئۇ شاختىن يوغان بورداقلارنى،
ئايشەم يۈگرەپ دوپپىسىغا تېرەر ئىدى.
گاھى ئۇمۇ چىقىۋېلىپ شاخ ئۇچىغا،

باشقىلارنى قورقۇتۇپ شوخ كۈلەر ئىدى.
تېپىلمايتتى ئارىسىدا ئىككىسىنىڭ،
گەر ئۆلچىسەك يىراقلىق بىر مىللىمېتىر.
ئەندى ئەشۇ ئېچىل-ئىراق مۇناسىۋەت،
بارار ئۈزۈراپ كۈنىگە ئون كىلومېتىر.
قالسا ئۇچراپ ئايشەم ئەگەر ئابلىمىتكە،
زۇۋانى بىر ئېغىز گەپكە ئېچىلمايدۇ.
قاچار كۈلكە دەرھال ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن،
لەۋلىرىدە شوخ تەبەسسۇم تېپىلمايدۇ.
گەر يىراقراق بولسا ئارىلىق ئالار ئۆزىنى،
پىنھان تامان يوقىلاڭ بىر سەۋەپ بىلەن.
دوقۇرۇشۇپ قالغىنىدا تويۇقسىزدىن،
ئۆتۈپ كېتەر مۇزدەك سوغۇق تەلەت بىلەن.
ئابلىمىتجان دەسلەپ بۇنى ئايشەمگۈلنىڭ،
ئەقىل - ئىدرەك تاپقىنى دەپ بىلىپ
يۈردى.
ئايشەم ئاڭا چىراي ئاچسۇن، قاپاق تۈرسۇن،
زورلاپ يۈرۈپ گەپ - سۆز قىلىپ، كۈلۈپ
يۈردى.
بىراق، كېيىن كەلدى مۇنداق قارارغا ئۇ،
ئايشەمگۈلنىڭ دىدى ئەندى كۆڭلى باشقا.
ئايلاندۇق بىز بىر چاغدىكى ئىناق دوستلار،
تېگىش مۇمكىن بولمايدىغان تاياق، تاشقا.
بىراق بەزى چاغدا ئەقىل ئاجىز ئىكەن،
ھۇجۇمىغا شىرىن ھەۋەس - خىياللارنىڭ.
بەگۋاشلىقنىڭ ئېتى ھۆركۈپ قاچقىنىدا،
چاغلىق ئىكەن كارى يوقكەن، قامالارنىڭ.
ئىمدى يانۋار ئايلىرىنىڭ بىر سەھەرى،
ئەتراپ گۈكۈم، تېخى يورۇق تاڭ ئاتمىغان.
ئابلىمىتجان كېلەتتى سۇ ئېلىپ كۆلدىن،
كەڭ زىمىننى قېلىن، ئاپپاق قار قاپلىغان.
ئالدىدىنلا چىقىپ قالدى ئۇنىڭ ئايشەم،
مەكتەپكە قىلغان سەپەر، سومكا قولدا.
بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى مانا ئۇلار،
شۇنچىلىك تار، يېڭى ئاچقان چىغىر يولدا.

تونۇغاندا دىلبىرىنى كەتتى ئويناپ،
بەخت نۇرى ئابلىمىتنىڭ كۆزلىرىدە.
تاشلىدى ئېھ! ئالدىغا بىر غالىپ قەدەم،
شوخ تەبەسسۇم جۇلالىنىپ يۈزلىرىدە.
كىممۇ بىلسۇن ئابلىمىتنى كۆرۈپ ئايشەم،
ئالدىچە تىكە دەرھال ئۆزىنى چىغىر يولدىن.
ئاھ! تېيىلىپ يىقىلغاندا قارغا دىلبەر،
چېلىگىمۇ ئابلىمىتنىڭ چۈشتى قولدىن.



كەتتى ئايشەم قارلىرىنى قاقىشتىنلا،
ئابلىمىتجان گويا يەرگە پېتىپ قالدى.
كۆمدى ئۆزىن مىڭلاپ تاپا - تەنىلەرگە،
يۈرىگىمۇ بىردىن مۇزلاپ قېتىپ قالدى.
دىدى: ماڭا مۇھەببەتنى كىم قويۇپتۇ؟
كىم ئىدىم مەن قىزلار سۆيۈپ ياراتقىدەك.
گاچا ئۇ چۈن يۈتەلمەكنىڭ نە ھاجىتى؟
ئادەممىدىم بىراۋغا كۆز ئويناتقىدەك.
نىمە قىلاي قىيناپ مۇنچە ئۆزۈمنى مەن،
خوتۇن دىگەن تېپىلماسىنىڭ خورمىسىمۇ؟
چىقار ماڭا پۈرىدىغان ياۋا چېچەك،
قىزىل گۈلدەك رەڭدار، خۇشبۇي بولمىسىمۇ.
ياق! دەيدۇ ئۇ ئارقىدىنلا، بارمۇ ھەددىم؟
كېچىش ئۇ چۈن بۇ مۇقەددەس مۇھەببەتتىن.
ئىشىق سۆزى سۆيۈش دىمەك، كۆيۈش دىمەك،
چېنىقىش ئۇ، قورقماي جاپا-مۇشەققەتتىن.

يېتەلمەسەم مەيلى زوھرا ۋىسالىغا،
تاھىر كەبى جاھاندىن مەن تاق ئۆتەمەن.
قالار ئىخلاس، ئەقىدەم ئۆز ھالىتىدە،
ئۆيلەنمەيمەن، بىغۇبار، پاك، ئاق ئۆتەمەن.

3

قاپقاراڭغۇ خانە ئىچى چىراق ئۆچكەن،
ئابلىمىتجان كىردى ئاستا يوتقىنىغا.
كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان، بولدى نىكەم،
ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ ئۇيغاق ياتقىنىغا،
ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىغىنى، ئاھلىرىنى،
رەۋىخاچام شۇنچە ئېنىق سېزىپ ياتار.
ئۇنىڭ جىگلىق قايغۇ - كۈلپەت يار
غۇنچىغى،
يۈرىگىنى يارما قىلىپ ئېزىپ ياتار.
ساۋۇت ئاكام ئىدى ئۇنىڭ ھالال جۈپتى،
ياشلىقىدا ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تەككەن.
ئەر ئەمەستى ئۇ رەھىمە تىلىك ھايا تىدا،
مەھبۇبىسىنى بىگۇناتاك قىلىپ چەككەن.
دادا بېشى گويا كۆككە يەتمىگە نمۇ؟
ئابلىمىتكە ئۇ توغۇتلۇق ياتقىنىدا.
ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ كۈلمىگە نمۇ،
كەينىدە شوخ پاخلىنى ھەر چاپقىنىدا.
رەھىمە تىلىكنىڭ كەلدى بىراق ئۆمرى قىسقا،
كۈتكەن گۈزەل ئارزۇسىغا يېتەلمىدى.
ئەل - يۇرتتا ئۇ توي چېيىنى بېرەلمىدى،
ھەم مۇقەددەس قەرزىن ئادا ئېتەلمىدى.
كىردى ئوغلى مانا يىگىت قاتارىغا،
پۈتۈن يۇرتىنىڭ ئىپتىخارى—كۆزى بولۇپ.
ئېقىللىق ھەم باھايالىق، ئىشچان، چەۋەر،
ۋىجدانى بار، ساۋۇتكا مىنىڭ ئۆزى بولۇپ.
كەلدى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش پەيتلىرىمۇ،
ئانىنىڭ ھەم ئارزۇسى شۇ ئەمەسمىدى؟
كېلىن كۆرسە، نەۋرە باقسا ئۇمۇ باشقا،
ئانىلاردەك خوشاللىنىپ كۈلمەسمىدى؟
بىراق، پولۇ ئوخشايدۇ ياغ، گۈرۈچ، گوشتتا.

توي قىلىشچۈن ساناپ يىغان پۇل قەيەردە؟
"قىز ئالماق، شەھەر ئالماق" دىگەن گەپ بار،
قول ئۇزۇتۇپ ئۆزىدىغان گۈل قەيەردە؟
رەۋىخاچام بەكمۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ،
ئابلىمىتنىڭ دەردى، يۈرەك يارىسىنى.
ئۆيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تاپالمايدۇ،
ئەشۇ دەرتنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى.
ئەسكە چۈشتى شۇ ئان بىر چاغ ئايشەمگۈلدىن،
چاخچاق قىلىپ مۇنۇ سۆزنى سورىغىنى.
جاۋابىدىن خوشاللىنىپ رەۋىخاچام،
سۆيۈپ ئۇنى قۇچىغىغا ئورىغىنى.
"ئوبدان قىزىم، چوڭ بولغاندا، ئېيتىپ
بېقىڭ،
تېگىسىز سىز كىمگە قېنى" دىگىنىدە.
كۆزلىرىنى ئويناتۇپ شوخ تارتىناي ئۇ،
ئابلىمىتكە، دەپ يېقىملىق كۈلگىنىدە.
رەۋىخاچام ئېيتقان شۇ چاغ: خۇدا سېنى،
راستىن ماڭا كېلىنلىككە قىلسا نىسىپ.
چۈشەر مەيمەن ئەتىۋالاپ زادى باشتىن،
ئىززەتلەيمەن قولىمىغا گۈل قىپ قىسىپ.
بىراق، ئەندى ئۇ چاغدىكى ئايشەمگۈل يوق،
ھەتتاكى كۆز قىرىغىمۇ ئىلماس ئۇنى.
مەھەللىنىڭ باردى - كەلدى ئىشلىرىدا،
گۈلسۇمخانىمۇ ئۇلپەت ھەمرا قىلماس ئۇنى.
ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا بىر زامانلار،
كىر كۈزۈلمەي يېيىلمەيتتى تاما قلارمۇ.
ھە ئەندىچۇ ئايلاپ - يىللاپ ئېزىپ-تېزىپ،
كىرىپ قالماس خوشنا ئۆيگە تاۋاقلارمۇ.
ئاۋۇ ئۆيدە چۈنكى كۈندە بولمىسىمۇ،
ھەپتىسىگە تۆت سەر يېڭى گۆش بولىدۇ.
گۆش دىگەن تەم كىرگۈزىدۇ ئاش-تاماققا،
يىگەنلەرمۇ، ئەتكەنلەرمۇ خوش بولىدۇ.
بۇ ئۆيدىچۇ، بەزەن تېخى چامغۇرمۇ يوق،
ئەتىۋالىق تاماق ئاران پىياز چۆپى:
بولمىغاندا بىردە سالغان سۈيۈق يوبدان،
تېتىيدۇ ئۇ ئېغىزغا بوپ قازان دېتى.

ئاسان ئىشمۇ نەچچە يىللاپ تۇل ئولتۇرۇش،
ئۈچ بالا ئۇ كۈندە ئۈچ ۋاخ نان يەيدىكەن.
كىيىم دېگەن يامانمۇ بولىدىكەن،
لېكىن قوساق يامغالىغا بولمايدىكەن.
ئەڭ مۇھىمى بۇ كۈن، بۇ ئاي يېزىلاردا،
ئىشنىڭ نىمە قۇرۇق شۇئار، قۇرۇق ھەركەت.
يا بۇزغانىنى يارىتمايسەن، يا تۈزگەنىنى،
پىلان يوغان، يوق ھوسۇلدا ساپا-بەركەت.
ئىشلەيسەن قىش-يازچە پەقەت نومۇر غىلا،
يىل ئاخىرى دارامەت يوق، يانچۇق قۇرۇق.
سەرلەپ سىپىنىڭ كۆڭۈللۈك نورماڭ
جىڭلاپ ئەمەس،
گەپ ساتقانلار سىمىز، كەتمەن چاپقان
ئورۇق.
ھېلىمۇ ھەم تۆمۈر ئىكەن جېنى ئۇنىڭ،
نى-نى ئېغىر كۈنگە بەرداش بېرىپكەلدى.
ئىگىگىنى يۆلەپ يىلدىن-يىلغا چىقتى،
بارغا-يوققا شۈكرى-تاقەت قىلىپكەلدى.
ساتتى ئۆيدىن قولغا پۇلغا ئالغىدەكنى،
كۈندۈزلىرى ئىشلەپ كەچتە چۆرىدى چاق.
زىمىستاندا كۆچەتەك چاناپ، چاۋا تەردى،
بالىلىرى توق، يۈردى ئۆزى ئۇ ئاچ بىراق.
كەچكىنىدە بىردىن ئۇنىڭ خىياللىرى،
باشتىكى تاغ، ئابلىمىتنىڭ توي ئىشىغا.
قاتتى بېشى بىلمەي نىمە قىلىشىنى،
يەتتى كۈچى يەنە ئاجىز كۆز يېشىغا.

4

تۇرغىن بالام، قارا نېكەم تاڭ ئاتقىلى،
كۈلسۈم ئاچا ئايشەمگۈلنى ھاردى توۋلاپ.
ئاچتى ئايشەم ئۇيقۇدىن كۆز ئەسنىگەنچە،
سەھەركەنغۇ دېگىنىچە كۆزىنى ئۇۋۇلاپ.
تالاغىمۇ چىقماي تۇرۇپ ئادىتىچە،
كۈندىكىدەك ئەينەككە ئۇ قاراپ كەتتى.
كۆز ئالدىدا تۇرغان گۈزەل ساھىپجامال-
قىزنىڭ ھۆسنى كۆڭلىگە بەك ياراپ كەتتى.

مانا ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان خۇمار كۆزى،
ئايدەك يۈزى، لىۋى، گىلاس ياكى غۇنچە.
مەڭزى تاڭنىڭ شەپىقىدەك نۇرلىنىدۇ،
كۈلگىنىدە چىشى چاقنار بولۇپ ئۈنچە.
قورشاۋىدا بۆدرە چېكە چاچلىرىنىڭ،
تۇرار ئاپپاق سەل ئۇزۇنچاق ئىنچكە كلەرى.
سىلىقۇدى زىنىغىنى تېگىپ كەتتى،
ئەندى تولۇپ كەلگەن كۆكسىگە ئاق بىلەكلىرى.
كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ئۇ رومانلاردا،
تەسۋىرلەنگەن قىزلار ساھىپجامالارنى.
ھەر قانچە ئۈز بولسا بەلكىم مەنچىلىكتۇر،
ئۆتكۈزدى ئۆز كۆڭلىدىن شۇ خىياللارنى.
ئەپسۇس! دېدى ئەجەپمۇ مەن قاپتىكەنمەن،
دۇئايى بەنت كەتكەن سەھرا قىزى بولۇپ.
گەر تۇغۇلغان بولسام كاتتا شەھەرلەردە،
ئۆسمەتتىم مەن ھۆر-پەرىنىڭ ئۆزى بولۇپ.
ئوقۇش ۋاقتى قالمىدى ھېچ ئۇزاق ئەندى،
تەقدىر مېنى نەكويلارغا سالار ئىكەن؟
سۆزلەشكە تىل، ئاھ! ئويلاشقا ئېقىل بارماي،
يېزىدا ئۇ دېخان بولۇپ قالارمىكەن؟
"ياق، ياق" دېدى ئايشەم چىشلەپ بارمىغىنى،
خۇدا! ماڭا ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىگىن.
قىلغىن ئازات شۇ لەنەتتى قاپ-تاغاردىن،
دوست-دۈشمىنىنىڭ ئالدىدا سەن خار
ئەتمىگىن.
شۇندا خۇدادى بىر نەرسىدىن چۈچىگەندەك،
يىغدى دەھشەت خىياللاردىن ئۆزىنى ئۇ،
ئانا ماڭا نان چىلاپ قوي دېگىنىچە،
ئالدىراشلىق بىلەن يۇدى يۈزىنى ئۇ.
كىيىپ بولۇپ كىيىمىنى، چاچلىرىنى،
پوكۇس قىلىپ يارىغىچە تارىۋالدى.
تامدا تۇرغان چوڭ ئەينەككە يەنە بىر رەت.
ھە قانداق قىراق؟ دېگەندەك بىر قاراۋالدى.
يېرىمىنى ئىچىپ چاينىڭ سومكىسىنى،
ئاسقىنىچە مەكتىۋىگە يۈرۈپ كەتتى.

خىيالىمدا قاناتلانغان گۈزەل ئارزۇ،
رىئاللىققا ئايلانغاندەك كۈلۈپ كەتتى.
ئەجەپ ئەمەس تەلەي ئاڭا قۇچاق ئېچىپ،
بىرەر ئالىي مەكتەپكە بىرىپ قالسا.
ھازىر دىگەن ئىش ئوڭايلا ئەپلىشىدۇ،
ئارقا ئىشىك قىلسا، ياغلاپ يىلىك سالسا.
پۈتتى مەكتەپ ئايشەم بىمار بولۇپ كەتكەن،
ئىمتىھاننىڭ چىقتى مانا نەتىجىسى.
بولدى بەربات گۈزەل ئۈمىت-ئىستەكلىرى،
تېگىپ تاشقا سۇندى ئىخلاس-ئەقىدىسى.
”ئېسىت!“ دىدى ئايشەم مۇشۇنەس ماكاندا،
ئۆمۈر بويى دەپسەندە بوپ قالارمەنمۇ؟
گۆھەر ئىدىم، غۇنچە ئىدىم، پەرىزاتتىم،
چاڭ - توزاڭغا كۆمۈلۈپ خار بولارمەنمۇ؟
قىرىشقاندەك ئۇ مەكتەپتىن كەلمەي تۇرۇپ،
بولۇپ كەتتى ئۆينىڭ ئىچى خۇددى بازار.
گۈلسۈم ئاچا قۇلىقىدا سۇناي ئۈنى،
ئايشەمگۈلگە بۇ كۈن تۈلۈم، بۇ ئاي ھازا.
كېلىشىدۇ نەچچە ئادەم ھەر كۈنلىكى،
ئايشەمگۈلنى سورىغانچە كېلىشتىلىككە.
ئالغان جاۋاپ پەقەت: بۇنىڭ خەۋەرىنى،
بىرەيلى بىز ئەتىلىككە - ئۆگۈنلۈككە.
خوشاللىقتىن ئانا ئاغزى يىپىلمايدۇ،
مېھمانلارنى پاي پېتەك بوپ كۈتكىنىچە.
بىراق يا ئىماس ئايشەمگۈل ئۆز قارارىدىن،
سەھەرالىققا تەگمەيمەنلا دىگىنىچە.
ماھۇتكا مىنىڭ ئېسى-يادى ئابلىمىتنى،
ئۆزى ئۈچۈن كۆيەۋ ئوغۇل قىلىۋالسا.
بولاتتى ئۇ پۈتىغا-پۈت، قولىغا-قول،
ئەل - جامائەت ئالدىدىمۇ ساۋاپ ئالسا.
بىراق نۇرغۇن مەسلىھەتكە گۈلسۈم ئاچا،
قۇلاق سالماي كەلدى غەۋغا كۆتەرگەنچە.
سەل قاتتىقراق كەتكەندە گەپ، چاچلار
چۇۋۇپ،
گاھ ھۇشىدىن كېتىپ ياتار كۆكەرگەنچە.

ئەتىۋالاپ باققان بىرلا قىزىمنى مەن،
بىرەمدىمەن قاراپ تۇرۇپ بىكارلىققا.
ئالتە تازىنىڭ ئىشىدىن ئىتىپ، كىرىدىن يۇيۇپ،
سالامدىمەن ئۇنى ئەرزان چاكارلىققا.
بولسا كاشكى ئۆيدە بىرەر كىمگىز يىگى،
بىرەر كۆرپە، گېزى كەلسە سېلىشقىمۇ.
ئىمە ئات بۇ ئەل ئالدىدا قىلمامدىمەن -
نومۇس ئۇنى قۇدام دەپ تەڭ مىڭىشقىمۇ.
چىقتى بىر كۈن رەۋىخاچام ماھۇت ئاكا -
ھويلىسىدىن دەرتلىك پىغان تارتقىنىچە.
تاشلىۋەتتى يەرگە ئۆزىدىن كىرىپ
ئىشىكتىن،
تۇرالمىدى ئورنىدىن شۇ ياتقىنىچە.
بىلەتتى ئۇ گۈلسۈمخان ۋە ئايشەمگۈلنىڭ،
ئەسلىدىكى نىيىتىنى - خىيالىنى.
شۇڭدا قىلا ھەم ئابلىمىتنىڭ دەردىنىمۇ،
تاپالمىدى داۋالاشنىڭ ئامالىنى.
كىممۇ بىلسۇن قىز تەرەپتىن رەۋىخاچام،
ساھىلچىلىك، كاشكى كۈتۈپ ئېلىنسىچۇ.
ئولتۇردى ئۇ داق سۇپىدا - ھويلىدىلا،
ئاستىغا ھەم كىگىز-كۆرپە، سېلىنسىچۇ.
چۇشۇپ قالغان ئادەم بارمۇ؟ دىدى ئايشەم،
بۇ سۆز ئىسۇنىڭ يۈرىكى - باغرىنى تىلىپ
ئۆتتى.
گۈلسۈمخانمۇ دىدى: قالدىم قۇتۇلالماي،
رەۋىخاچام گويا يەرگە كىرىپ كەتتى.

5

ئايشەمگۈلنىڭ بەختى ئۆگەدىن كېلىپ قالدى،
بولدى بۇ ئىش راستلا ئۈنىڭ كۈتكىنىدەك.
تۇيۇلىدۇ ھوما قۇشى قونۇپ باشقا،
ئۆگزىسىدىن شەۋى قەدرى ئۆتكىنىدەك.①
شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىن يوھىيا قىسۇ تىنىڭ،
ئورۇغىدەك بىر تۇققىنى كېلىپ قالدى.

① رامزان ئايلىرىدا كىشىلەر ئويلىرىنىڭ ئۆگزىسىدىن شەۋى قەدرى دىگەن بىر ئوت ئۆتكەنلىگىنى كۆرسە ئۇ ئادەم بەختلىك بولۇپ كېتىدىكەن.

ئەمگەن ئەسلى ئانا تەرەپچە ھەممەدىن،
ئايشەمگۈلگە ئۇ خېرىدار بولۇپ قالدى.
بار ئەمگەننىڭ بىر ئوغلى ئەشۇ ھامىسىنىڭ،
خېلى كاتتا ئىدارىدا ئىشلەيدىكەن.
بىراق ئۆيلەپ قويايدىسە شەھەردىكى،
قىزچاقلارغا ئانا كۆڭلى چۈشمەيدىكەن.
بىر داستىخان ئۈستىدىلا ئايشەمگۈلنى،
ئۆزىگە ئۇ كېلىنلىككە سورىۋالدى.
كۈلسۈم ئاچا دىدى ئوبدان، ئايشەمگۈلنىڭ—
ۋۇجۇدىنى شاتلىق ھىسسى ئورىۋالدى.
نىمە دىسۇن مامۇت ئاكام، قالدى جىمجىت،
ئوشۇق گەپ يوق قاپىغىنى تۈرگىنىچە.
ئايشەمگۈلنىڭ پۈتى يەرگە تەگمەيكەتتى،
قىن – قېنىغا سىغماي سەكرەپ-كۈلگىنىچە.
تېگىدىغان ئېرىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ،
بولۇپ قالدى خىياللىدا ئاشىق-شەيدا.
ئارىغىنىڭ غايىۋانە تەققى – تۇرقى،
چۈشلىرىدە، خىياللىدا بولدى پەيدا.
مانا ئۇنىڭ شاھزادىدەك جانانىسى،
يانار چاقماق ئوتى نۇرلۇق كۆزلىرىدە.
بېشىدا چاچ-مەدىنىيەت گۈۋاچىسى،
دەپ يېقىملىق كۈلكە ئوينار يۈزلىرىدە.
كىيىمىشى ساپلا نىملۇك، ساپلا سارجا،
ئايشەم شۇنداق يىگىتكىلا يارىشىدۇ.
مانا ئۇلار كېلەر سېمونت كوچىلاردا،
بىرجۈپ بولۇپ ھەممە زوقمەن قارىشىدۇ.
مانا قاتار – قاتار كەتكەن ماگىزىنلار،
ھەر پۈكەيگە ئايشەم تويماي بېقىپ كېلەر.
بىر-بىرىدىن قىممەت باھا ئېسىل ماللار،
جۇلالىنىپ كۆزلىرىنى چېقىپ كېلەر.
پۇل سانايدۇ مەرتلىك بىلەن قەدىرلىكى،
ئېلىپ بېرەر ئايشەمگۈلگە يارىغاننى.
قايسى بىر قىز كەيسە كىيىم ئارقىسىدىن،
تالاي كۆزلەر ھەۋەس بىلەن قارىغانتى.
ئوخشمايدۇ ھازىرقىغا، ئۆزگىرىدۇ،
باشقىچىلا ئۇنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشلىرى،
يىللار ئۆتۈپ كەلسە يۇرتقا تونىمايمۇ،
قالار بەلكىم دوستى، ئۇلپەت-تونۇشلىرى.
توي خېتىمۇ ئېلىندى بىر ئىلاج بىلەن،
ئەللىك يۈەن پۇل بېشىغا سۇ قۇيۇلۇپ.
بىر كۈن بۇرۇن بېرىپ گۈگۈشى كادىرىنىڭ،
ئائىلىسىگە بىر كىيىملىك رەخ قويۇلۇپ.
ئۆيدىن ھەتتا ئايرىلىشنىڭ ئالدىدىمۇ،
كۈلدى ئايشەم، بىر تامچى ياش تۆكمىدى ئۇ.
ئېسىلمىدى ئانىسىنىڭ بوينىغا ھەم،
دادىسىنىڭ ئالدىدا تىز چۆكمىدى ئۇ.
تۆت كۆز بىلەن تەشنا بولغان شەھەرگىمۇ،
ئايشەم مانا تاقىتى تاق يېتىپ كەلدى.
ئالتە كۈنلۈك سەپەر پۈتتى ئالتە يىلدا،
مەنزىلگە ئۇ ئۆزىنى ئوقتەك ئېتىپ كەلدى.
لېكىن، ئايشەم قوللىرىنى قالدى چىشلەپ،
ئۇ ئەمرىگە ئۆتكەن ئەرنى، كۆرگىنىدە.
ئادەممۇ؟ يا شايتانمۇ؟ بىلەلمىدى،
بىر مەخلۇقات قاراپ ئاڭا كۈلگىنىدە.
يۈزى سوقا — ھاۋانچىنىڭ تېشى ئوخشاش،
چاچلىرىنى گەردەنگىچە قويىۋالغان.
قان دىدارى كۆرۈنمەيدۇ تەلەتىدە،
ئالمىقانداق كىيىم – كېچەك كىيىۋالغان.
ئوتتۇزلاردىن ئارتۇق يېشى، كەم ئەمەستۇ،
بىلدى ئايشەم دامىغا چۈشۈپ قالغىنىنى.
دىگىنىدەك تاللاپ – تاللاپ تازغا قاپتۇ،
ئۆز ئېشىغا ئۆزى توپا سالغىنىنى.
ئايشەمگۈلنىڭ ئەكسىچە دەل ئېرى ئۇچۇن،
ئانىسىنىڭ تاپقان مېلى ياراپ كەتتى.
دىدى: سەھرا مانتىسىكەن يامان ئەمەس،
بەز مارىغان مۈشۈككەبى قاراپ كەتتى.
تويمۇ بولدى بىر ئاخشىمى (ئىسمى تۆيدە)،
ئايشەمگۈلنىڭ قاپىغى ھېچ ئېچىلمىدى.
چەقتى يىغلاپ كەچ كىرگىچە ھېچكىمشىنىڭ،
چاقچاقىغا، كۈلكىسىگە قېتىلمىدى.

خۇدا يىمىنىڭ قۇتلۇق كۈنى ئېرى ئىشتىن،
هاراق ئىچىپ ئۈيگە غەرق مەس كېلىدۇ.
قارىغىنى بولامدىغان تەلەتىگە،
توپا - تەرەت بىلەن پۇراپ نەس كېلىدۇ.
ئېپ باقمايدۇ بىرەر ئاي ساق ئايلىغىنى،
ئۆتەر كۈنى قەرىز ئېلىش، بېرىش بىلەن.
يۈز-كۆز يىدىن ئۆكسىمەيدۇ جاراھەتلەر،
ئىشىك نىمە؟ بولار جىدەل-ئۇرۇش بىلەن.
گاهى قالار تومپۇيۇپمۇ ياناچۇقلىرى،
ئۇنداق چاغدا كۆپىيىدۇ ئۇلپەتلىرى.
ھەممىسىلا تاپتىن چىققان سالپا - ساياق،
بىكار تەلەپ نان قاپلىرى چوپقەتلىرى.
بار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ،
تۈن تەڭگىچە هاراق ئىچىپ ئولتۇرىدۇ.
ئويندىشىدۇ بەل تولغىما ئۇسۇللارنى،
ئۆي ئىچىنى سېسىق بۇسقا تولدۇرىدۇ.
بەزەن چاغلار يوقىلاڭ بىر سەۋەپ بىلەن،
بىر - بىرىگە قالىدۇ مۇش كۆتۈرۈشۈپ.
شىشە، رۇمكا، ئورۇندۇقلار چېقىلىدۇ،
ئايا قلىشار بەزەن، يۈز - كۆز كۆكۈرۈشۈپ.
بۇنى ئازدەپ پات-پات كەلەي قويار ئۆيگە،
ھەپتە - ھەپتە، بارمايدۇ ئىش ئورنىغىمۇ.
پەيدا بولار تۈيۈقسىزلا سۆزۈلۈپ ئۇ،
پالاز كەبى يارىمىغان ئوغرىغىمۇ.
كۆز يۇمغىچە بالا مانا ئىككى بولدى،
ئۆزى بىلەن ئۈچ ئادەمنىڭ نوپۇسى يوق.
ئۇشبۇ ئۆيدە ئاش پادىشا، نان ئەۋلىيا،
ئايدىن-ئايغا خالتا يىرىم، تەڭلە قۇرۇق.
ئەقەللىسى توغۇتىدا ھەر ئىككى رەت،
ئۇ ياخشىراق ئوزۇق بىلەن بېقىلمىدى.
ئىچەلمىدى ئون تۇخۇم، يا بىرەر جىڭ سۈت،
ئاتاپ ئاڭا بىرەر قازان ئېسىلمىدى.
قېنى ئەندى بىر چاغدىكى ئالما ئوخشاش،
نۇرلۇق چىراي ئوماق - تاتلىق زىنناق -
يۈزلەر.
ئولتۇرۇشۇپ قوزۇق قاققان كامار ئوخشاش،
قالدى، قاراپ تويمايدىغان خۇمار كۆزلەر.
قېنى ئۇنىڭ لىغىلدىغان كۆكسى ئاپپاق،
قالدى كۆينەك ئىچىدە ئۇ كولدۇرلاپلا.
بەدەنلىرى قالدى ئوخشاپ ساپايىغا،
كىيىملىرى تۇرار كەيسە شالدىرلاپلا.
قېنى بوستان چېچى ياپقان تېقىمىنى،
چۇشۇپ بولدى، بارماس قولى تاراشقىمۇ.
ماكان تۇتتى يىغا غۇنچە لەۋلىرىدىن،
ئۆيۈلىدۇ ئەينەككە ئۇ قاراشقىمۇ.
بىر چاغلاردا ياراپ كەتكەن ئامرىغىغا،
تويدى ئېرى، كەتتى بەكمۇ ئوساللىشىپ.
ھەدىسىلا تۆت سەر ئىچىپ ئايشەمگۈلنى،
دۇمبالايدۇ، دەشنام بېرىپ جىدەللىشىپ.
شۇنداق قىلىپ چىقتى ھەۋەس سېزىگىدىن،
ئايشەمگۈل چوڭ شەھەرنىمۇ كۆرۈپ تويدى.
ئېزىدىز ئىككەن تاشمۇ چۈشكەن يېرىدىلا،
بەڭۋاش خىيال كەينىگە ئۇ كىرىپ تويدى.
ئۆز - ئۆزىگە ياغدۇرىدۇ تەۋقى - لەنەت،
ئابلىمىتنى ھەر بىر ئەسكە ئالغىنىدا.
ئۇنىڭ پىكرى، ئۇنىڭ زىكرى بولار ھەمرا،
غېرىبىنىپ ئايشەم يالغۇز قالغىنىدا.
بولغان بولسام ئابلىمىتكە ۋاپادارەن،
بىر بەختلىك ئۆي ئىگىسى بولالايتتىم.
مەيلى ئىدى ئوماچ ئىچسەم، زاغرا يىسەم،
تارتىنماستىن تەڭلىگە قول سالالايتتىم.
مەيلى ئىدىكە تىمەن چاپسام، تاغار يۆتسەم،
قاتاردا ئەل - يۇرتۇمنىڭ ماڭالايتتىم.
كەيسەممۇ بوز رەختتىن كىيىم، لېكىن
تۇرمۇش،
مۇھەببەتتىن ھوزۇر - لەززەت ئالالايتتىم.
كېتەي دىسەم ئەندى نىمە ئىلاج - چارە،
قاي يۈزۈمدە ئەل كۆزىگە قارايمەن.

ئۈلگىنى ئىت ئىگىسىگە كۆرسەتمەپتۇ،
دوست-دۈشمەنگە كۈلكە-پاراڭ بولايمۇ مەن.
ئىككى بالام يەنە كىمنى دادا دەيدۇ،
دېدى ئايشەم ھەر بىر ئازاپ تارتقىنىدا.
ھەپتە-ھەپتە تېرىلىك تاپەك سىپسىق پۇراپ،
تاياق دەردى بىلەن قاخشاپ ياتقىنىدا.

6

رەۋىخاچام ئەنە ئەشۇ كۈندىن بېرى،
تۇرالمىدى، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.
قويدى ئانا ئۆزىنىمۇ يوقۇتۇپلا،
ئابلىمىتنىڭ بېشىمۇ ھەم قېتىپ قالدى.
ئىنىسى ۋە ھەمشىرىسى كىچىك تېخى،
نەچچە كۈنلەپ ئۆيدە قازان قاينىمىدى.
رەۋىخاچام ئىچەر سوغۇق سۇنى قانماي،
ئېغىزىغا گىيا سېلىپ چاينىمىدى.
ئاھ! ئەشۇ كۈن ھەس قىلىندى ئابلىمىتنىڭ،
بېشىغا بىر چوڭ تاغ غۇلاپ يىقىلغاندەك.
ئايشەمگۈل ۋە گۈلسۈم ئاچا يۈزسىزلىكى،
يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ تىقىلغاندەك.
ئابلىمىتجان دېدى: قىزلار بولسا شۇنداق،
خوتۇن كېپىن ئېغىزغىمۇ ئالالماسمەنا.
جاھاندىن مەن تاق ھالەتتە ئوتۇپ كېتەي،
ئۆي تۇتمايمۇ يەنە ئۆلۈپ قالالماسمەنا.
بىراق ئانا قايتا - قايتا ئابلىمىتكە،
ئېيتتى بالام: ئەندى مەن ھېچ بولالمىدىم.
ۋاقىت يېقىن، بولما ھەرگىز خام خىيالدا،
ساقىيىشقا ھەرگىز ئىشەنچ قىلالمىدىم.
جاھالەتنىڭ يېتەر، شۇنچە قىلغىنىڭمۇ،
كۆزۈم ئوچۇق ئوتكەشاپ قوياي مەن بېشىڭنى.
ئۆكىلىرىڭ كىچىك تېخى مەندىن كېيىن،
قالغىنىڭدا ئۆتكۈزۈشچۈن تۇرمۇشۇڭنى.
ئابلىمىتجان گەپ قىلمىدى بىراق ئۆزىن،
ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىۋەتتى.
ساقىيىمسىز ئانا، دىكرەي گېپىڭىزگە،
دەندار كەبى بۇقۇلداپ ئۇ يىغلىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئابلىمىتنىڭ تويى بولدى،
لېكىن، تويمۇ ياكى ھازا بىلمەيدۇ ئۇ.
تەبرىكلەشكە كەلگەن ئەھلى جامائەتنىڭ،
دوستلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ كۈلمەيدۇ ئۇ.
كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولۇپتۇ دىگىنىدەك،
رابىتلىرى ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇشمىدى.
بىرى گۆش-ياغ، بىرى گۈرۈچ غېمىن قىلدى،
بۇ توي خېلى مەرىكىدىن قېلىشمىدى.
راستلاندى كەڭ ئەلنەغمىلەر سورۇنلىرى،
چېلىندى ساز راسا كۆڭۈل قانغۇچىلىك.
ئۇسۇل، مەشرەپ "غوجا گېپى"، قىزىپ كەتتى،
تاڭدىن تارتىپ تا خۇپتەندىن يانغۇچىلىك.
نىمە بولدى، بۇ كۈن ئەترەت باشلىغىمۇ،
ئېيتىمز - ئىمشقا ھېچ كىشىنى چىللىمىدى.
يارىمىدى ھەم سازەندىلەر داپلىرىنى،
ھېچ كىشىنى ياقاسىقىپ تىللىمىدى.
تەۋرەپ كەتتى ئەل-جامائەت، ياشۇ-قېرى،
قويالمايلا قالدى يەرگە ئۆزلىرىنى.
"بېقىشىڭلار بالىلىرىم" دەپ توي ئېشىغا،
ياساندۇردى ئوغۇللىرى - قىزلىرىنى.
رەۋىخاچام گويا شۇ كۈن خوشاللىقتىن،
بولۇپ قالدى سەللىمازا ساقايغاندەك.
ھەس قىلدى ئۇ ئوغۇل بېقىپ تويىن قىلىپ،
ئەل ئالدىدا ئەندى تىلى ئۇزارغاندەك.
ئەنە شۇ توي سۆز چۆچىگى پۈتۈن يۇرتقا،
ھەپتە ئايلاپ پاراڭ-چۆچەك بولۇپ كەلدى.
لېكىن، ئەشۇ داغدۇغۇلۇق كاتتا بۇ توي،
ئابلىمىتكە ئەلەم-كۈلپەت ئېلىپ كەلدى.
نىمىكىن تاڭ، كېچە-كۈندۈز بىر نەرسە بار،
قوسىقىدا يەيدۇ غاجاپ يۈرىكىنى.
ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ دەرتلىك ئاھ ئۇرىدۇ،
ئېسىلدۇرۇپ - ئېسىلدۇرۇپ كۆكرىكىنى.
ئاڭا خوتۇن بولۇپ تەككەن بىچارە قىز،
ئېرىدىن بۇ خورلۇقلارنى كۈتكەنمىدى؟
ئەلەمسا قىتىن تارتىپ قىز ۋە يىگىت تويى،

سوغۇقچىلىق بىلەن مۇنداق ئۆتكەنىدى؟
ھەپتە ئۆتمەي تويى بولۇپ ئابلىمىتتىن،
يىدى تاياق يۈز – كۆزلىرى كۆكەرگىچە.
رەۋىخاچام تەستە ئاڭا بولدى ھامى،
دۇمبالاندى ئاران – ئاران كۆتەرگىچە.
چىققىنى كېلىن نەچچە كۈنلەپ يىغلاپ لېكىن،
ئۆز ئۆيىگە يامانلاپمۇ كەتمىدى ئۇ.
ھەم تۇرتىمىدى ھېچكىمگە قاپاق ياكى،
ھېچكىمگە ئەرزى ئەھۋال ئېيتمىدى ئۇ.
چىقىپ قاپتۇ ئازراق پۇرسەت كىتاپخانىغا،
كېلىننى بىر تونۇشتۇرۇپ كەتسەمىكەن.
ئىسمى نېمە؟ كىمنىڭ قىزى، رەڭگى-روھى،
قالمىسۇن سىر بولۇپ، سۆزلەپ ئۆتسەمىكەن.
قىز ئىمىزنىڭ ئىسمى مەريەم خوشنا كەنتتىن،
ھەسەن ئاكا ئاتلىق يۇۋاش دېھقان قىزى.
ۋالىدەسى كىچىكىدە قازا تاپقان،
ئۇ بىر ئۆينىڭ ئۈممىت شامى، ئىشەنچ-كۆزى.
ئۆيلەنگەن ھەسەن ئاكام قايتا يېتىم،
چۆچەكنى پوكىنىغا بېسىپ كەلگەن.
پۇراپ ئۇنىڭ تىنىقىنى ئاخشاملىرى،
كۈندۈزلىرى قۇلىغا قىسىپ كەلگەن.
تولۇق قىلىچە ئوقۇپ مەريەم قاتنىشىدى،
بىراق ئالى مەكتەپلەرنىڭ سىنىقىغا.
دادىسىنى يالغۇز تاشلاپ نەگە بارسۇن،
دېھقان بولۇپ كەلدى يۇرتى قۇچىقىغا.
دادا قەلبى ئورتىنىدۇ چالىملىقتا،
مەريەم يوغان قاپنى يۈدۈپ يۈرگىنىدە.
كۆزلىرىدە ياش كېلىدۇ قىزى شۇچاغ،
قاراپ ئاڭا ئوماققىنە كۈلگىنىدە.
ماختاپ ھارماس يۇرتتا ئۇنى ئەر ۋە ئايال،
تىلدا داستان ئەخلاقى ۋە ئوچۇقلىقى.
بار دېگەندە ئەيىپ ئەگەر مەريەمگۈلدە،
ئۇ بولسىمۇ سەل جانسىزراق، ئورۇقلىقى.
يېتىمچىلىك... دادا قانچە قىلغان بىلەن،
قىز بالىغا بولمايدىكەن ئانىسىدەك.

چىرايىغا بارمايدۇ قان ئاسىرىسىمۇ،
ئۇنى بوۋاي يېڭى باغنىڭ ئالمىسىدەك.
لېكىن، تاتلىق بىر يېقىملىق تەبەسسۇم بار،-
ئۇنىڭ يەردىن ئىگىز باقماس كۆزلىرىدە.
تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقى تۇتقىنىدا،
قوندۇرغان خال نۇرلىنىدۇ يۈزلىرىدە.
قولى بەكمۇ چەۋەر – چاققان ئۆي ئىشىغا،
ئۈلگىسى ئۇ مەھەللىنىڭ قىزلىرىنىڭ.
نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىدا،
قالسىكەن ئۇ كېلىنى بوپ ئۆزلىرىنىڭ.
ھەسەن ئاكام ئويلايدىكەن نېمىنى تاڭ،
كەلگەن نەچچە ئەلچىلەرنى ياقتۇرمىدى،
ياقتۇرمىدى دېگىنىمدە بوۋاي ھەرگىز،
پۇلى بارنى، يۈزى بارنى ئاختۇرمىدى.
ئويلىغىنى ھامان ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن،
يېتىملىكتە ئۆسكەن بىرەر ئوغۇل بولسا.
قولى قىسقا بولسا چاغلىق كارايىتى،
بوۋاي ئۇنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالسا.
مەريەمگۈلنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارىمۇ يوق،
يۈرىۋەردى ھېچ نەرسىنى بىلمىگەندەك.
قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوتقا تاشلىمايدۇ،
بولسۇن ئېشىم دەيدۇ دادام ئويلىغاندەك.
ئىككى ئايىپ دېگىنىمدەك رەۋىخاچام،
تەربىيەدىن ئۆيگە ئەلچى كەلگىنىدە.
ئابلىمىتنى ھەسەن ئاكام ئاتايتىن،
ئېزىز ئىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر كۆرگىنىدە.
ئۈچىنچى رەت ئۈزدى گەپنى "بولىدۇ» دەپ،
مېھمانلارنىڭ سۆزىگە سۆز ئۇلاپ تۇرۇپ.
ئېچىلغاندا تويلۇق گېپى، ھەسەن ئاكام،
كۈلۈپ كېتىپ، ساقىلىنى تاراپ تۇرۇپ.
دېدى: پەقەت ماڭا ئوغۇل يارىسىلا،
تويلۇقىنىڭ ئاز-كۆپلىگى، كارى چاغلىق.
قىزىم كۆڭلى سۇ ئىچسىلا بولدى ئەردىن،
بولىۋالسا كۆزۈم ئوچۇق، ئۆي-ئوچاقلىق.
ئولتۇرمىدى قاراپ يەنە رەۋىخاچام،

ھەسەن ئاكام ئاز كۆرمەدى ئالغىنىنى.
ئوغۇل تەرەپ بىرنى ئالسا ھەسەن ئاكام،
تۆتنى ئېلىپ تولۇقلىدى، قالغىنىنى.
ئەپسۇس ئۆتتى تويمۇ بولۇپ ئاي ئارىدىن،
ئابلىمىتنىڭ چىرايى ھىچ ئېچىلمايدۇ.
چىقىپ كېتەر ئۆيدىن توخۇ چىللىماستا،
تۈن تەڭگىچە مەھەللىدە تېپىلمايدۇ.
مەريەمگۇلمۇ بىر-ئىككى رەت نىيەت بۇزدى،
ئۆيلىدى ئۇ ئىبرالىشىپ كېتەيمۇ دەپ.
ئۆيلىدى ھەم ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىپ،
كىملەر ئوخشاش كەش يەڭگۈش بوپ ئۆ-
تەيمۇ دەپ.
خۇدايىم بار، ئىنساپ بىرەر ئابلىمىتكە،
قىلاي كېسەل قېيىنئانام يۈزىنى مەن.
تۇرىدۇ ھەم ئاران دادام بىچارىمۇ،
ياشلىمايلا قوياي ئۇنىڭ كۆزىنى مەن.
رەۋىخاچام بىر كۈن يېتىپ، بىر كۈن قوپۇپ،
كەتتى ئاخىر بىراقلا بەك ئاجىزلىشىپ.
مۇقىملاشتى كۆرىدىغان كۈنلىرىنىڭ،
قالغانلىقى ئەندى تۈگەپ-ئاخىرلىشىپ.
ئېلىپ باردى دوختۇرلارغا نەچچە قېتىم،
بىراق دورا، ئوكۇل تەسىر ئېتەلمىدى.
ئەزرايىلنىڭ قارا، دەھشەت كۆلەڭگۈسى،
باش ئۇستىدىن ئايرىلىپلا كېتەلمىدى.
ئايرىلمىدى مەريەم قېيىنئانىسىدىن،
ئېرىنمەستىن ئەتتى كېسەل ئېشىنى ئۇ.
ھەپتە - ئايلاپ تەرىتىگە قاچا تۇتتى،
ۋاقتى - ۋاقتى يۇدى تاراپ بېشىنى ئۇ.
ساتتى ئانا ھىراس ئالتۇن زىرىسىنى،
ئاكا گۆش-ياغ، تۇخۇم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن.
ئابلىمىتكە تۇتقازدى چىلەك ھەسەن ئاكام-
بەرگەن پۇلنى خەج-خىراجەت قىلىش ئۈچۈن.
ئۈزىدىغان چېغىدا جان رەۋىخاچام،
تولدۇرۇپ لىق ياشقا خۇنىز كۆزلىرىنى.
ئابلىمىتكە قالدۇردى ئۆز ۋەسىيىتىن،
سىلاپ جانىمىز قولى بىلەن يۈزلىرىنى:
مەندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ياش چىقارساڭ-
ئايالىڭنىڭ، باققىنىمدىن ئەمەس رازى.
ئولتۇرىمەن گۆردە ئۆرە قىيامەتتە،
ئېسىلىمەن ياقاڭغا مەن، خۇدا قازى.
رەۋىخاچام ھازىسىمۇ ئۈزۈ تولدى،
ئاقتى دەريا ياشلار مەريەم كۆزلىرىدە.
ۋاپادارلىق خىسلەتلىرى بولدى داستان،
ئۇنىڭ ئەل-يۇرت ئانىلارنىڭ سۆزلىرىدە.
ئىنىسىمۇ، سىڭلىسىمۇ ئابلىمىتنىڭ،
خان ئاچىسى ئۈچۈن ئوبدان كۆيۈپ قالدى.
مەريەمگۇلمۇ ئۇلار بىلەن ئېچىكىشىپ،
بىر قېرىندىن چىققان تۇققان بولۇپ قالدى.
سادىرجاننىڭ كىيىمىگە قونسا غۇبار،
ئايشەم ئۇنى كىر يىگىدە قېقىپ كەلدى.
كۈزەلنۇرغا يېتەلمىگىنى بىلدۈرمىدى،
ياساپ-جابدۇپ، باغرىغا چىڭ يېقىپ كەلدى.
يىلدىن-يىلغا چۈشمىسۇن دەپ قەرزدۇيدىن،
بىرەر كۈنمۇ ئارتۇق ئارام ئېپ باقمىدى.
كەلدى نەچچە ھېيت بايرام ئابلىمىتكە،
كىيىم - كېچەك ئالۇدىنى سېپ باقمىدى.
ئانا بولدى مانا ئەندى ئۈچ بالىغا،
دەسلەپكىسى قوشماق، ئىسمى ھەسەن-
ھۈسەن.
تۇغدى يەنە مانتىدەك بىر قىزنى تالىق،
قېتىلمىشتى ئۇلار تۆزگە ئامان - ئېسەن.
تۆت كۆيدۈرگە يوقۇ تولۇپ دىخانلارغا،
سائادەتلىك زامان قۇچاق ئېچىپ كەلدى.
بولدى بېت - چىت پۇت - قولدىكى كىشەن،
زەنجىر،
ئەرك تېگى ئالتۇندەك نۇر چېچىپ كەلدى.
بولدى پەيدا چوڭ ئۆزگىرىش يېزىلاردا،
ئاتتى چېچەك گۈزەل ئارزۇ يۈرەكلەردە.
باي بولۇشنى يوللۇق دېگەن ئادىل شۇئار،
بەردى ئىلھام كۆڭۈلگە، كۈچ بىلەكلەرگە.

ئابلىمىتكە تەگدى زېمىن يىگىرمە مو،
تۇنجى يىلى كۆردى ئەجرى مېۋىسىنى.
بىر مو يەرگە تېرىپ ساتقان ئوتياش پۇلى،
بىلەن ئاۋۋال ئۆيلىۋالدى ئىنىسىنى.
كېلەر يىلى 3 مو يەرگە تاۋۇز تېرىپ،
پۇلىغا بىر توك جۇۋىزى چۆرۈۋالدى.
بىر يىلدىلا جۇۋاز پۇلى كەلدى قايتىپ،
پايدىسىنى تىراكتورغا ئۆرۈۋالدى.
ئۈچ يىلدىلا ئىككى مو يەر قەلەمچىسى،
ئورمان بولۇپ بەش مىڭ سومغا ياراپ قالدى.
بەزىلەر ئۆز قۇيرىغىنى تالاپ قالدى،
بەزىلەر ھەم ساقىلىنى تاراپ قالدى.
ھەر يىلى ئۇ مىڭ يۈەنگە كېۋەز ساتتى،
تېرىقچىلىق قىلىپ ئىلمى ئۇسۇل بىلەن.
بۇغداي، قوناق ئۆيلىرىگە قالدى سىغماي،
قولى ئۇزىراپ باردى ئالغان ھوسۇل بىلەن.
نەچچە يىللاپ بۇ ھويلىدا بېقىلمىغان،
بىرەر مۈشۈك چېچى ھەتتا ھاراملىققا—
قوي دىگەنغۇ يەتتە تاغنىڭ ئارقىسىدا،
بىرەر چۆجە، يېتىم ئوغلاق ھالاللىققا.
قوي - قوزىلار قالدى پاتماي قوتانلارغا،
بوغۇز يەيدۇ ئېغىلدا كالا ئونلاپ.
مىڭ كوي پۇلغا ئالدى بىر ئات ئوغلاق تار -
تىش—
ئۈچۈن سادىر نەچچە بازار كېزىپ خىللاپ.
ھەممىدىن بەك خۇشاللىق ئىش ئۆتكەن يىلى،
گۈزەل تىبىبى ئىنىستىتوتقا مېڭىپ كەتتى.
ئېھ، ئەشۇ كۈن خۇشاللىقتىن مەريەم ئۇنى،
قۇچىغىدىن ئاجراتماستىن سۆيۈپ كەتتى.
تۇرمۇشىدىن رازى تولۇق مەريەمگۈلمۇ،
ئابلىمىتتىن قىلچە ئازار يىمەيدۇ ئۇ.
چۈشىسە ئەسكە بۇرۇن كۆرگەن زۇلۇملىرى،
ئۆڭىمۇ بۇ ياكى چۈشى بىلمەيدۇ ئۇ.
بىر چاغدىكى ئورۇقلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق،
كۈندىن-كۈنگە يۇپ - يۇمىلاق بولۇپ بارار.

كېيىملىرى ئايدىن - ئايغا تارلىق قىلار،
تېنىگە ئەت، ھۆسنىگە نۇر قونۇپ بارار.
كەلدى ئۆيگە يانتۇرۇپ ئۇ دادىسىنى،
ئابلىمىتمۇ بوۋايغا بەك كۆيۈنىدۇ.
قېرىغاندا كۆرگەن راھەت - دۆلىتىدىن،
ھەسەن ئاكام كۆڭلى شۇنچە سۆيۈنىدۇ.
ئابلىمىتجان ھەر بىر قېتىم باققىنىدا،
مېھرى بىلەن مەريەمگۈلنىڭ كۆزلىرىگە.
قانماس كۆڭلى قاراپ-قاراپ ئالدىدىكى،
پەرىزاتنىڭ لالە گۈلدەك يۈزلىرىگە.
نىمىشكىمۇ يۈرگەندىمەن دەيدۇ شۇ ھۆر،
جامالىنى بۇرۇنراق مەن كۆرەلمەستىن.
زىنىغىنىڭ يېنىدىكى يارىشىملىق،
ھەگلىرىگە تاتلىق - تاتلىق سۆيەلمەستىن.
بازغانى كەبى مۇشتۇم بىلەن دۇمبالىغان،
راستىن مۇشۇ نۇرلۇق قەمەر - ھىلالىمىكىن؟
پەشۋالىرىم بىلەن تېپىپ پايخان قىلغان،
مۇشۇ جانان مۇشۇ قەددى نىھالىمىكىن؟
ئەشۇ خىيال، ئەشۇ ھىسلار بىلەن ئىككى،
ئوتلۇق نىگاھ ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە.
گويا يېڭى توي بولغان قىز - يىگىتتەك،
قويار ئاتەش لەۋلىرىنى لەۋلىرىگە.

7

تۈنجى جەڭدە جەمىيەتنى تۈزەشتىكى،
ئايشەمگۈلنىڭ يولدىشىنى ئېلىپ كەتتى.
ئەل-جامائەت زار قاقشىغان مۇشتۇمزور–
نىڭ،
قوللىرىغا پولات قىسماق سېلىپ كەتتى.
شەھەردىمۇ ئايشەمگۈلگە تۇرۇش ئورنى؛
قالمىدى، ئۇ، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەلدى.
كەتكىنىدە يېزىسىدىن ئۇچۇپ كۆكتە،
ئەندى يەردە يۈزى بىلەن مېڭىپ كەلدى.
گۈلسۈم ئاچا كۆرگىنىدە ئايشەمگۈلنى
ئاچچىق ھازا، يىغىسىنى باشلىۋەتتى.
دەسلەپتە تونۇمىدى، بىراق كېيىن،

ئۆزىن قىزى قۇچىغىنا تاشلىۋەتتى.
ماھۇتكا مىنىلگ ئاچچىغىمۇ بېسىلمايدۇ،
ھەر ئىككىسىدىن ئېزىدىدا چايىنىسىمۇ.
لېكىن، ئەندى خىش قېلىپتىن چىقىپ بولدى،
نىمە پايدا قانچە قاخشاپ قايىنىسىمۇ.
دىدى قىزىم قايتىپ كېلىپ ياخشى قىپسەن،
ئەمدى بىزنى ئۆز قولۇڭچە بېقىپ قالغىن.
ئەستە تۇرسۇن بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى يوللار،
ئۆيىمىزنىڭ چىرىغىنى يېقىپ قالغىن.
كۆش دىگەن شۇ دىدى بوۋاي ئەتىسىلا،
پىچاق سۇرۇپ بىر پاقلاننى سويىۋەتتى.
بىر سۆكەكنى نەچچەسا ئەت شۇمىدىغان،
بالىلارمۇ كۆشكە تويۇپ «ھۆ» دىۋەتتى.
ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىغۇ كەلسە مېھمان،
پەتە ئۇچۇن ئۆيىدىن-ئۆيگە چىللايدىغان.
سەيلىلىرى قىزىپ كەتتى ئايشەمگۇلنىڭ،
كۇنلەپ-كۇنلەپ بولدى ئۆيدە قالمايدىغان.
بولدى ھەيران ئۇ شۇ نېچىلىك كۆرگىنىدە،
يېزىلارنىڭ بۇگۇنكى بۇ ھالىتىنى.
دىخانلارنىڭ نۇر چاقنىغان رەڭگى، روھى،
بەلنى رۇسلاپ، كۆتۇرۇلگەن قامىتىنى.
ئۆز قولىدا ئەركىنلىكى ھەر كىشىنىڭ،
دولقۇنىغا دەپ تۇندە ئىشىك قاقمايدىكەن.
يوقولۇپتۇ پىپەن، كورەش يىغىنلىرى،
ھىچكىم بىراۋ شىللىسىنى باسمايدىكەن.
قىز-جۇگانلار ئەندى گويا سەن ئەمەسمەن،
چىرايلىقلار ئەسلى بىلسەڭ يېزىدىكەن.
قىزلار بەختى-ئىشتا پىشقان مەكزى ئانار،
يىگىتلەرنىڭ چاقماق كەبى كۆزىدىكەن.
بىراق، ئايشەم كۆرسە ھەر رەت داديسىنى،
يۇرەك باغرى ئەلەم بىلەن ئېزىلىدۇ.
شۇ بىچارە، شۇ بىتالەي ئالدىدا ئۇ،
كەچۇرگىسىز گۇناھكاردەك سېزىلىدۇ.
قېنى ئۇنىڭ زەپ كېلىشكەن گىرويقەددى،
ئوقتەك قامەت ياغا ئوخشاش ئېگىلىپتۇ.
ئاقىرىپتۇ ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ،
يۇزىدىكى قورۇقلارمۇ ئۇلغىيىپتۇ.
ئەسلى خېلى ھاللىق ئىدى بۇ ئائىلە،
يۇرت ئالدىدا ئەندى بويۇن قىسىپ قاپتۇ.
دىمەك ئايشەم مازاق قىلغان پەلەكتەقدىر،
بوۋىدە ئۇلاردىن ئۆز ئۇچىنى ئاپتۇ.
ئانىسىمۇ دىگىدەك بەك ساق ئەمەسكەن،
ھەممە جەۋرى دادىسىغا يوكلىنىپتۇ.
داۋالىنىپ دوختۇردا كۆپ-چىقىم تارتىپ،
قولىدىكى ۋەسلى بىر يول ئۆكلىنىپتۇ.
دىمىسىمۇ ئايان دادا تارتقان جاپا،
ئاسان ئىشمۇ دىخانچىلىق قىرىغاندا.
نىمە كۇنلەر كۆرمىدى ئۇ ئوما ئوروپ،
تەنھا خامان سوروپ، يەرلەر تېرىغاندا.
ھېلىمۇ ھەم باركەن تېخى ئابلىمىتجان،
ماھۇتكامنىڭ قولىنى كۆپ سوۋۇتتى ئۇ.
ھەيدىدى يەر، تەپتى خامان تىراكتوردا،
بوۋاي ئۇچۇن كېچىلەردە سۇ تۇتتى ئۇ.
شۇنداق چاغلار ماھۇت ئاكام چۇشلىرىگە،
بۇرادىرى ساۋۇت ئاكام كىرىپ كېلەر.
ئويغىنار ئۇ ئۆز-ئۆزىگە نەپرەت ئوقۇپ،
ھەسرەت بىلەن ساقىلىنى يۇلۇپ كېلەر.
مەن قىلغاننى قىلىمىدى ئۇ دەيدۇ دائىم،
ئابلىمىتكە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قاراپ.
ئىككە نىسەنىغۇ ھەقىقى بىر ئوغۇل بالا،
ئەپسۇس مەنچۇ، بىر بوش مەيسە، لاتىسا
غىلاپ،

8

قېنى بېقىڭ، گۇلسۇم ئاچا، ئېلىڭ ئايشەم،
دەيدۇ مەريەم ئۆيگە ھەر بىر كىرگىنىدە.
مېھمانلارنىڭ داستىخاندىن قولىن تارتىپ،
تارتىنىشىپ قالغىنىنى كۆرگىنىدە.
ئون ئۇچ جەگە بىلەن ياپقان مېھمانغانا،
ۋاسا جۇپلۇق، ئاقار تىلغان كاتتاكەتكەن.
ئىشىك-دېرىزە يېشىل سىردا سىرلانغان،

تاملىرىغا گەج سۇۋۇلۇپ نەقىشچەككەن.
ئىككى تامدا چوغدەك گىلەم، ئانارگۈللۈك،
تۇرار چاقناپ، ھۈنەردىمۇ كامال تاپقان.
كىيىم ئاسقۇچ، ئىشىك-دېرىزە ئويۇقلارغا،
رىشىلىيە ئىشلىتىلگەن پەردە ياپقان.
پەردىمۇ ھەم كەلگۈن نۇسقا بىرجۈپ گىلەم،
زىننەت بېرىپ ئۆيگە شۇنچە يارىشىپتۇ.
دۇخاۋىدىن يوتقان كۆرپە - يىمكەندازلار،
بىر - بىرىدىن ھۆسۈن رەڭلەر تالىشىپتۇ.
بىر بۇلۇڭدا چوڭ ئەينەك كىلىك ئۆرە جاۋەن،
قىلىۋەتكەن ئۆي ئىچىنى ھەشەمەتلىك.
دېرىزىدە ئۇنىڭ لىغۇ شوخ سايرىماقتا،
قىلىپ شۇنچە خانانى ئۇ سەلتەنەتلىك.
تۇرار چىقىپ مەخمەل پەردە ئارىسىدىن،
تېلېۋىزورنىڭ كۈمۈش رەڭلىك ئانتېنناسى.
كۆز ئالدىدا ئايشەمگۈلنىڭ گويا بىر چۈش،
ئويلىمىغان گۈزەل تۇرمۇش كارتىنىسى.
ئالدىدىكى بەرىكەتلىك داستىخانغا،
دازى-نېمەت تىزىلغانكى ئاجايىپ مول.
گۈل چىقىرىپ ياپقان سامسا، قاتلىمىلار،
ھەسەل، ئەنجۈر، ئۈزۈم، قوغۇن، ئانار،
شاپتۇل.
جىلۋە بىلەن مەريەم كىرىپ كەلدى ئۆيگە،
ھالاۋا ئېلىپ بۇزۇپ ئايشەم خىيالىنى.
ئوخشۇتۇپ پىراق ئېيتەلمىدىم دىدى سۇنۇپ،
مېھمانلارغا پەتنۇستىكى پىيالىنى.
ئارقىدىنلا كىردى مانا شورپا مېزىلىك،
شورپىغا ھەم قىيما ئۈگرە ئۇلىشىپلا.
قالدى تويۇپ قوساقلارمۇ غىققىدىلا،
گۈلسۈم ئاچا دىدى كايىپ كېتىشىپلا.
نەدىكىنى دىدى مەريەم ئايشەمگۈلنى،
ئۆيگە كىرىپ چىقالىمۇ دېيەلمىدۇق.
بەك سەت تۇردى، تولا خىجىل بولۇپ قالدىم،
خوشنىچىلىق يۈزىنىمۇ قىلالمىدۇق.
خوش دېسىمۇ مېھمانلار ھېچ ئۇنىمايدۇ،
مەريەم بىردەم تۇرۇپ بەرسىلە دىگىنىچە.
قويۇق-سۇيۇق قىلماي مېھمان ئۇزىتامدىم،
كۆزلىرىنى ئوينۇتۇپ شوخ كۈلگىنىچە.
كىرمەس ئايشەم قولىغا بۇ پاراڭلار،
ھەممە گەپنى ئېيتىۋارسىز قالدۇرىدۇ.
ئۆزىدىن شۇنچە تۇتىۋالاي دېسىمۇ ئۇ،
كۆڭۈل سىرىن مەريەمگۈلگە چاندۇرىدۇ.



ئايشەمگۈلنىڭ كۆزى ھەر رەت چۈشكىنىدە،
ئالدىدىكى كۈندىشىنىڭ يۈزلىرىگە.
كۆرىدۇ مەريەم ئەندى پورەك بولغان،
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك كۆزلىرىگە.
ئىككى مەگزى گويا ئالما، گويا توغاچ،
ئوخشىماس ھېچ ئۈچ بالىنىڭ ئانىسىغا.
يۈزلىرىدە نىمە قىلسۇن قورۇق دىگەن،
لىۋى تەقلىت خۇددى ئانار دانىسىغا.
ئەگىمە قېشى بەرگى قىياق، مەخسۇسلا ئۇ،
ئايشەمگۈلنى مازاقلاشقا يارالغاندەك.

كىرپىكلىرى تال ـ تال ئايشەم يۈرىكىگە،
تۆيۈلىدۇ خەنجەر بولۇپ قادالغاندەك.
تولغان كۆكسى، ھەر تولتۇرۇپ ـ قوپقىنىدا،
مەريەمگۈلنىڭ ئەجەپ نازۈك لىغىلدايدۇ.
ئوينىغاندا بەللىرىدە بوستان چېچى،
ئايشەمگۈلنىڭ يۈرەكلىرى جىغىلدايدۇ.
زەپ ياراشقان كىيىملىرى خۇش پىچىملىق،
لىقلا كەلگەن يۇپ ـ يۇمۇلاق قامىتىگە،
بىر دەم ئايشەم باقا ئۆزىنىڭ ھالقىسىغا،
باقار بىردىن قولىدىكى سائىتىگە.
كىردى مانا سوزۇلغان ئاش، قالدى لېكىن،
بۇ تاماقۇ يېيىلمەستىن شۇ پېتىچە.
مېھمانلار سەل سالقىنداشىچۇن چىقىپ ئۆيدىن،
كىردى باققا ئۇلار سەھرا ئادىتىچە.
بىر يېرىم موكۆلىمىدە بۈك ـ باراقسان،
يېڭى ئەھيا بولغان شۇنچە كېلىشكەن باغ.
نە باغكى ئۇ گوياكى بىر باغ رىزۋان،
بۇلبۇل خۇشال خەندە ئۇرۇپ كۈلۈشكەن باغ.
ھەر خىل مېۋە بىر ـ بىرىدىن ئېسىل سورتى،
بولۇقلۇقتىن شاخلار ئۇچى يەرگە تەككەن.
ئۈزۈم دېگەن ئاسماق ـ ئاسماق بېدىشلەردە،
ئەنجۈر راسا قىيام باغلاپ پىشىپ كەتكەن.
كۆنگەي تامدا ئۈچ يول ئانار، مېۋىلىرى،
كۆپلىگەندىن سېپىنى ھەيران ـ ھەس قىلىدۇ.
چۆنەكلەردە ھەر خىل گۈللەر كەتكەن ياشناپ،
خۇشپۇرىقى دىماقلارنى مەس قىلىدۇ.
گەر يەي دېسەڭ نېمە تىلەرنى قوسىغىڭ توق،
يېمەي دېسەڭ دىلدا بىر ئوت دەرت قالىدۇ.
ئۆتكىنىڭدە ئارىسىدىن شاپتۇللارنىڭ،
ھەر بىر نوتا نىگاھىڭنى ئېلىپ قالىدۇ.
چىقتى ئوزاپ ئايشەمگۈل ۋە گۈلسۇم ئاچا،
قالدى پولۇ ئىككى كاپام يېيىلمەستىن.
ئابلىمىتجان كىردى ئۆيگە مېھمانلارغا،
سالغان كۆرپە ـ داستىخانلار يىغىلماستىن.

بىر قاراپلا چۈشەندى ئۇ ئايالىنىڭ،
ئاخىر يەنە دېگىنىنى قىلغىنىنى.
سۆرىمىدى ھېچ زۇۋان، لېكىن بىلدى مەريەم،
ئابلىمىتنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قالغىنىنى.
كەچتى شۇ ئان خىيالىدىن ئاخشامقى ئىش،
ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن.
ئالدى ئۇلار خېلى ئوبدان قىزىرىشىپ،
ھەر ئىككىسى ئۆز سۆزىنى قارار ئەتكەن.
دېدى مەريەم، بىزلا قالدۇق سەت تۇردى بەك،
ئايشەمگۈللەر ئۆيىمىزگە كىرىپ كەتسۇن.
ئابلىمىتجان دەيدۇ ئۇنداق مېھمىنىم يوق،
خوشنىچىلىق يۈزى، پەتە قۇرۇپ كەتسۇن.
ئابلىمىتجان كەتتى چىقىپ تاڭ سەھەردە،
مەريەمگۈلگە دېدى: چۈشتە كېلەلمەيمەن.
بىلدى مەريەم ئابلىمىتنىڭ ئويلىغىنىنى،
ئايشەمگۈلنى بوسۇغامدا كۆرەلمەيمەن.
بولدى مەمنۇن مەريەم غالىپ چىققىنىدىن،
شاتلىق ھېسسى تومۇرىدا دولقۇنلىدى.
قول سېلىپ ھەم باقتى ئەرنىڭ يۈرىكىگە،
بەخت نۇرى كۆزلىرىدە يالقۇنجىدى.
تاماقلىرى قالدى سوۋۇپ دېدى جانان،
ئابلىمىتنى ئىزدەپ باققا كىرگىنىدە.
ئامرىغىنىڭ ئاچچىقلىرى كەتتى تارقاپ،
دىلدار ئاغا قاراپ تاتلىق كۈلگىنىدە.
ئالدىدىكى چىن ۋاپادار ئامرىغا،
مۇھەببىتى يەنە شۇنچە ئاشتى ئۇنىڭ.
چۈشەندى ھەم نىگارىنىڭ يۈرىكىنى،
ھاياجىنى تومۇرىدا تاشتى ئۇنىڭ.
مەريەمگۈلمۇ تويماي قالدى ئابلىمىتجان،
ئۇنى يەردىن دەس قۇچاقلاپ يۈلىۋالدى.
ۋاي دېدى مەريەم نازلىق ۋايىسىغانچە،
ھالقىسىنى ئامۇت شېخى ئىلىۋالدى.

## خاتىمە

جەزىبىلىك ئايدىڭ كېچە ـ ياز ئاخشىمى،
سوقۇپ تۇرار مەيىن شامال شۇنچە لەرزان.

بېرىپ بەلگە خېلى ۋاقىت ئۆتكىنىدىن،
چىقتى مانا ناماز خۇپتەن ئۈچۈن ئەزان.
تۇرار ئايشەم تەنھا، ئۆستەڭ قىرغىقىدا،
باش-ئۇچى يوق خىياللارغا پاتقىنىچە.
ئىچ-ئىچىدىن يىغلا چىقار، ھەسرەت چىقار،
جۈپ مەگزىدىن ياش قىيانى ئاققىنىچە.
تۇۋا! تۇۋا! دەيدۇ ئويلاپ باققانمۇ مەن،
مۇشۇ تەقدىر مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمنى.
نېچۈك مېنىڭ بەختىم شۇنچە كاچ كېلىدۇ،
بەرمەيدۇ ئۇ ئۆز نىسىۋەم — ئۈلۈشۈمنى؟
ئەسلىمىلەر رىشتىسىگە باشتىن ئۆتكەن،
كۆچۈرمىشلەر مارجان بولۇپ تىزىلىدۇ.
لېكىن نازۇك ياش ئۈنچىسىنى تۇتۇپ تۇرغان،
يىپلار پات-پات، قات-قېتىدىن ئۈزۈلىدۇ.
دەيدۇ ھەقلىق كۆرگەن كۈلپەت، بارمۇ چۈنكى،
ئېقىل — ئىدرەك، ۋىژدان، نومۇس، ۋاپا مەندە!
ئېزىز يۇرتۇم، ئاتا — ئانام، ياخشى كۆرگەن،
ئادىمىگە بولدى بىسيار جاپا مەندە.
كەچۈر مېنى مۇھەببەت — ئەي ئالىي ئۇقۇم،
سېنى پۇلدا، كىيىمدە دەپ ئويلاپتىمەن.
بېرىپ قۇرۇق ھەۋەسلەرنىڭ ئارقىسىدىن،
سۆيگىنى ئاي شولىسىنى قوغلاپتىمەن.
كۆز ئالدىنى باسار ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق،
ئويلىغاندا ئەندى نىمە قىلىشىمنى.

ئۆتەرمىكىن ئۆمۈر بويى تۇل بولۇپ ئۇ؟
بىلەلمەيدۇ زادى نىمە دېيىشىنى.
قارايدۇ ئۇ كۆككە دەيدۇ: تولۇن ئايمۇ،
سۇئالىڭنى بولدى مەندىن سورىمىغىن.
ئېپ قاچىدۇ يۇلتۇزلارمۇ كۆزلىرىنى،
دەيدۇ ئۇمۇ چىرايىمغا قارىمىغىن.
تەلمۈرىدۇ ئۆستەڭگە ئۇ، سۆزلەيدۇ سۇ،
سېنىڭ يۈرەك داغلىرىڭنى يۇيالمايمەن.
يېلىنىدۇ شاماللارغا، شامال ئېيتار،
بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى مەن ئالالمايمەن.
نۇر تارايدۇ ئەتراپلارغا ھەممە ئۆيدىن،
تۇرار ياڭراپ قوۋناق ھايات ناۋالىرى.
قۇچار كېچە ئاسمىنىنى تېلېۋىزورنىڭ،
ئۈنئالغۇنىڭ ناخشا — قوشاق سادالىرى.
كەيگەن باشقا مەھەللىنى شوخ بالىلار،
گاھ بىرلىرى قوغلاپ بىرى قاچقىنىچە.
مۈكۈ-مۈكىلەك ئويناپ بىرى مۈككىنىدە،
بىرى ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ تاپقىنىچە.
تۇيۇقسىزلا ئابلىمىتنىڭ قىزى لالە،
ئايشەمگۈلنىڭ دەل ئالدىدىن ئۇنۇپ چىقتى.
تۇتىۋالغان ئۇنى ئوغلى ئابدۇجاپپار،
ھەر ئىككىسى تۇمۇچۇقتەك كۈلۈپ چىقتى.
ئايشەمگۈل ھېچ چۈشەنمىدى، نىمىشقىدۇر،
بىر تەبەسسۇم قوندى كېلىپ يۈزلىرىگە.
غەم-قايغۇسىز سەبى-گۆدەك مەزگىللىرى،
كۆرۈنگەندەك بولدى گويا كۆزلىرىگە.

---

**ئاپتور ھەققىدە:**

شائىر يالقۇنجان ( ئابدىقادىر ) ئىسلام 1949 - يىلى قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسى چا-ھارباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلىدىن 1971 - يىلىغىچە قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە تەرجىمانلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىر - كىتىدە ئىشلەيدۇ.

ئاپتورنىڭ ئىجادى پائالىيىتى 1964 - يىلدىن تارتىپ باشلىنىپ، 1975 - يىلدىن ئېتىۋارەن مەتبۇئات - لاردا كورۇنۇشكە باشلىغان. شۇ يىلدىن بېرى ئۇنىڭ 70 پارچىدەك شېئىرلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئې - لان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭراق ھەجىمدىكى ئەسىرى — «كاككۇكنىڭ رىۋايىتى» — «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

«كەچۈر، مېنى مۇھەببەت» — ئۇنىڭ يېقىندا يازغان يېڭى داستانلىرىنىڭ بىرى.

# عىشق گۈلشەنى

(ھېكايە)

ماھىگۈل پەخرىدىن

## ئانام ئۇردىمۇ

«جېنىم ئانا، قولىقىمنى زىڭىلدىتىپ، كۆزۈمدىن ئوت چاقنىتىۋەتكەن، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھەم دادا ھەم ئانىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلىگەن، ھەر كۈنى يۈز-كۆزۈمنى سىلاپ، ئىڭىكىمنى ئوينىتىپ، يۈرىكىمنى يايرىتىۋەتكەن، ئوغلىڭىز تۇتۇپ تويمايدىغان، سۆيۈپ قانمايدىغان قولىڭىز شۇمۇ؟...».

شاكىر شۇ خىيال ئىلكىدە ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ھەممە بىر باش چامغۇرغا زار بولغان يىللاردا، گۆدەك شاكىر بىچارە ئانا نە-نەدىن چېلەكتە سۇ توشۇپ، ھويلىسىدا تېرىغان ئېتەكچىلىك يەردىكى كۆكتاتنى قويماي يۇلۇپ، سۇپىغا كۆچۈرۈپ ئوينىغان چاغدىمۇ «ۋاي!» دەپ بىر ئېغىز كايىمىغان ئانا؛ شاكىر ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر ئائىلە تېرىكچىلىكىنىڭ ئۈمىدى بولغان قوزىلىق قويى سېرىق ئوت يەپ قېلىپ، ھارام بولۇپ قالغاندا «تاك» ئېتىپ چەكمىگەن ئانا...

"— راستىنلا ئانام مېنى ئۇردىمۇ؟"

ئۇ، ئۆزىنى تولۇقلىغۇسىز جىسمانىي يوقىتىش بەدىلىگە ئىنسانىيەت ئالىمىگە ھەدىيە قىلغان، ۋۇجۇدىغا ئىسسىق قېنى، قەلبىگە ئوتلۇق مېھرىنى سىڭدۈرۈپ ئەتىۋالاپ باققان مېھرىۋان ئانىسىنىڭ قول تەككۈزىشىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى.

"— ياق، ياق... ئۇنداقتا..."

شاكىر ئېچىشىۋاتقان كۆزىنى زورىغا ئېچىپ، ئۇيان-بۇيان قارىدى. ئىشىك ھەم يېپىلغان، ئۆيدە تامغا يۆلىنىپ تېخىچە ئاغرىۋاتقان يۈزىنى سىلاپ تۇرغان ئۆزى، تۈۋرۈكنى قۇچاقلاپ سىرىلىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئانا — زەينەپخان خانىمدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. زەينەپخان خانىم ئوغلىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلگىنىچە، كۈز شامىلىدىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى.

بۇ كۈنكى كۈندە ئالاھىدە يېگىت بولۇپ قالـ
غان شاكىرنى ئورۇپتۇ دېسە، راست، كىمـ
مۇ ئىشىنەر؟

— شاكىر، شاكىر، شۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟
راست سېتىۋەتتىڭمۇ؟

سوت ئۈستىدىكى سوراقچىنىڭ كۆزىمۇ
شۇ تاپتىكى زەينەپخان خانىمنىڭ كۆزىدـ
ەك قاتتىق تىكىلمىسە كېرەك. بۇ شاكىر
ئۈچۈن «چاڭگىدا» تەككەن كاچاتتىنمۇ
ئېغىر سېزىلدى. «جېنىم ئانا، تەيپىنەمە -
دىن قالغان شۇ بىر نىمە ئۈچۈن ئەجەپ
تاقا مىخىدەك كۆزۈمگە قادىلىپلا ئالدىڭىز.
يالغۇز ئوغلىڭىزدىنمۇ ئەتىۋارمىدى ئۇ؟»

شاكىرنىڭ كۆڭلىگە شۇ ئوي كەچتى. لېـ
كىن بالانىڭ يىلتىزى بولغان بۇ سۆزنى
ئېغىزغا ئېلىشتىن قورقتى. ئانا سوتى شۇنـ
چە كەسكىن، جاۋاپ بەرمەي بولمايتتى.

— ئانا، ئەمدى توپا بېسىپ تۇرغىچە
تۆت تەڭگىگە بولسىمۇ يارىسۇن. تۇرمۇ -
شىمىز ئانچە باياشات ئەمەس دەپ سېتىپ
قويۇپتىمەن. بۇنداق چېچىلىشىڭىزنى بىلـ
گەن بولسام...

— بولدى قوي، ئۇنداق گەپلىرىڭنى،
بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ
ياندۇرۇپ ئەكىلىشنىڭ غېمىنى قىلايلى.

— بۇ... بۇنداق قىلساق قاملاشامدۇ؟
ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل...

— پۇل، پۇل، پۇل! بالام، سېنىڭ كىنـ
دىكىڭنى پۇلدا كەسمىگەنغۇ. ئىنسان ئۇ -
چۇن ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق. نە -
پسىنىڭ تىزگىنىنى ئەقىلنىڭ قولىدىن چىقىپ
كەتسە كىشىنى پالاكەت باسىدۇ.

زەينەپخان خانىم يەنە نىمە - نىمە -
لەرنى دېگۈسى، ئوغلىغا ئەقىل
دورىسىنى ئېزىپ ئىچۈرگۈسى بار ئىدى، ھەي،
خاپىلىق. كۆڭۈل غەزىنىسىدىن سۆز دۇر -
دانىلىرى تۆكۈلۈپ، ھەممىنى قايىل قىلالـ
لايدىغان پېشقەدەم يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ
دىمەكچى بولغان سۆزلىرى نەلەرگىدۇ قېچىپ
كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە «ياندۇرۇپ ئەكە -
لىش كېرەك» دېگەن بىرلا خىيال بار ئىدى.
تىلىدا شۇ سۆزلا تەكرارلىناتتى.

— ئانا، بۇنداق قىلسام، ئوغۇل بالىـ
چىلىق بولامدۇ؟

— ۋېيـەي، قۇرۇسۇن شۇنداق ئوغۇل
بالىچىلىق! بىلەمسەن، ئەگەر ئۇ قولىمىزغا
قايتىپ كەلمىسە، مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە
قالىمىز.

«ھەي، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ خوتۇن
كىشىلىكى بار ئىكەن جۇمۇ، ھېچكىمنى تەڭ
قىلمايدىغان زىرەك ئانام ئەرزىمەس بىر
ئىشنى دەپ مېنى ئوسال قىلمىۋاتقىنىنى
قارا...»

«ئانا ئايىغىدا جەننەت بار» دەپ
بىلىپ، ئەزەلدىن ئانىغا زىيادە ئىخلاسمەن
بولغان، بىر ئېغىز سۆز قايتۇرۇپ، دىل
ئازارى بەرمىگەن شاكىر تاسادىپىلىق ئىچىـ
دە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ شۇ ئەتراپتا خېلى
باش كۆتۈرۈپ قالغان يىگىتلەرنىڭ سەر -
خىلى، شاكىر دىسە تونۇمايدىغىنى يوق.
ئەگەر ئانىسىنىڭ سۆزىگە كۆنسە بىكارچىلىقـ
تىن ئىچى پۇشقان ئۇزۇن قۇلاقلار ھايال
بولماي ئۇنىڭ «چىدىماسلىقى» توغرىلىق
سۆز - چۆچەك تارقىتىشى تۇرغان گەپ.
شاكىرنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ- تېشىمۇ قېتىپ
تەڭلىكتە قالدى. ئۇ سۆزنى نىمە دەپ قىـ
لىشنى، قەدەمنى قەيەرگە بېسىشنى بىلەلمەي
گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئىشىكنى بىرسى قېـ
قىپ قالدى.

# مېھمان

كەلگۈچى شاكىرنىڭ كۆكچى يېزىسى-
دىكى چۆپقەتلىرىدىن غوجى ئەخمەت بولۇپ
قاپىغى جۇتنى قىچقىرىپ، كالپۇكى يەرنى
سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان، يوغان - ياپىلاق كىشى
ئىدى. ئۇ يۇقارقى يېزىدىكى توققانلىرى-
نىڭكىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تەشنالىق
ئوتلاپ ماڭماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.
ئادەتتە «ئوچۇق چىراي، قايناق چاي»
دەپ مېھمان ئالدىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ
تۇرىدىغان زەينەپخان خانىمغا بۇ كۈتۈل-
مىگەن مېھمان ياقمىدى. شۇندا قىتىمۇ يەنە
مېھمان-دە، ئۇ چاي تەييارلاشقا كىرىشتى.
ئاغىنە، ئۇۋاڭلىدىن ئەجەپ چىقسالىمى-
دىڭلار، ئاخىر ئۆزەم كەلدىم.
— ھەي، ئۇنىڭ كېيىنى قىلماڭلار.
زەينەپخان خانىم چاي - مەزە كۆتىرىپ،
ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، بىردىنلا
توختاپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئۆيگە
قۇلاق سالدى. شاكىرنىڭ ئاۋازى غۇۋا
ئاڭلاندى:
— ئىش ئەپلەشمىدى، ئانام ئۇقۇپ قې-
لىپ، تېخى بايىلا ئۆمرۈمدە تېتىمىغان قا-
تىق تاياقنى ئۇنتۇلماس غىزا ئورنىدا يە-
ۋالدىم دەڭلا.
— ۋاي، ئەتلىمە گۆش ئاغىنە، قاچان-
غىچە ئۇچۇر قانات بولمايسىلە، ھە؟
— ئانام بولغاچ، قانات قۇيرۇغۇمۇ
رۇسلاندى. ئەمدى شۇ، ئانام بىلەن...
— ئانا، ئانا! قاراڭلار، ئاتا - ئانا بىز-
گە ياقمىۋەندىمۇ؟ جاھاننىڭ كارى چاغلىق.
قانات قۇيرىقى رۇسلانغان ئوغۇل بالا دې-
گەن ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ
بەختىنى ئىزدىش كېرەك - تە؟!

غوجى ئەخمەت سۆز قىلغانىدا دورداي
كالپۇكلىرى تېگىشمەي، سارغىيىپ كەتكەن
ھوڭگۈل چىشى سىرىتقا مارىلاپ، دوقا ماڭ-
لاي، ياپىلاق يۈزى تېخىمۇ سۈرۈن كۆرۈنەتتى.
— ھەرنىمە دېگەن بىلەن ئانامدىن بى-
رۇخسەت ئىش كۆرسەم بولمايدۇ.
— «نامەرتكە سوزساڭ بويىنۇڭنى، پۇچەك
ياڭاققا تولدۇرىدۇ قويىنۇڭنى» دەپ، تازا
بىرلا تا نەرسىگە ئۇچراپتىكەنمەن. كېچى-
گىڭدە ئاناڭ ساڭا ئىككى موچەنلىك ئوغۇل
بالىنىڭ شۇمىگىنى سېلىپ باقمىغانمۇ؟
غوجى ئەخمەت بۇرگىدەك سەكرەپ، يەنە
توختىۋېلىپ، شاكىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى
قويدى.
— لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس. يى-
گىت دېگەن بارغۇ، بىر ئىشقا بەل باغلىما-
لىق كېرەك. بەل باغلىغان ئىكەن، يەل
قويىۋەتمەسلىك كېرەك.
— ئانامۇ مەندىن جىنىمنى ئايىمايتتى.
ئۇنىڭ بۇگۇنكى چېچىلىشىدا بىر گەپ بار-
دەك تۇرىدۇ.
— ھەي، توخۇ يۈرەك، نىمە گەپ بولاتتى.
خوتۇن كىشى دېگەننىڭ بارغۇ، ئەقلى يوق
بولىدۇ. ئاناڭ بەلكىم پۇلنى ئاز كۆرگەندۇ.
دېمىسىمۇ «ئالا قانات» ئالغاندا بىسمىللا،
بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللا دەپ، بەك بېخىل-
لىق قىلدى.
«ئالا قانات» ئۇ كىم؟ كۆرۈۋات-
قانلىرىم ئىزدىتقۇمۇ - نىمە؟
زەينەپخان خانىم لاغىلداپ تىترەپ،
قولىدىكى نەرسىلەر چۈشۈپ كېتەشكە
تاسلا قالدى. بىر كۆڭلى ئۆينى دەرھال
ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ، ئىشىنىڭ تېگى-تەكـ

تىنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى. بىر كۆڭلى‍ـسى «ئېغىرلىق‍ـراخمانلىق، يېنىكلىك‍ـشەيتانلىق.» نەرسىنى قولۇڭـغا قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئالدىرا، دەپ ئۈگىتەتتى.

ئۇ گويا ھەمچىنىمەدىن بىخەۋەر ھالەتتە چاي ـ مەزەنى ئەكىرىپ، داستىخاننى سېلىپ قويۇپ سىرتقا چىقتى ـ دە، پەم بىلەن ئاستا دېرىزە قاپقىغىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يوچۇقتىن ئۆيگە قارىدى. دورداي كالپۇك ھىلى شاكىرنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ، ھىلى تۇمشىغىنى قولىغىـا سوزۇپ سۆزلەيتتى، ئۇ بىردەم جىددىلىشىپ كېتەتتى، بىردەم بوشۇشۇپ قالاتتى. شاكىرنىڭ كۆزى ئىشىكتە، دەمۇ ـ دەم چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، سۇس سۆز قاتاتتى.

ـ گەپ شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، دىگەن جايدا كۈتكەن، ـ بوغوق ئاۋاز بىلەن تەڭ شاكىرنىڭ ئالقىنىغا پاققىدە قويۇلغان شاراقلىما پۇللار زەينەپخان خانىمنى چۆچۈتىۋەتتى. جاھاننىڭ ئىسسىق‍ـسوغۇقلىرى بېشىدىن كۆپ ئۆتكەن خانىم ئىندىمەي، ئۆزىنى ئاستا دالدىغا ئالدى.

## بالام، ئۇ كىم؟

تۈن ئۇيقۇسى ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئىدى، چاقىرىلمىغان مېھمان قايتتى.

ـ بالام، ئۇ زادى نىمە ئادەم؟ نىمە ئىشقا كەپتۇ؟ «ئالا قانات» دىگىنى كىم؟...

تاقىتى تاق بولغان زەينەپ خانىمنىڭ ئېچىشىۋاتقان يۈرىكىدىن ئۇرغىغان قاتار سۇئاللار شاكىرغا كەينى ـ كەينىدىن ياققىلى تۇردى. ئۆزىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان سۇئال تورلىرى ئىچىدە شاكىر باياتىنقى سۆھبەتتىن ئانىسىنى تولۇق خەۋەردار دەپ بىلىپ، تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ زىلىلىقتا تەڭداشسىز ئانا ئالدىدا سۆزنى ئۇيان ـ بۇيان يورغۇلۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىگىنى چۈشىنەتتى.

ـ ئۇ كۆكچى يېزىدىكى تىجارەتچى نەجمىدىننىڭ ھەمشىرىگى.

ـ نەجمىدىن؟

ـ ھەئە، نەجمىدىن. «ئالا قانات» دىگەن شۇ.

ـ نىمە؟!

«نەجمىدىن» دىگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، زەينەپخان خانىمنىڭ قولىغى «ۋاڭڭىدە» قىلىپ ئېچىلىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ـ ئۇنىڭ پامىلىسى نىمە؟

ـ ئۇقمايمەن.

ـ ئورا كۆزمۇ؟

ـ ھەئە.

ـ قولى بەك ئۇزۇنمۇ؟

ـ مايمۇننىڭ قولىدەك تىزىدىن ئاشىدۇ.

" ئاھ! قانداق قىلاي، نادان ئوغلۇمنىڭ بۇرنىدىن چۈلتەك ئۆتكۈزگەن يەنە شۇ نەسلى قۇرغۇر ئىكەندە. ئۆزەمدىن ئۆتكەن، ئۆزەمدىن ئۆتكەن، ئەندى نىمە قىلغۇلۇق؟ مەدىنىيەت بايلىقى كەڭ تۆردە قېزىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەجمىدىندەك ئادەملەر خۇپىيانە ھالدا نىمە قىلماقچى؟ زەينەپخان خانىم ئويلىغانسىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىغىنى ھىس قىلدى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق كاچاتلاپ " ئاھ، دادىسى!" دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. شاكىر ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ـ شاكىر، بول بالام كۆكچىگە ماڭايلى. زەينەپخان خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز

يېشىمنى ئېيتتى — دە، ئوغلىنىڭ جاۋابى-
نى كۈتمەستىن قولىغا قولۇپنى ئالدى.
شاكىر مىخلاپ قويغاندەك ئۆز ئورنىدا مى-
دىرلىماستىن تۇراتتى.

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ۋاقىت
بىزنى كۈتەمدۇ؟

— ئانا، بۇ...

— شاكىر، ھازىر ئۇنى - بۇنى دەپ
ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بالام. ئەتە
بازار، نەچچىدىن شەھەرگە قوزغالغىنىچە
يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ.

ئانا ئوغلىنى ئىتتىرگەندەك سىرتقا
ئېلىپ چىقتى. شاكىرنىڭ پۇتىغا گويا
تۆگمەن تېشى باغلاپ قويۇلغاندەك زورى-
غا يۆتكىگەن ئېغىر قەدىمى ئارقىسىغا يې-
نىپ تۇراتتى. زەينەپخان خانىم ئىتتىك
ئۆيگە قايتىپ بىر سومكىنى كۆتىرىپ
چىقتى.

— بالام، بەرگەن ئاق سۈتۈمنىڭ يۈزى-
نى قىلساڭ، ئاتاڭ رەھمەتلىكنىڭ روھى ئۇ-
يالمىسۇن دېسەڭ قەدىمىڭنى تېزلەتكىن،
يول يۈرگەچ بۈگۈنكىچە ئاڭلىمىغاننى ئاڭ-
لارسەن، چۈشەنمىگەننى چۈشىنەرسەن.

شاكىر زەينەپخان خانىمنىڭ شۇ تاپتى-
كى جىددىيلىشىشتىن كۆڭلىدە بىرەر سىر
بارلىقىنى بايقىغان بولسىمۇ، سوراشقا
پېتىنالمىدى.

— بالام، ئەندى دېمەي بولمىدى، —
دېدى ئانا ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم
ئارقىدا ئۈن - تۈنسىز كېلىۋاتقان شاكىر-
غا بۇرۇلۇپ، — داداڭ رەھمەتلىك نېمە ئۈ-
چۈن ئالەم بىلەن بىمەھەل ۋىدالاشقان،
بىلەمسەن؟

شاكىر ئۆزى ئۈچۈن تېپىشماق بولۇپ
كېلىۋاتقان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىككى
چامداپلا ئانىسىغا يېتىشىۋالدى.

— ئەندى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتماي
بولمىدى. داداڭ رەھمەتلىك — شەمسىددىن
ئەپەندى سەن يوقاتقان ئاشۇ ئەگكۈش-
تەرنى دەپ...

زەينەپخان خانىمنىڭ زەرداپقا تولغان
يۈرىكى كېلىشىغا تىقىلغاندەك، سۆزىنىڭ
ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

## شەمسىددىن ئەپەندى

شەمسىددىن ئەپەندىنىڭ ئاتا - بوۋىلى-
رى مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما كىشىلەردىن
ئىدى. باشقىلار ئەۋلاتلىرىغا ماددى دەپ-
نى - دۇنيا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇلار بىبا-
ھا مەنىۋى بايلىق — كىتاپ مىراس قال-
دۇرغان ئىدى. شەمسىددىن ئاكا شۇنىڭ
بىلەن پەخىرلىنەتتى، ھوزۇرلىناتتى.
قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان جاھالەت باغ-
رىنى بۆسۈپ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كەل-
گەن تارىخى گۆھەرلەرنى جۇغلايتتى، رەت-
لەيتتى، كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ ساق-
لايتتى. ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ،
گۈلزارلار سولغان ئاشۇ شەپقەتسىز يىللار
ئاللىقاچان خىزمىتىدىن چېكىنگەن شەم-
سىددىن ئەپەندىگە «دىنىي تونىغا ئۇرۇن-
ۋالغان مىللەتچى» دېگەن تاجىنى زورغا
تاڭدى. ئۇ چاغدا زەينەپخان خانىم كۆك-
چى يېزىسى باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئىشلە-
ۋاتقاچقا، ئۆيى شۇ يېزىدا ئىدى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. كالتەك - چو-
ماق بىلەن قوراللانغان بىر توپ كىشىلەر
ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھەممە نەرسىنى

ئوگتەي ـ توگتەي قىلىۋەتتى. ئورا كۆز، مايمۇن قول، شادا پاچاق بىرسى قولىدىكى كالتەك بىلەن ھىلى يەرنى، ھىلى تامنى ئۇرۇپ كۆرۈپ، ئاشخانا ئۆي ـ نىڭ تۆشۈكتىكى تېمىغا كەلگەندە:

ـ چاق! ـ دەپ گاكىردى.

ئۆنەجمىدىن ئىسسىلىك گەدەنكەش بو ـ لۇپ، ئۆز ۋاقتىدا بەش يىلدا 4 ـ سىنىپ ـ قا كۆچەلمىگەنلىكتىن، سىنىپتا رەگەت ـ كە ئېتىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ قاپىغىنى يې ـ رىۋەتكەنلىگى، لۆكچەكلىك قىلىپ قايتا ـ قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىگى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەن ئىدى. «ئاختامنىڭ چامىسى يامان، ئادەمنىڭ لالمىسى» دىگەندەك، چوڭ بولۇپمۇ كەت ـ مەن سېپى قولىدا توختىماي، يۇرتمۇ ـ يۇرت لاغايلاپ يۈرەتتى. ئىنقىلاپ بولۇپ ئۇنىڭ كۈنى تۇغدى.

ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر ھەدىسە ھۇ ـ ەپ تامنى چانىغىلى، ياق تامنى ئەمەس نەمسىدىن ئەپەندى بىلەن زەينەپخان خا ـ نىمنىڭ يۈرىگىنى چانىغىلى تۇردى. سان ـ دۇقتىكى ئالتۇن بويۇملارنى بۇلىغاندا، چى ـ رايى قىلچە ئۆگمەي تۇرغان شەمشىدىن ئەپەندى، مانا ئەمدى «ئوتىنىڭ تېشىدا كۆيگىچە ئىچىدە كۆي» دەپ ئوقتەك ئېتى ـ لىپ بېرىپ، چوماقچىلارنىڭ قولىغا ئېسىل ـ دى. ئورا كۆز ئۇنى كالتەك بىلەن بىرنى سېلىپ يېنىدىكىلەرگە كۆز قىسىۋىدى، بىرى ساقىلىدىن سۆرىگەن پېتى ھويلىغا ئەپچىقىپ تاشلىۋەتتى. چوماقچىلار ئىككى قۇچاق كىتاپنى ھويلىغا ئەپچىقىپ، سە ـ رەڭگىنى قولىغا ئالدى.

ـ ھوي، زاتىنى ئۇنۇتقاننا ئەھلىلەر، بۇنىڭ ئورنىغا مېنى كۆيدۈرۈش!

شەمسىدىن ئەپەندى ئۆزىنى كىتاپنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ، بېسىپ يېتىۋالدى.



ـ بۇنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ بوۋىلىرى ـ مىزدىن قالغان تارىخي كىتاپلارغۇ، مىلـ ـ لىتىمىزنىڭ مەدىنى بايلىغىغۇ، نىمىشقا كۆيدۈرۈشسەن؟

زەينەپخان خانىم قورقىنىدىن ئۆزىگە چىڭ يېپىشىۋالغان تۆت ياشلىق ئوغلى شاكىرنى يەرگە قويۇپ كىتاپقا يۈگۈردى. ئۇ شەمسىدىن ئەپەندىنىڭ ئاتىسى قۇت ـ

لىۋق بوۋايىنىڭ ئاشۇ كىتاپلارنى
قوغدايمەن دەپ ئەجنە بىلەرنىڭ زىيان ـ
كەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى شىپە كەلتۈ ـ
رۈپ كۆيدۈرمەسلىكىنى تىلىدى.

"بىلمەسمىزكە هال ئېيتقىچە، ئىچىڭدە
سېغىمپ كەتسۇن" دەپتىكەن، ـ دېدى
شەمسىدىن ئەپەندى زەردە بىلەن، ـ
ئەجنە بىلەردىنمۇ ياۋۇز بۇ قاتىللارغا مەن ـ
مۇ قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!

ــ هوي، يەتىمىش پۇشتى گېزەندى
جىنىيلار، ئىت يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ
نىمە قىلىشماقچىسەن؟ بۇنىڭ هەممىسى
سېرىق كىتاپ، كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ قەغەز ـ
لىرىدىن تارتىپ ساپ ـ سېرىق بولۇپ
كەتكىنىنى، هەي نانقېپى، نىمە قاراپ
تۇرۇشىسەن؟ تارت بۇنى، قوي ئوتنى!

نەجىمىدىن شەمسىدىن ئەپەندىگە كۆ ـ
كىرەپ، چوماقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى.
چوماقچىلار شەمسىدىن ئەپەندى بىلەن
زەينەپخان خانىمنى ئۇرۇپ ـ سۆرەپ، كى ـ
تاپلارنى تارتىپ ئېلىشتى. سەرەڭگە
چېقىلدى.

ــ ئاھ! ئەڭگۈشتەرلىرىم! بىلمەسمىز
نادانلارنىڭ قولىدا كۈل بولىدىغان بول ـ
دۇڭ!

شەمسىدىن ئەپەندى ئاتىسى قازا قى ـ
لىپ كەتكەندىمۇ بۇ گۈنكىدەك ئۇن سېلىپ
يىغلىمىغان بولاتتى. هويلىدا ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭ كۆتىرىلدى. بىراق يەنە كۆڭلىدە
قانداق چوت سوقۇشتى، كىتاپلارغا ئوت
قويۇلمىدى. بىر ئەدىبالغا ئوراپ ئېلىپ
مېڭىشتى. ئۇ كۈنى شەمسىدىن ئەپەندىمۇ
تۇتۇلۇپ، دادۇي، تۈرمىسىگە تاشلاندى.

بىر كۈنى ئۇ ئات باققۇچى بوۋايدىن ما ـ
خۇنىڭ بۇلۇڭىدىكى تاشلاندۇق ئوقۇرغا
قويۇلغان بىر دۆۋە كىتاپنى كىشىلەرنىڭ
ئوتقا تۇترۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ
قالدى. تۈرمە ماخۇنىڭ ئىچىدە ئىدى.
شەمسىدىن ئەپەندى باقاۋۇللارنىڭ يوقلى ـ
غىدىن پايدىلىنىپ، غېپپىدە بۇلۇڭغا ئۆ ـ
تۈپ، ئوقۇرنى ئاختۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىر
نەچچە كىتاۋىنى تېپىپ، يىرىك ساماننىڭ
ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇشقا ئاران ئۈل ـ
گۈردى. كىتاپلار ئات باققۇچى بوۋاي
ئارقىلىق، زەينەپخان خانىمنىڭ قولىغا
ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈلدى. شەمسىدىن
ئاكا تۈرمىدە بىر ئاي يېتىپ كېسەل بو ـ
لۇپ يىقىلدى. ئۆيگە قايتۇرۇپ ئۈچ كۈن ـ
دىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ كۆز يۇ ـ
مىدىغان چاغدا كىتاپلار يوشۇرۇلغان ياق ـ
قا قاراپ:

ــ ئانىسى، ئۇ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋ ـ
ىمزدىن، مىللىتىمىز ئەجداتلىرىدىن تە ـ
ۋەرۈك بولۇپ كېلىۋاتقان خەلققە مەن ـ
سۇپ ئەڭگۈشتەر. ئوبدان قاراڭلار، ـ دەپ
قايتا ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

## پۇشايمان

زەينەپخان خانىم كىتاپلارنى ئۆز جې ـ
نىدىنمۇ ئېزىز بىلىپ يوشۇرۇپ ساقلىدى.
جاهان ئوڭشالغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بۇ ـ
زۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلاپ رەتلەپ چىقتى ـ
يۇ، بىراق، تۇراقسىز يىللاردىن تولىمۇ
يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر
مەهەل رىشالىقتا يەنىلا گۇمانى قارىغان
ئىدى. مەدەنىيەت بايىدا مىسلىمىسىز خۇ ـ
شاللىق قوچۇپ كېلىۋاتقان رىشاللىق ئۇ ـ
نىڭ كۆڭلىدىكي گۇمان تۇمانىني سۈرد ـ

ۋەتتى. ئۇ ئەڭگۈشتەرنى نۇر چاچقۇزۇشقا ئالدىرىدى. ئۇنى ئېلىپ پەن-تەتقىقات ئورنىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. كىم بىلسۇن، دەل شۇ پەيتتە قىممەتلىك بىر ئەڭگۈشتەرنىڭ ئوغلىنىڭ قولى ئارقىلىق، قارا دۆۋىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى؟!

— دادا!... ئانا! جېنىم ئانا، سىز بۇ گەپلەرنى نېمە ئۈچۈن مەندىن سىر تۇتقان؟ ئېيتىڭا، — شاكىر ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، — مەن باشقىلاردىن داداڭ تاياقتا كەتكەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، نەچچە قېتىم سوراپ گەپ قىلمىغانىدىڭىزغۇ. نېمىشقا، نېمىشقا بالدۇراق دېمىدىڭىز؟

— ھەممە دەرتنى ئۆزەملا تارتاي، يۇمران يۈرىكىڭنى زېدە قىلماي دەپتىمەن، ئىشەنچىسىز كۈنلەردە ئەڭگۈشتەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپتىمەن. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام...

ھەسرەت يېشى دولقۇنى زەينەپخان خانىمنىڭ ئەيتقۇسى سۆزلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى.

— ئانا، مۇشۇ قولىڭىز بىلەن بوۋام ئۈچۈن، دادام ئۈچۈن كور كۆزۈمگە، قارا يۈزۈمگە، نەپسى بالا چىرمىۋالغان يۈرۈكۈمگە كېلىشتۈرۈپ بىر نەچچىنى سېلىڭ، پوخادىن چىققىدەك سېلىڭ! — دېدى شاكىر ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — شۇ چاغدا مەيدەمنىڭ چىڭقىلىشى بىر ئاز بوشارمىكىن. ئۆزەمگە بولغان غەزىۋىم كۆكرىكىمگە پاتماي ۋاتىدۇ. مېنى قىيما-چىيما قىلىۋەتسىڭىزمۇ رازىمەن. بوۋام، دادام ئېزىز جېنى بىلەن قوغدىغان ئەڭگۈشتەرنى تويماس نەپسىم بىلەن يەرتقۇچنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىپ، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن باش كۆتىرىپ يۈرۈيمەن؟

— «ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ، يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ» دېگەن نەقىل بار، بالام. سەن تېخى ساددا-نادانراق. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كۆكچى مەكتەپكە — مېنىڭ ئورنۇمغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئادەم تاللىماي دوست تۇتىدىغان بولۇپ قالدىڭ. «ياخشى بىلەن يۈرسەڭ يېتىسەن مۇراتقا، يامان بىلەن يۈرسەڭ قالىسەن ئۇياتقا» دېگەن نەسىھەتىمنى قۇلاقتا تۇتمىدىڭ. راست دېگەندەك بولدىمۇ؟

شاكىر شۇ تاپتا پۇشايمان ۋە خىجىللىق ئىلكىدە قاتتىق ئازاپلانماقتا ئىدى...

## ئانا، چاققان بولۇڭ!

زەينەپخان خانىم شۇ مالىمانچىلىق يىللاردا خىزمەتتىن قوغلىنىپ، ئۆز يۇرتى نۇرباققا قايتىپ كەلگەن ئىدى. كۆكچى بىلەن نۇرباغنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن، يولى ناچار بولغاچقا، شاكىر بىر موتوسىكلىتنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرەتتى. بىراق پۇلنىڭ يولىنى قىلالماي تۇرغاندا، دوزداي كالپۇك ئارقىلىق نەجمىدىن بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

نەجمىدىن جاھان ئەمدى تۈزىلىۋاتقان دەسلەپكى كۈنلەردە شەپىسىز يوقالغان ئىدى. بەزىلەر ئۇنى «كۆچاردىكى ئۆچكىلىكتە ئىش تېپىپتىمىش» دېسە، بەزىلەر «قۇمۇل كۆمۈر خاڭغا ئورۇنلا -

شىپتىمىش»، دىيىشتى. «ئىچكىرىدە شەھەر-مۇ - شەھەر يۈرۈپ تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ» دىگەن پاراڭمۇ بولدى. ئۆتكەن يىلى ئۇ ئۈشتۈمتۇت بىر پەيدا بولۇپ، يۇرتتا تۆزۈك تۇرمايلا يەنە كېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ دەرۋەقە شيامەن، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە قاتراپ يۈرۈپ، تىجارەت-چىلىك قىلغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بەزى ئەتكەسچىلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدى. ئۇلاردىن بىر قىسىم تارىخى كى-تاپلارنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەت توختايدى-غانلىقىنى بىلىپ، ئەينى يىللاردا شۇ-كۆپ كىتاپنىڭ ئۆز قولىدا يوقالغانلىقىدىن كۆپ پۇشمان يىدى. بۇ قېتىم ئۇ ماللى-رىنى سۇ قىلغاچ، تەلىيىنى سىناپ باق-قىلى كەلگەن ئىدى. ئۇ زەينەپخان خا-نىمدىن بىر نەرسە يۇلۇپ ئېلىش قەستى-دە شاكىرنىڭ پېيىدە بولدى. ھە دىسە «بىز ئىمام ئەزەمنىڭ يولىنى تۇتقان تىجارەتچىلەر، ئېلىك - بېرىكدە قىل ئۆت-كۈزمىگەن بىلەن، كېلىك - بېرىكدە تۆگە مەنىستىمەيمىز» دەپ كەڭ قولۇق بىلەن ئىش تۇتتى.

شاكىر نەجمىدىننى ئىشنىڭ ئېپىنى بىلى-دىغان يولى بار، مەرت ئادەم دەپ بىلىپ ئوڭايلا ئىشىنىپ كەتتى. نەجمىدىن ھىلى-دىن ھالقۋا ياساپ، شاكىرنى پۇلغا قىزىق-تۇرۇپ، بىر كىتاپنى قولغا چۈشۈرۈپ ئال-دى. ئۇ 15 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىغا ئا-ئىت قىممەتلىك قوليازما ئىدى. شاكىر يەنە باشقىسىنىڭ كويىدا بولغان ئىدى. زەينەپخان خانىم ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئىشىنى سېزىپ قالدى. دورداي كالپۇك كەچتە شاكىرلار-نىڭكىگە مەخسۇس شۇ ئىش ئۈچۈن بار-غان ئىدى.

- ئانا، - دېدى شاكىر زەينەپخان خا-نىمنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇۋا قىبىت بىر يەر-گە بېرىپ قالدى. ئۇ نىمىلەر مېنى تىز-ناپ بويىدا كۈتمەكچى ئىدى. غوجى ئەخمەت-نىڭ سۆز ئۇرامىدىن قارىغاندا، نەجمىدىن يەنە ئىچكىرىگە ماڭىدەك. يول بىلەن ماڭساق ئۈلگۈرەلمەيمىز، يارلىقنى كېسىپ ماڭىلى دىسەك، يول خەتەر، قانداق قىل-ساق بولار؟

ئۇ ئانىسىدىن ئەتكەسچىلەرنىڭ بەزى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى سىرتقا ئاققۇزۇش-قا ئورۇنغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق چۆچۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كىتاپ رەقىبىنىڭ بۈگۈن-كى كىتاپ خۇمارىغا ئايلىنىۋېلىشىنىڭ تېگىگە چۈشۈنۈپ يەتكەن ئىدى.

- دادىڭ رەھمەتتى دائىم «خەتەردىن قورق-قان زەپەردىن يىراق» دەيتتى بالام، يار-لىقنى كېسىپ ماڭايلى، جۆر.

قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ كېچە، سۈرلۈك ئىگىز - پەس يارلىق، رە-ھىمسىز يانتاغلىق، ياندا ياۋا چوشقىلار-نىڭ ئېتىلىپ چىقىش خەۋپى بار جاڭگاللىق. شاكىرنىڭ ئالدىدا كىمگانت كىشىلەر مەش-ئەل تۇتۇپ، يولنى يورۇتۇپ ماڭماقتا. ئەنە، قۇتلۇق بوۋا، شەمسىدىن ئەپەندى. ئۇلارنىڭ ھەربىر مەزمۇت قەدىمىدىن را-ۋان يول ھاسىل بولماقتا. شاكىر شۇ يولنى بېسىۋاتىدۇ. كەڭ دالىنىڭ سالقىن ھاۋا-سىدا مېڭىسىنى سەگىتىپ مېڭىۋاتىدۇ؛ شا-كىر كېتىۋاتىدۇ، مېھرىبان ئانا - زەينەپ-خان خانىمغا چىڭ يۆلىنىپ ۋە يۆلەپ كې-تىۋاتىدۇ، ئۇ ئېسەدەۋاتىدۇ، ئەجداتلىرى-نىڭ ئالدىدا نومۇس كۈچىدىن ۋىجدان ئازاۋى تارتىۋاتىدۇ؛ ئۇ يىغلاۋاتىدۇ، ھەس-

رەت، پۈشايمان ياشلىرى دەرياسىدا يۇيۇنۇپ تازىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ توۋلاۋاتىدۇ: بوۋا، دادا، خاتىرجەم بولۇڭلار، شاكىر ئويغاندى! ئۇ خىتاپ قىلىۋاتىدۇ: ئانا، چاققان بولۇڭ، ئەگكۈشتەرنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئالايلى!

## تەزناپ بويىدا

تەزناپنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېقىندا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇ شاۋقۇنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشچان سادا ياڭرىتىپ، گاھ كىشى كۆڭلىگە ئەنسىزلىك سالسا، گاھ ئۇنىڭ پىكىر - خىياللىرىنى ئويغۇتاتتى. كېچىكتىن خېلى يۇقۇرىدا پىلىلدىغان ئوت ئۇچقۇنى غىل - پال كۆرۈندى.

شاكىر ئانىسىنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپ، ئانىسى بىلەن قىسقىچە پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، مۇزدەك سۇدا يۈز - قولىنى يۇدى - دە، ئۇچقۇن كۆرۈنگەن ياققا قاراپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى. زەينەپخان ئىنىم ئۆزىنى دەرەخ دالدىسىغا ئېلىپ، قارا كۆرە كەينىدىن ماڭدى.

— سالامۇ ئەلەيكۇم نەجمىدىنكا، خېلى بۇرۇنلا كەپتىكەنسىز - دە.

— ھە، شاكىرمۇ سەن؟ - دېدى موتوتېكىلىتقا دېيىنىپ تاماكۇ چېكىۋاتقان كىشى ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىپ بويىنىنى سوزۇپ، - مەن تېخى ئاناڭدىن شىللى پاتاك يەپ، ئۇجۇقۇپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

— ئانىمىز بىزنىمۇ ئوغۇل بالا دەپ تۇققاندە.

— يارايسەن، مال قېنى؟

— مالغۇ مانا، - دېدى شاكىر قولىدىكى سومكىنى كۆرسىتىپ، - ھېلىمۇ ياخشى مېڭىپ كەتمەپسىز، بولمىسا سىزنى چولۇڭ يەردە مات قىلىپ قويۇپ، تۈگمەس كۇناغا قالىدىكەنمەن.

— نېمە دېدىڭ؟،

— ھېلىقى كىتاپ بۈۋىمەلەر ئوقۇيدىغان ھۆكمەتمەش. ئەسلىدە ئانام ئۇنى سارىغان بۈۋىمگە بەرمەك بولۇپ جايلاپ قويغان ئىكەن. شۇڭا كىشىنىڭ ئالدىدا مېنى يالغانچى قىلىپ قويدۇڭ دەپ كايىپ كېتىپتىكەن.

— شاكىر، ئاناڭ پارچە - پۇرات كىتاپ ساقلايدىغان خوتۇن ئەمەس. مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ قىزىل كوچەننىڭ شىمالىدا كۆزۈڭ تېخىمۇ قىزىرىپ، قوسىقىڭغا جىن كىردىمۇ - نېمە؟

— خۇدايا توۋا دەڭا، سىزدىن بىزگە ئاز ياخشىلىق ئۆتمىدى. بىر پارچە كىتاپنى ئاياش شەپقىتىڭىزنى كۆرگەنمەن ئۇچۇن نومۇستە. مانا ماۋۇنىڭ ئېسىلىغا قىل سىغمايدۇ، - دېدى شاكىر سومكىدىن قېلىن بىر كىتاپنى چىقىرىپ، - بۇنى بارغۇ، دادىمنىڭ ئورۇس ساندۇقىنىڭ ئىچىدىكى پەلتۇرىنىڭ ئارىسىدىن تېپىۋالدىم. خېتىنى ئوقىيالمىسامۇ ئۇنداق - مۇنداق كىتاپلاردەك تۇرمايدۇ. بولمىسا ئانام نېمىشقا ئۇنى تاكچىغا قويۇپ، بۇنى ئەتىۋالاپ ساقلايدۇ؟ مانا قاراڭ.

شاكىر كىتاپنى ئېچىپ، نەجمىدىننىڭ كۆزىگە يېقىن تۇتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. نەجمىدىن يولغا ئالدىرايتتى. ئۇ ئارتۇق سۆز قىلماي، شاكىردىن كىتاپنىڭ باھاسىنى سورىدى:

— بىز يات ئادەم ئەمەس، نەجمىدىنكا.

سىز شەھەر كۆرگەن ئادەم، ئۆزىڭىز بىلىپ بىر نىمە دەرسىز. مەن غەمدىلىك-پىدىلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. كۆڭلۈمنىڭ تۈزلىكىگە مانا ماۋۇ سۇۋادان تېرەك گۇۋا بولسۇن، نىيىتىمنىڭ پاكلىقىغا تىزناپ سۈيى كېپىل بولسۇن.

شاكىر بىر ئىلاج قىلىپ كەپ يورغىلىتىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇشنىڭ كويىدا ئىدى. نەجمىدىن شاكىر سۇنغان كىتاپنى سومكىسىغا سالاي دېۋىدى، شاكىر دەرھال سومكىنى تۇتۇپ ئالدى. ئۇ ھېلىقى كىتاپنىڭ ئاشۇ سومكىدا ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغان ئىدى.

— نەجمىدىنكا! ھېلىقى ھۆكىمەتنىڭ قىممىتى يوق بىر نەرسە، كۆتىرىپ يۈرۈپ ئاۋارە بولماڭ. ئالغاچ كېتەي، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈزۈكرەك بىر نەرسە تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— ھۆكىمەت بولامدۇ، پۆكىمەت بولامدۇ، ئەمدى سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇ مېنىڭ ئىلكىمدىكى نەرسە.

پايدىغا كەلگەندە باشقىلار تاش سانىسا، قۇم سانايدىغان نەجمىدىن ئۆز يولى ئارقىلىق، ئۇ كىتاپنىڭ قىممىتىنى بىلىپ بولغان ئىدى. ئۇ يېڭى مالنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە باشتا شاكىرنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىۋارسىز قارىدى. شاكىرنىڭ "ھۆكىمەت» نى دەپچىلىك تۇرۇپ ئېلىشى ئۇنىڭدا گۇمان تۇغدۇردى. چاققان يۈرۈپ كېتىش ئۈچۈن سومكىنى كۈچەپ تارتىۋىدى، سومكىنىڭ بېغى ئۈزۈلۈپ قولىغا چىقتى.

— شاكىر، نىمە دېمەكچىسەن؟

— نىمە دەيتتى، ئالداپ ئېلىۋالغان نەرسىنى قايتۇر دەيدۇ!

تويۇقسىز ئاياق تەرەپتىن زەينەپخاننىڭ ياڭراق ئاۋازى كەلدى. ئۇنىڭ گويا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى نەجمىدىننىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئىدى.

— خانىم ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ سۆزلەڭ، — دېدى نەجمىدىن ھۆرپىيىپ، — مەن كىشىنىڭ بىر نەرسىسىنى بۇلاپ ئالمىدىم. قىزىل كوچەنگە ئالدىم، كوچەنگە.

— بۇلاپ بولالمىغاننى ئەمدى پۇل بىلەن ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ مۇمكىن ئەمەس! «ياخشى نىيەت ئاشقا، يامان نىيەت باشقا» دەيتتىكەن، غەيرى يول بىلەن كۆيدۈرمەن دەپ ئۆزىڭىز ئۆكلىنىپ كەتمەڭ يەنە!

زەينەپخاننىڭ ھەر بىر سۆزى نەجمىدىننىڭ قارا يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلۇپ، غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، خانىمنى ئېزىغىغا ئېلىپ چايناپ-چايناپ، گۆشىنى تىزناپنىڭ ئۇ يېقىغا، سۆڭگىنى بۇ يېقىغا پۈركۈپ ئەتىسىمۇ ئاچچىغى چىقمايتتى.

يىراقتىن ئاڭلانغان ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىشى، سەھەرلەپ شەھەرگە ماڭغان كىشىلەرنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ ھودۇقۇپ قالدى. بىردىنلا قارام كۈچىنى مۇشتۇمىغا يىغىپ، شاكىرغا ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى. شاكىر چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى ياندا ئېلىپ، نەجمىدىننىڭ قولىنى قايرىپ، ئامبۇردەك چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى. نەجمىدىن ئۇنىڭ دوۋسۇنىغا ئارقىچە پەشۋا ئاتتى. شاكىرنىڭ تۈگۈلۈپ كەتكەن پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇستىگە

ئۆزىنى ئاتتى. ئىككىيلەن سومكىنى تالىشىپ يەردە قىلىشىپ كەتتى. شاكىر «ئانا!» دەپ توۋلىدى - دە، سومكىنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، نەجمىدىننى يەرگە يىقتىپ بېسىپ ئالدى. زەينەپخان خانىم سومكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، نەجمىدىن يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، شاكىرنىڭ كېكىرىدىگە تىقماقچى بولدى. شاكىر ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. پىچاقنىڭ ئۇچى گاھ يۇقۇرىغا، گاھ تۆۋەنگە قارايتتى. مەھرىبان ئانا تەڭگىرقاپ قالدى.

— ئانا، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. چاپسان مېڭىڭ!



زەينەپخان خانىم ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ، «ئادەم بارمۇ!؟» دەپ چۇقان كۆتەرگىنىچە كېچىك تەرەپكە يۈگۈردى.

— ئەمدى توۋلا، قېرى دەللە!

زەينەپخان خانىم مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كېچىككە يېقىنلاشقىنىدا، بېشىغا تەككەن مۇش ئازاۋىدىن كۆز قارچۇغى چاقنىغىدىن چاچراپ چىكەتكەندەك ئايان بولدى. قارا دىۋىدەك بىر نەرسە سومكىغا چاڭ سالدى. خانىمنىڭ قولى بوشاپ كېتىشكە تاسلا قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ خانىم ئۇشتۇمتۇت ئىككى قوللاپ ئۇنىڭ ئىڭىگە ئېسىلىپ، كۈچەپ تۆۋەنگە باستى. سومكا يەرگە چۈشتى. زەينەپخان خانىمنىڭ ئالدىدا چىقىپ كەتكەن ئىڭىگى ئىككى غېرىچ ساڭگىلاپ، ئاغزى دۈتتەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان دورداي كالپۇك غوجى ئەخمەت يىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، خانىم سومكىنى ئېلىپ يۈگۈرەپ ماڭغىنىدا، تىزناپ بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى. خانىم سومكىغا شۇنداق ئېگىشىۋىدى، دورداي كالپۇك سومكىنى سۇغا تېپىۋەتتى.

— سومكا، سومكا!

خانىم سۇغا ئۆزىنى ئاتتى.

ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن يولۇچىلار ئۇنى سۇدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىققاندا، سومكا ھەيدىسىگە چىڭ تېڭىغلىق تۇراتتى. كۆپچىلىك نەجمىدىن بىلەن غوجى ئەخمەتنى تۇتۇپ، ئېخىمىر يارلانغان

(ئاخىرى 55- بەتتە)

# ياقۇببەگ ۋە موللا مۇھەممەت يارخەلپە

(تارىخى ئوچېرك)

خېۋىر تۆمۈر

1

سۈبھى كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

ھېيتكار جامەسىدىن چىققان باش ئەزان ساداسى سەھەرلىكتىكى ساپ ۋە تىنىق ھاۋادا لەرزان ياڭراپ تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان شەھەر ئاھالىلىرىنى ئويغاتقان ئىدى.

شەھەر ئويغاندى.

تەرەپ - تەرەپتە ئېشەكلەرنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئېچىلىشلىرى، كىشىلەرنىڭ يۆتۈلۈشلىرى، تەرەت ئېلىۋاتقان مۆمىنلەرنىڭ غار - غار قىلىپ ئېغىز چايقاشلىرى، ئاپتۇۋا قاپقاقلىرىنىڭ بىر ئېچىلىپ بىر يېپىلغاندىكى جالاقلاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كوچىدا بامداتقا كېتىۋاتقان مۆمىنلەر پەيدا بولدى. ھاسىسىنى توكۇلدۇتۇپ ئاستا ئېھتىياتلىق بىلەن قەدەم بېسىپ كېتىۋاتقان چوڭ ياشلىقلار، كەشىنى پالاقلىتىپ ئالدىراپ يول ئالغان ئوتتۇرا ياشلىقلار، پىلتىڭلاپ كېتىۋاتقان ياش بالىلار، سەللىلىك ۋە سەللىسىز كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن گويا ئۇلارنى ھېيتكار جامەسى قانداقتۇر سىرلىك قۇدرەت بىلەن ئۆزىگە دەم تارتىۋاتقاندەك ئېقىپ كېلەتتى…

بامدات ئوقۇلۇپ بولغان ئىدى. كۈن چىقتى. ھەيۋەتلىك پەشتاق، يېشىل سىرلانغان قۇببە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆككە ئۆسۈپ تۇرغان يېرىم ئاي ۋە باشقا قۇرۇلمىلار ئالتۇن كۈن نۇرىدا تۈرلۈك- تۈمەن ئوت رەڭلەر بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بامداتتىن پارىغ بولغان جامائەت ھېيتكارنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسىدىن، ئۈستەڭبويىغا كېتىدىغان يان دەرۋازىسىدىن، نوۋېشى تەرەپكە كېتىدىغان يەر ئاستى يولدىن توپ - توپ بولۇپ خۇددى تومىدىن چىڭقىلىپ چىققان سۇدەك چىقىپ كوچىلارغا تارقىشاتتى. ئۈچ ئېشىكتىن بىرلا ۋاقىتتا بۇ قەدەر كۆپ ئادەملەرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى شەھەردە دىيانەت ئەھلىنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران بولاتتى.

شەھەر جانلاندى. ئەل بامداتتىن يانغىچە ئاشخانىلاردا قانچە ئون قازان ئاشلار دەملىنىپ، قانچە ئون قاسقان مانتىلار تىزىلىپ بولغان ئىدى. ساماۋەرخانىلاردا چايلار دەم-

لىنىپ، شورپىلار تەييارلانغان، ناۋايخانىلاردا دەستە ـ دەستە نان ـ توقاچلار، دۆۋە ـ دۆۋە گىردە نانلار تىزىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار خېرىدارلارغا مۇھتاج. غاپىل قالمىسۇن دەپ پات ـ پات خېرىدار چىللاپ توۋلىغان چاققى ئاۋازلار چاڭقىلداپ تۇراتتى.

بامداتتىن يېنىپ دۇككان ئېچىشقا، دۇككاندا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەھلى تۇججارلار دۇككان قاپقىلىرىنى ئېچىپ بولۇپلا چەينەكلىرىگە چاي تاشلاپ ساماۋەرخانىغا يۈگۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ساماۋەرخانىلارغا يۈگۈرۈپ مېڭىشى خۇددى ئەتىگەنلىكتە يورغىلىغان كەكلىكنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار چەينەكنى ساماۋەرخانىدا قالدۇرۇپ دۇككانغا كېلىپ سالاپەتلىك ئولتۇراتتى ـ دە، بامداتتا كەم قالغان دۇرۇتلىرىنى تولدۇرۇشقا تەسۋىر سىرىيتتى.

كۈن چىققىچە كەز ئۆرلەش ئارىلىقىدا شەھەر ھاياتىدا ئۆزگىرىشلەر بولاتتى. قازاندىكى ئاشلار، قاسقاندىكى مانتۇلار، تەۋەگىدىكى نان ـ توقاچلار تۈگەپ، چايلار ئىچىلىپ بولاتتى. كالىپەز دۇككانلىرىنىڭ داشقازانلىرىمۇ قۇرۇقدۇلۇپ قالاتتى. ئىمام، مەزىن، جاماەتلەر مۇشۇ ئەتىگەنلىكى ئۆز مەھەللىسىدە بولغان نەزىر ـ چىراق، تويي ـ تۆكۈن داستۇرخانلىرىغا داخىل بولۇپ جاماەتچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۈلگۈرەتتى.

تۆمۈرچى دۇككانلىرىدا سەندەللەر جاراڭلاپ، بازغانلار گۈپۈلدەيتتى، موزدۇز دۇككانلىرىدا كوۋۇل توكۇلدايتتى، مىسكەرنىڭ تۇلۇمى گۈرۈلدەپ ئوت پۈۋلەيتتى، ئاللىقانداق كۆللەردىن سۇ توشىغۇچى ئېپكەشلەر بۆزچىنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سارايدىن ـ سارايغا ئۆز تېنىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ چەكمەن تايلىرىنى كۆتىرىپ ماڭغۇچى ھامماللارنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى ئاڭلىناتتى. كوچىدا تىلەمچى پەيدا بولاتتى. ئۇلۇغ چاشەنبە، ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنلىرىنى، بۇۋى پاتىمىنى ياد ئېتىپ دۇككان دۇككانلاردىن نان تىلەيتتى، سېخىلەردىن سەدىقە سورايتتى.

كوچىدا دەرۋىش پەيدا بولدى. دەرۋىشنىڭ بېشىدا ئۇچلۇق كۆلا، ئۇچىسىدا قۇراق چاپان، قولىدا تولغىماچ ھاسا، ئۇ ھاسىسىنى توكۇلدۇتۇپ، قاندىقتۇر بىر نىمىلەرنى سۆزلەپ تەمەكىن كېلەتتى. ئاۋازى نىمە دىگەن چاققى، نىمە دىگەن جاراڭلىق، ھە! ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى:

ــ ئىمام بولۇپ مېھراپقا تويي، مەزىن بولۇپ پەشتاققا تويي، باققال بولۇپ شالتاققا تويي، دوغچى بولۇپ مالتاققا تويي، ئاشپەز بولۇپ قاسماققا تويي، ياغچى بولۇپ قىسماققا تويي، قوغۇنچى بولۇپ شاپاققا تويي، باراڭ قىلىپ قاپاققا تويي...

دەرۋىش يىراقلىشاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ياكى يېرىم پۈچۈق ئاڭلاپ قالغانلار نىمە دەيدىغاندۇ بۇ دەرۋىش، دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتىشاتتى. دەرۋىش غايىپ بولاتتى.

ئاش ۋاقتى بولغاندا شەھەر ھاياتى يەنە باشقىچە تۈس ئالاتتى. ھېيتگاھ ئالدىدىكى مەيدانغا مەدداھ پەيدا بولاتتى. مەدداھ بىر قولىغىنى ئېتىۋېلىپ نەرە تارتسا، 2 ـ بىر چەتتە تۇرغان شاگىرت بالىسى دوس تارتىپ مەرىكىگە جان كىرگۈزەتتى. ئۇلار شۇ ئۇسۇلدا مەرىكىگە ئادەم توپلايتتى. يەنە بىر بۇلۇڭدا راۋاپ جاراڭلايتتى. راۋاپچى ئەڭ

مەشھۇر، ئەڭ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىپ ئۆزىگە ئادەم جەلپ قىلاتتى. يېزا - شەھەرلەردىن سودا - سېتىققا كېلىپ شەھەر كوچىلىرىدا ئۇيان مېڭىپ، بۇيان ناتراپ ھارغىنلىق يەتكەن دىخانلار بىر پەس ئارام ئېلىش ئۈچۈن مەدداھ تىلىدىن جەڭنامە، راۋاپچىدىن مۇڭلۇق ساز، يېقىملىق قوشاق ئاڭلاشقا ئولتۇرۇشاتتى.

چۈش قايرىلغان چاغدا قۇمدەرۋازا تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەملەر كۆرۈندى. گويا ئۇلار تەختىپەر كۆتىرىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. بازارچىلار شۇ تەرەپكە قاراشتى. كېلىۋاتقانلار كىم، كۆتىرىۋالغىنى نېمە؟ ھەر كىم ئۆز خىيالى بويىچە تەقەززا بولۇشقان ئىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ياغاچ كۆتەرگەن دىخانلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئەسلىدە بىر تال يوغان ياغاچنى سەككىز يېرىدىن باغلاپ، سەككىز تال كالتەككە ئېلىپ بىر تەرەپتە سەككىزدىن جەمئى 16 ئادەم كۆتىرىپ كېلەتتى. ياغاچنىڭ بىر بېشىغا تەختىپەر ئورنىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭدا يىگىت بېشى (شۇ زاماندا ئاتلىق ئەسكەرنى يىگىت بېشى دەپ ئاتايتتى) ئولتۇراتتى. دىخانلار بۇ ئېغىر ياغاچنى ناھايىتى قىيىندا كۆتىرىپ ھەر بىر قەدەمدە پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باش - كۆزلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. تەختىپەردە مىلتىقىنى ئالدىغا توغرا قويۇپ، قولىدىكى ئۇزۇن قامچىسىنى ئوينىتىپ مەغرۇر ئولتۇرغان يىگىت بېشى ياغاچ كۆتەرگۈچىلەرنى قامچا بىلەن پات - پات ساۋاپ كېلەتتى. دىخانلار باش - كۆزىگە تەككەن زەھەرلىك قامچىدىن چۆچۈپ كەتسە، يىگىت بېشى ئۆزىچە ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

- يا ئاللا، يا كىرىم!

تولا ئادەملەر بۇ ئەھۋالغا قاراپ ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقىشاتتى. بەزىلەر بۇنداق زۇلۇمنى كۆرگەندىن كۆرمىگىنىمىز ياخشى، دېگەندەك قىلىپ خالتا كوچىلارغا ياكى ئۆي-ھويلىلىرىغا كىرىپ كېتىشەتتى.

دوغچىلارغا ئامەت كەلگەن ئىدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ۋاقىراشقا باشلىدى:

- راھەت، راھەت، راھىتىڭنى ئېلىۋال، شەرۋىتىڭنى ئىچىۋال!

- مۇزدەك - مۇزدەك ئىچىڭنى قىلىدۇ قىزدەك!...

يىگىت بېشى دوغاپچىلارغا قاراپ لىۋىنى شوراپ قويدى - دە، شۇئانلا بۇيرۇق چۇشۇردى.

- توختاڭلار، مەندىن بۇيرۇق، توختاڭلار!...

ھارغىنلىق يەتكەن دىخانلار دەرھال توختاپ ياغاچنى ئاستا يەرگە قويۇشتى (ياغاچنى يەردىن بىر - ئىككى غېرىچ ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پۇتلىرى بولاتتى). ئاندىن مۈرىلىرىگە قويغان قاتلاغلىق چاپانلارنى يەرگە تاشلاپ، ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. يىگىت بېشى دوغاپچىغا بۇرۇلۇپ:

- قېنى بەچچە، ئابىگىدىن بىر پىيالە مەرھەمەت قىل، - دېدى ئۇ شاپ بۇرۇتىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ.

— مانا تەييار!

دوغچى چىۋەرلىك بىلەن مۇز چوقۇپ دوغ تەييارلاپ، يىگمەت بېشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىۋە ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ:

— ھەي يىگمەت بېشى، ياغاچنى قەيەردىن ئەكەلدىڭلار، — دەپ سوراپ قويدى.

— ساڭا نېمە كېرەك؟ يىگمەت بېشى دوغانى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

— سوراپ قويدۇم، سورىغاننىڭ نېمە يامىنى؟ — دوغاپچى يىگمەت بېشىغا نارازى بولغاندەك قاراپ قويدى. يىگمەت بېشى دوغانى بىر يولىلا ئىچىپ بولۇپ ساقال — بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ جاۋاپ قىلدى:

— يېڭىساردىن كەلتۈردۇق، — دېدى ئۇ دوغاپچىغا قاراپ، ئاندىن دېخانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ داۋام قىلدى، — بۇ مال تۇياقلار، خۇددى ئۆكۈزنىڭ ئۆزى. شۇنچە قامچىلاپ تۇرسامۇ، تېز يۈرۈشمەيدۇ. ھالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدەك ساناپ باسىدۇ. ئۈچ كۈندىن بۇيان مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ كېتىمەن، چارچىدىم، ھەپسەلەم كەتتى... نېمە چارە. بۇ مال تۇياقلارغا نە سۆز ئۆتسۇنۇ، نە قامچا! كالىدەك پۇشقىراپ تۇرغىنى — تۇرغان!

— يا ئاللا، يا كەرىم، ھىلىمۇ شۇنچە يەردىن كۆتىرىپ كەپتۇ! — دېدى دوغاپچى، مۈكچەيپ ئولتۇرغان دېخانلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ.

— بۇ مال تۇياقلار كۆتەرگىنى يوق! — دېدى ئىستېھزا ئارىلاش كۈلگەن يىگمەت بېشى قامچىسىنى كۆرسىتىپ: — مانا بۇ قامچام كۆتىرىپ كەلدى. مېنىڭ بۇ قامچام بار بولسا كېيىنكى قېتىمدا ياغاچنى ياركەنتتىن كەلتۈرىمەن! تاماشانى مانا شۇچاغدا كۆرىسەن!...

— يا ئاللا، يا كەرىم، ئۆلگۈچە نى — نى ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز! — بىر قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتقان دوغچى بېشىنى چايقاپ ئۆز ھەيرانلىغىنى ئىپادىلەيتتى. بىر تەرەپتىن جارچى چىقىپ كەلدى. ئادەم توپلانغان يەرلەردە توختاپ، ئەپلەشكەن ئىگىزلىككە چىقىپ جار سالاتتى:

"ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇ — خاس! بۈگۈن يەتتە شەھەر ئەھلى جاھان، تويغا ياسانسۇن شادىمان، شادخۇررەمى ئەييام بۈگۈن، نەققارە چالسۇن شادىيان. بە دۆلەتى ئاتلىق غازىمىز، ئەمرۇلمۇسلىمىن شاھىمىز، سۇلتانى ئابدۇلئەزىزدىن نامە ئالدى، تاجۇ — دۆلەت ئىنئامە ئالدى. مىڭلاپ ياراغۇ — ئەسلىھە، دۇررى جاۋاھىر مەر — مەرە، شاھانە كەمەر، زەرباپ لىباس، ھازەلقىياس — ھازەلقىياس، بۇ ھەممىسى شاھىمىزنىڭ شانى ئۈچۈن، شىرۇيەزدان دەۋرانى ئۈچۈن، ئەييۇھەنناس — ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇ-خاس، ھەدىمىز ئۇلۇق بايرام بۈگۈن، شات خۇررەمى ئەييام بۈگۈن!...

جارچى يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە باشقا جايلاردا جاراڭلىماقتا ئىدى.

— مۇبارەك، مۇبارەك! جانابى ئاتلىق غازىمىز ئۆلمىسۇن! — ھاياجانلانغان يىگمەت بېشى ئەلگە قاراپ خىتاپ قىلغاندىن كېيىن دوغاپچىغا قاراپ: — ھەي بەچچە ئابىڭدىن يەنە بىر پىيالە ئۇزات، چۆلۈم قانماپتۇ! — دېدى.

— خوپ مانا ... ئىككىنچى پىيالە، — دېگەن دوغاپچى دۇغاپنى يىگىت بېشىغا بېرە-
ۋېتىپ: — ماۋۇ ئادەملىرىڭىزگىمۇ بىر پىيالىدىن دوغاپ بېرەيمۇ! ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار چۆللىگەندە ئۆزلىرى مۆرەيدۇ! — دېدى يىگىت بېشى.

— ئۇنداق دېمەڭ، بىر پىيالىدىن سوغۇق سۇ بولسىمۇ ئىچسۇن، ئادەم ئەمەسمۇ!؟

دوغچى قايتىپ كېتىپ دېخانلارغا سۇ بەردى. باشقا شىرىنچىلىرىمۇ سۇ بېرىشتى. بۇ ئىشلارغا نارازى بولۇپ تۇرغان يىگىت بېشى ئۆز دۇككىنىغا قايتقان دوغاپچىغا قاراپ:

— ئاتاڭغا رەھمەت، سەندىن باشقىسى ئۆلمىسۇن، ئال پىيالەڭنى! — دېدى-دە، قولىدىكى پىيالىنى ئاتتى. دوغاپچى تۇتالماي قالغانلىقتىن پىيالە يەرگە چۈشۈپ سەككىز پارچە بولۇپ كەتتى. يىگىت بېشى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماستىن دېخانلارغا ۋاقىرايتتى.

— قېنى تۇرۇڭلار، ئۇخلاپ قالدىڭلارمۇ، بەچچىغەرلەر!...

دېخانلار ئاستا ئىرغىپ قوپۇپ ئىشقا تەييارلىناتتى. ئۇلار مۇرىلىرىگە چاپان قويۇپ كالتەكلەرنى ئۇڭشاپ، كۆتىرىش ئالدىدا تۇرغاندا، يىگىت بېشى قەستەن ئۇلارنى ئالدىراتقان بولۇپ بىر ئىككىسىگە قامچا ئۇردى: — تېز بولۇڭلار مال تۇياقلار!...

دېخانلار ياغاچنى كۈچەپ كۆتىرىپ مېڭىشقا باشلىغاندا، دوغاپچى يېقىنلاپ كېلىپ:

— ھەي يىگىت بېشى! — دەپ خىتاپ قىلدى ئۇ ئادىمىگەرچىلىك بىلەن، — ئىككى پىيالە دوغاپ بىلەن سۇنغان پىيالىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەمسىز؟

— نېمە دېدىڭ؟ — يىگىت بېشى غەزەپ بىلەن توۋلىدى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— ئىككى پىيالە دوغاپ ئىچتىڭىز، بىر پىيالىنى ئېتىپ چاقتىڭىز، پۇلىنى تۆلەمەي قانداق قىلماقچىسىز!؟

— يەنە بىر ئېيتقىنا!

دوغاپچى تەكرارلىدى. غەزىۋى ئۆرلىگەن يىگىت بېشى توۋلاپ:

— يەنە شۇ سۆزمۇ! مانا ساڭا! — دېدى-دە، قامچا بىلەن دوغاپچىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شىردەك ئاچچىقى كەلگەن دوغاپچى ئەپلەپ تۇرۇپ قامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتىۋالدى-دە، كۈچەپ تارتىپ يىگىت بېشىنى تەختىپەردىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جېدەل چوڭايدى، دوغاپچى گەرچە قول ياندۇرمىغان بولسىمۇ، يىگىت بېشىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، تەختىپەرگە قىستاپ قىمىر قىلدۇرمىغان ئىدى. خەلق ئولاشقىلى تۇردى. بازار قىزىغان ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن دەھشەت قاپلىغان ئىدى...

## 2

ئىلىمنىڭ كانى — سانى بۇخارا① ئاتالغان قەشقەردە ھەقىقى ئىلىم ئەھلىلىرى، مۇدەررىسلەر ئىچىدە بەلكى ئۇلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان خەلپەتلەر ئىچىدە كۆپ تېپىلاتتى. ئادەتتە ئۇلار باشلىرىغا يوغان دەستار ئورىشاتتى. ئۇلىما ۋە ئالىم بىز دەپ كۆرەڭلەپ

① ئىككىنچى بۇخارا

ھاڭگىتتەك بوينىنى سوزۇپمۇ كەتمەيتتى . لېكىن ئىلىم تارازىسىدا سالغاندا، "داسقان چوڭ بىر نان يوق . دەستار چوڭ ئىرفان يوق" دىگەندەك بېشىغا يوغان دەستار ئوراپ ئىلمى ھەقىقەتتىن كور، سىياسى ھاكىمىيەتكە يۆلىنىپ كۈن كۆچۈرىۋاتقان "ئۇلىما - ئەشرەپلەر"نى بېسىپ چۈشەتتى . بۇ خىل كىشىلەر مەدرىسلەردە ئاساسى ئىلىمنى تەھ- سىل قىلغاندىن كېيىن، رەسمىيەتچىلىك ۋە جاھانساز لىقلاردىن چەتنەپ، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى - دە، كەمتەرلىك بىلەن خەلق ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى . ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ كىشىلەر ئىلىمدە چوڭقۇر، نەزەردە ئۆتكۈر، مۇھاكىمىسى كەڭ، ۋىجدانىدا ساپ كېلەتتى . شۇ كۈنكى ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك بىر قىسمى يۇقارقى تىپكە كىرىدىغان موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ پېقىرراق كۈلبىسىدە ئۆتكەن ئىدى .

جەنۇپقا قارىتىلغان چاققانغىنا ئايۋانچا ئالدىدىكى ئىككى پارچە كىگىز ئورنىچىلىك يەردە، رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلغان بۇ ھويلا ئۇ قەدەر ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ رەتلىكلىكى، سىپتالىقى ۋە تازىلىقى بىلەن ئالاھىدە نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى . بۇلۇڭ تەرەپتە باراقسان كۆكلىگەن بىر تۈپ ئەنجۈردىن خۇش پۇراقلار گۈپۈلدەپ پۇرقۇپ تۇراتتى . دەل بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت پېشىندىن يېنىپ ئايۋانچىغا سېلىنغان تەكلىمات ئۈستىدە كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ھالقىسى خۇددى سېغىزخان قاقىلدىغاندەك ئاچچىق تاراقشىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى . خەلپەت كىتاپتىن كۆزىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئاۋۋال ئىشىككە، ئاندىن ئىچكىرىكى ھويلىغا قاراپ قويدى . دەل شۇ چاغدا 15 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى چىقىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى . خەلپەت يەنە كىتاپقا ئېڭىشىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

ئىككى مېھمان تولۇق تەلەپپۇز بىلەن سالام بېرىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى .

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ! - دېدى خەلپەت، ئاۋازدىنلا كەلگۈچىلەرنىڭ كىملىگىنى تونۇپ، ئاندىن سۆيۈنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى، - كەلسىلە، ھەسسىناخۇنۇم، كەلسىلە ئىمىناخۇنۇم، بىساتقا كېلىشسىلە، يارانلار !

يارانلار دىگىنىگە قارىغاندا ئۈچ كىشىنىڭ ساۋاقداش ئىكەنلىگى چىقىپ تۇراتتى. مېھمانلار ئولتۇرۇپ پاتە قىلدى .

— كىتاپ كۆرۈۋېتىپلا تەخسىر، - دېدى ھەسسىناخۇن كۆرۈس ئۈستىدىكى كىتاپقا كۆز قۇيرىغىدا قاراپ .

— ھا ... زۆرۈر دىيەتتىم ...

— جانا پىلىرىغا نىمە زۆرۈر دىيەت بولۇپ قالدىكىن ؟ - دېدى ئىمىناخۇن تەئەججۇپلەنگەن قىياپەتتە .

— خۇش تەخسىر، پېقىرغا ھازىر جەھەننەم بابى زۆرۈر بولۇپ قالغانتى، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن كىتاپنى ئېچىشىمغا شۇ باپنىڭ ئۆزى چىقا بولدۇ! - خەلپەت سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— مانا كارامەت!

— شۇنى دېسىلە، — دېدى ھەسىناخۇن ھەمراسىنىڭ تەئەججۇپلەنگەن قىيا پېتىنگە قاراپ. ئاندىن خەلپەت تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — تەخسىر، ئۆزلىرى، خۇدانىڭ مۆمىنى تەقۋا، لىللا – خالىس ئادەم. ھېچۋاقىتتا ئەھلى جەھەننەم ئەمەس، ۋاھالەنكى مەزكۇر باپنىڭ سىلىگە نىمە زۆرۈرىيىتى!؟ — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ.

— مانا قىزىق! — دېدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت چۆچۈپ، ئاندىن يارانلارغا قاراپ داۋام قىلدى: — تىرىك تۇرۇپ جەھەننەم ئازاۋى كۆرۈۋاتقان ئادەم، قانداق قىلىپ ئەھلى جەھەننەمى بولسۇن!؟

— خۇدايا توۋا دېسىلە!

— جان بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ چىرايىغا جىددى ۋە كەسكىن تۈس ئېلىپ، — ماقىلا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باپ زۆرۈر بولۇپ قالدىكى، كىتاپلاردا بايان قىلىنغان جەھەننەم ئازاپلىرى ئىچىدە جەھەننەمگە تاشلانغان بەندىلەرگە ياغاچ كۆتەرتىپ، مازا پەرىشتىلىرى ياغاچ ئۈستىگە تەختىپەر قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قامچا ئوينۇتۇپ، ئازاپ سېلىش بارمىكىن دېيىدىغان ئىبارىنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. شۇنچە ئاختۇرسام بۇ ھەقتە ھېچقانداق بايان ئۇچراتمىدىم، بېشىم قېتىپ ئولتۇراتتىم، ھەر قايسىلىرى كېلىپ قېلىشتىلا، پۇرسەت غېنىمەت، شۇنى سوراپ قالايكى، ھەر قايسىلىرى بىرەر كىتاپلاردا ئۇچراتقان يەرلىرى بارمىكىن؟...

— ما، ئادەمنى! — ھەسىناخۇن بىلەن ئىمىناخۇن بىر – بىرىگە قارىشىپ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا كۆز ئۇچراشتۇرۋالغاندىن كېيىن، تەڭلا:

— كىتاپلاردا ئۇچراتمىدۇق، ئەمما بۈگۈن شەھىرىمىزدە كۆردۇق، — دېدى.

— ھەيبەللى، شۇ گەپ ئەمەسمۇ، شۇ گەپ ئەمەسمۇ!

مەقسەتنىڭ بۇنداق ئوبدان يورۇغانلىقىغا خۇشال بولغان خەلپەت ئورنىدا ئولتۇرالماي كۈلكەپ – كۈلكەپ كۈلدى.

ئارىغا سۈكۈنات چۈشتى. ھەممەيلەننىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى نۆۋەتتىكى رىئال ھاياتقا بۇرالغان ئىدى. ئېنىقىنى كۈنلەردىن بىرى بولغان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تەسۋىدەك تىزىلىپ ئۆتەتتى.

— بىز يامان قىلمىدۇق! — دېدى موللا مەھەممەتيار خەلپەت، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزغان ئىدى، — قەشقەر خەلقى يامان قىلمىدى. بۇزۇرۇك غوجام كەلدى دەپ قانچە كۈنلۈك يەرگىچە ئىستىقباللىغا چىقىپ، ئىززەت – ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئاق كىگىزگە ئېلىپ بېشىمدا كۆتەردى، ھەرگىز يامان قىلمىدى.

— شۇنداق تەقسىر، يامان قىلمىدۇق! — دېدى ھەسىناخۇن خەلپەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — تارىختا جاھانگىر چىڭگىزنى ئاق كىگىزدە كۆتەرگەن ئىكەن، شۇنچىلىك قىلغىنىمىزنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ!

— ئاق كىگىزدە ئولتۇرغىنى نەلەردە قالدى، غوجام باشقا يەردىن چىقتى، — دېدى ئىمىناخۇن ئاچچىق كۈلۈپ.

— بۇنى بىر دېمىسىلە، بۇ بەك يامان سۇئىقەستچىكەن! بۇزۇرۇك غوجامنى سو-
غۇق ئورۇدىغا بەنت قىلىپ ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، بۇ يامان سۇئىقەستچىكەن.
ئەشۇ خوتەن مەسىلىسىدىلا بۇ «زات» نىڭ قانچىلىك قارا نىيەتلىك سۇئىقەستچى ئىكەنـ
لىكى ئېسپاتلانىمامدۇ! — ھەسەناخۇن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — يازغان خەتلىرى قانداق
چىرايلىق-ھە! ئىمامىلىرىمنى ① تاۋاپ قىلىمەن دەپ قەسەمىيات قىلغان ئەمەسمىدى! ھە-
بىبۇللا ھاجى پاشا بۇ قىلتاققا دەسسەپ سالدى. ئىستىقبال قىلىپ چىدىر- بارگاھ تىكتى.
قۇچاقلىشىپ، ھەتتا كۆز يېشى قىلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كۇپايە قىلالاتتى، ئەپسۇسكى داس-
تۇرخاندىن پىچاق چىقتى. ھاجى پاشا قەتلى قىلىندى. بۇ سۇئىقەست بولماي نىمە! ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە بىر قانچە مىڭ خوتەن خەلقىنى قىرغىن قىلدى، بۇ قارا نىيەتلىك بول-
ماي نىمە!

— ئىسھاق خوجا، راشىدىن خوجا بىلەن بولغان رابىتەمۇ يەنە شۇ ھىلە، يەنە شۇ
سۇئىقەست، بىھۇدە قان تۆكۈش بولدى! — دېدى ئىمىناخۇن ئۇلۇق كىچىك تىنىپ.

— ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنىڭ بەرقارارلىغىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان ھەر قانداق
ھۆكۈمران (پادىشا) قارا نىيەت - سۇئىقەستچى بولماسلىغى، قان تۆكمەسلىكى، خەلققە
زۇلۇم سالماسلىغى، ئەلنى خانىۋەيران قىلماسلىغى لازىم! — موللا مۇھەممەتيار خەل-
پەت غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، — بۇ
«زات» گويا يول توسقۇچى قاراقچىلارنىڭ خۇي ئەپئاللىنى قىلىۋاتىدۇ. كىملەرنى ئوغرىلاپ
ئۆي ئىگىسىگە بورىسىنى قالدۇرىدىغان بۇلاڭچىلارنىڭ خۇيىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر
قىلىۋاتقانلىرى ئۆزى قۇرماقچى بولغان ھاكىمىيەتكە تامامەن خىلاپ، ئەگەر بۇ «زات»
مەيلى ھەبىبۇللا ھاجى پاشا، مەيلى راشىدىن خوجا بىلەن بولسۇن ئىتتىپاق بولۇپ، بىر
ياقىدىن باش چىقارغان بولسا، ھەر قانداق ئىشتا باماسلىھەت ئىش كۆرگەن بولسا،
بىرلىككە كەلگەن بۇ كۈچ — ئۇنىڭ داۋام قىلدۇرماقچى بولغان ھۆكۈمرانلىغىنى روناق
تاپتۇرۇشقا كۇپايە قىلالاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ كىشى ئۇنداق قىلمىدى. پايدىلىق كۈچلەرنى
بەربات قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. خەلق ھازىر
بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ھەممە ئادەم گۇمانلاندى. ھاسىل كالام، بۇ كى-
شىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەل نەزىرىدىن قالدى، ئەلنىڭ رايى ياندى. ئەل رايىنى قولدىن
كەتكۈزۈش ھەر قانداق ھۆكۈمران، ھەر قانداق ھاكىمىيەتنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن
باراۋەر. شۇنداق ئەمەسمۇ!...

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ھەسەناخۇن بىلەن ئىمىناخۇن تەڭلا بېشىنى
لىڭشىتىپ.

— ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەتلىرىنى يەنە ئۆزلىرى كۆرىدۇ! — دېدى خەل-
پەت قىزىشىپ، — بىز ئەسلىدىكى ئىتتىپاقسىزلارغا خاتىمە بولسۇن ئۈچۈن، بۇزۇرۇك خوجىغا
ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇ كىشى بىلەن مۇنداق بىر سۇئىقەستچىنىڭ كېلە-
رىغا نلىغىنى ئويلىماپتۇق. بۇ سۇئىقەستچي ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يوغۇننى ئىشلىدى، قان

تۆكتى، ئارىغا ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلدى. ئەلدە «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالارسەن» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى يەنە ئۆزلىرى كۆرىدۇ. ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىشەنچسىزلىكلەرنىڭ ئاچچىق تەمىنى ئۆز ھالاكەتلىرى بىلەن تېتىيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

— شۇنداق، دېگەنلىرى مىڭ مەرتىۋە توغرا، — دېدى ھەسەنئاخۇن سۆز ئېلىپ:— بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىز، بېشىمىزدىكى پالاكەت تاغلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، ھالاكەت پاتقاقلىرىغا غەرق قىلىدۇ!...

— قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت قولىنى ئاچچىق سىلكىپ. ئالدىن يارانلارغا قاراپ داۋام قىلدى، — ئاق تاغلىق دېدۇق، قارا تاغلىق دېدۇق، خوجىلار، ھەزرەتلەر، ئىشانلار دېدۇق. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەنپەئەتلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇقلاردىن خالى ئەمەس! ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن! بەدۆلەتنىڭمۇ مەنپەئەتلىكى، ھەسەتخورلىقى، ئابرۇيپەرەستلىكى، ئىتتىپاقسىزلىقى قۇرۇپ كەتسۇن، ۋەيلۇن دوزاقتا كۆيۈپ كەتسۇن!

ئارىدىن بىر نەچچە دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىمىناخۇن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى:

— بۈگۈن كوچىدا جار سېلىنىۋاتىدۇ!— دېدى ئۇ يېڭى ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ:— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۇلتان ئابدۇلئەزىزدىن بەدۆلەتكە نامە، ئېھسان، ئىنئام، سەرپا يەڭلىغ سوغاتلار كەلگەن بولسا كېرەك.

— مانا ئەمدى راسا كۆرەڭلەپ ئەسكى تۇماقنى چىشلەپ ئويناغان كۈچۈكتەك قىلىقىغا پاتماي قالىدىكەندە!— موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ سۆزى ئىستىھزالىق كۈلكىگە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئىشىك ھالقىسى تاراقلاپ ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى توختاتتى. بالا چىقىپ ھايال بولمايلا بىر موماينى باشلاپ كىردى.

موماي ھاسىسىنى توكۇلدۇتۇپ سۆزلەپ كېلەتتى.

— خۇداغا شۈكرى... مىڭ قەترە شۈكرى...

خەلپەت باشلىق ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشتى. موللا مۇھەممەتيار خەلپەت مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالام چوڭ ئانا! — دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— بالىلىرىم ھەممىلىرى تېچ تۇرۇشلىمۇ؟— دېگەن موماي خەلپەتكە يېقىنلاپ ئۇنىڭ مەڭزىگە - مەڭزىنى ياقتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:— جېنىم بالىلىرىم، ھەر قايسىلىرىنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى. قانچە كۈن بولدى، بۇ دەيۈزلەرنىڭ دەردىدە!— موماي سۆزىنى يىغا ئارىلاش ئۈزۈپ - ئۈزۈپ داۋام قىلاتتى، - بۇ دەيۈزلەرنىڭ دەردىدە يۈرۈكۈم ئاغرىپ، دىمىم سىقىلىپ ماڭىدەك ھالىم قالمىغانىدى. ئەمدى ھوشۇم يېتىم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ غەم قىلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن خەلپەت بالامنى بىر كۆرىۋالسام، دەپ ئۈمىتمۇ قىلدىم. ئۈمىت قىلساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن دەپتىكەن، خۇ-

داغا شۈكرى، بۈگۈن مۇرادىمغا يەتتىم، — ئانا تېخىچە ئۆرە تۇرغان مېھمانلارغا قاراپ، — ئولتۇرۇشسىلا بالىلىرىم! — دىدى.

— كەلسىلە ئانا، ئۆزلىرىمۇ ئولتۇرسىلا! خەلپەت ئانىنىڭ كەڭ يېڭىدىن تارتىپ بىساتقا تەكلىپ قىلدى.

— مېنىڭ ئولتۇرسام قوپىشىم تەس، — بىر پەس ئۆرە تۇراي، ھەر قايسىلىرى ئولتۇرۇشسىلا! — ئانا ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى، — بىز شۇ ئۆزدىمىزنى ئۆزىمىز يەپ تۈگەتمىدىغان خەقمۇ! خىيال قىلسام يۈرىگىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك «قات» قىلىپ ئاغرىيدۇ. ۋاي جېنىم... بەدۆلەت — بەدۆلەت دەيدىكەن، بۇ دەيۈزلەرنىڭ نېمىسى بەدۆلەت؟ دۆلەتنى قۇرۇپ كەتسۇن، بېشىمىزغا كەلگەن بىر ئاپەت دېسىلە! بۇ خەقنىڭ يىگىتلىرى، باچكىلىرى، پاششاپ بەگلىرى مەھەللىمۇ-مەھەللە، سەھرامۇ-سەھرا ئات چېپىپ، زىرائەتلەرنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، بۇلارغا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ. گەپ قىلمىش ئۇيا قىتا تۇرسۇن، قاراپ قويغانغىلا ئۇرۇپ قامچىلاپ باش-كۆزلىرىنى يېرىپ قان قىلىۋاتقان، باغلاپ ئېلىۋاتقان! ۋاي خۇدايىم سەھرا دېگەندە قەيەرگىلا بارسا يىغا — زارە، نالە-پىغان، كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق. بۇ خەقنىڭ مۇنداق دەردى- بالاسىدىن خاتىرجەم نامازمۇ ئوقىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدىگىنە ناماز ئوقۇي دەپ تۇرۇشۇمغا گۇلدۇرلەپ كېلىشىدۇ. يەنە نېمە بولغاندۇ، دەپ ئوقۇۋاتقان نامىزىمدىن ئادىشىمەن. ئوقۇۋاتقان سۈرىلىرىم نەلەرگە كېتىدىكىنتاڭ! ۋاي خۇدايىم، مۇشۇنداق بولىۋەرسە قانداقمۇ قىلىشارمىز. ئۇلارنىڭ دەستىدىن خۇداغا تائەت-ئىبادەت قىلالماي ئۆلۈپ تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن دەپ قويغان — تۇتقانلىرىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم...

— شۇنداق، چوڭ ئانا، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى بىئارام... دىدى خەلپەت ئانىغا كۆڭۈل ئېيتىپ.

— خۇدايىم بۇيرىسا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ! — دەپ قوشۇپ قويدى ھەسىناخۇن.

— شۇنداق بالام، كىمدىن قالمىغان ئالەم بۇ! خۇدايىم بالايى — ئاپەتلەرنى كۆتەرگۈسى كەلسە بىر دەمچىلىك! ھىلىقى باچكىلىرىچۇ، — ئانا يەنە شۇ ئىلگىرىكى سۆزىگە ئۇلاپ داۋام قىلدى، — زىرائەتلىرىمىزنى دەسسىتىپ بىزاۋىتە قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئات بېقىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىۋېتىپ يەنە شۇ زىرائەتلەردىن باج ئالىمىز، ئۆشرە ئالىمىز دەپ خەتلەپ يۈرۈيدۇ، پەقەت ئىززا تارتمايدىكەن، ھويلىغا تېرىپ قويغان بىر — ئىككى تۈپ كاۋا-قاپاقلارنىمۇ يېزدۈرىۋاتىدۇ. بىر كۈن كەچكىچە ئارام يوق، بىردەم سۇ پۇلى دېگەن، بىردەم ئوتۇن، بىردەم سامان دېگەن، زادى ھېچكىمنى ئارامىدا قويمايدۇ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يېزا — سەھرا دېگەندە قىيامەت قايىم بولۇپ كەتتى جۇمۇ!

— ئاھ دەردىم، ئاھ دەردىم! — قاتتىق ئاھ ئۇرغان خەلپەت قاتتىق يۆتىلۈپ، لەختە — لەختە قان سەپرا قىلدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ سارىسىمىگە چۈشكەن ئىدى.

— ۋاي بالام نېمە بوللا، قان سەپرا قىلىۋاتىلىغۇ، مىجەزلىرى يوقمىتى؟

— ھېچۋەقەسى يوق! — دېدى خەلپەت يۆتەلدىن تەستە توختاپ.

— خۇدايىم... ئېچ بولسىلا! — دېدى ئانا ئىچ ئاغرىتىپ.

— جاھان مانا مۇشۇنداق تار، ئەل - يۇرت خارى - زار!... — دېدى خەلپەت قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، — بىزنىڭ ئېزىلىۋاتقان قەشقىرىمىز مۇشۇنداق قەشقەرمىدى!؟ ئەتىر، رەيھان پۇراقلىرى دىماقنى سەرخوش قىلىدىغان قەشقەر ئەمەسمىدى؟ باغلاردا خوش ناۋا بۇلبۇللار سايراپ، نەغمە - ناۋا ياڭراپ تۇرىدىغان قەشقەر ئەمەسمىدى! ئەمدى قانداق بولدى؟ نىمە دېگەن زاۋاللىق بۇ!... بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى بولسىمۇ، خەلققە زۇلۇم راۋا كۆرسە، بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلغىلى بولسۇن! ۋادەرىخ، سەۋرىم تۈگىدى، ئەلەم يۇتقاندىن ئەجەل يۇت! مەن باراي، قاراڭغۇ زىندانلاردا ياتاي! دار - كانارلىرىغا ئېسىلاي، قانلىق قىلىچقا بويۇنۇمنى تۇتۇپ بېرەي!

— سەۋرى قىلسىلا خەلپىتىم، سەۋرى دېگەن ئۇلۇق، ئالەمچە دەرتنى تېرىقچە سەۋرى كۆتىرىپ كېتىدۇ!... — دېدى مېھمانلار.

— شۇنداق بالام، سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن! — دېدى ئانا.

— ئالەمنىڭ چېكى يوق، سەۋرىنىڭ چېكى بار ئەلۋەتتە. يولسىزلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىككى ئېغىز ھەققەت سۆزىمىزنى ئېيتماي قاچانغىچە دەرت يۇتىمىز. دەرت يۇتۇش ئەجەل يۇتقاندىن مۈشكۈل. مىڭ مەرتىۋە مۈشكۈل!

مولla مۇھەممەتيار خەلپەت غەزەپتىن غال - غال تىترىمەكتە ئىدى.

3

ئاتلىق غازى — بەدۆلەت تەخت ئۈززە سۆلەتلىك ئولتۇراتتى. چاقما كاۋىدەك چوڭلۇقتا ئورالغان ناۋاترەڭ شايە سەللىسى ئۇنىڭ ئەتلىك يۇمۇلاق يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان ئىدى. شالاڭ ئاق سانجىغان ئۈسكىلەڭ بىدە ساقىلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئوت چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئەتراپىغا توپلانغان ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، مىرزىلىرى، داددىخالىرى، دۆۋانبەگلىرى ئۈز دەرىجىسى بويىچە سەپ بولۇپ ئەدەپلىك تۇرىشاتتى. يان تەرەپتىكى بۆلمىدىن ئوردا سازەندىلىرى چالغان نەغمىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتى. يىگىتلىك ۋاقتىدىن تارتىپ نەغمە - ناۋالارغا ھەۋەس بېرىپ كەلگەن ياقۇپبەگ پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇزىكا سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى، بەزىدە گويا مۇزىكا تەسىرىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقان كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىناتتى. لېكىن چېچەن ئىدى. كۈندۈلۈك خەۋەرلەرگە، پىتنە - ئىغۋالارغىمۇ ھۇشيارلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى.

دۆۋانبەگلىرىدىن بىرسى بىر پارچە مەكتۇپنى بېشىدىن ئېگىز كۆتىرىپ كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈردى:

— خوتەن ئەلچىلىرى دەرگاھلىرىدىن ئىلتىپات تىلەيدۇ! — دېدى ئۇ قۇللۇق قىلىپ.

مەكتۇپنى مەخسۇم ئىسىملىك باش مىرزا ئېلىپ قائىدە بويىچە بەدۆلەتكە سۇندى.

— كىرسۇن! — دېدى بەدۆلەت مەكتۇپنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، كېيىن خەتنى باش مىرزىغا سۇندى.

ئۇ ئادەتتە خەت ئالاقىلارنى باش مىرزىغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى ۋە ئاغزاكى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئەمىر-پەرمانلارنى مىرزىلار دەرھال يېزىشۋالاتتى.

ئىككى نەپەر ئەلچى كىرىپ كەلدى. ئۇلار چوڭقۇر تازىم بىجا كەلتۈرۈپ شاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەرەپكە ئۆتۈشۈپ تىك تۇرۇشتى. باش مىرزا مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى:

« شۇجائەتتە ساھىپقىران، ئادالەتتە نۇشىرىۋان، دۆلەتتە سۇلايمان، غۇرۇرى چىڭگىزخان، تۇغلىرى گەردۇنىمايان، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان، پۇخرالارغا پاسىبان، مۇجاھىد غازى پەخرول ئىسلام، جانابى مۇھتەرەم سۇلتانى كەرەم بەدۆلەتتى — ئاتىلىق غازى ئالى كىراملىرىغا، ناتاۋان قۇللىرى نىياز ھېكىم بەگدۇرمىز، ئالى ھۇزۇرىتىمىز، قوللۇق تازىملىرىمىزنى ئادا قىلغىنىمىزدىن سۆگرە ئۇشبۇ نالايىق مەكتۇبىمىز بىلەن جانابى ئالىلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى پۈزۈن بولۇشىنى كېچە — كۈندۈز بىر ئاللادىن تىلەيمىز. باز شۇنى ئەرز قىلىمىزكى، جانابىلىرىنىڭ ئاپتاپ نۇرلىرى ئاستىدا پۈتكۈل خوتەن رەئىيەتلىرى شات-خۇراملىق بىلەن مەئىشەت قۇرۇپ، زىكرى — ساما سېلىپ، ئادالەتلىرىگە شۈكرانە ئوقۇماقتا. نائەھلى مۇرتەت ھاجى پاشا جانابى ئالىلىرىنىڭ قەھرى-غەزىۋى ئالدىدا يەر چىشلەپ مەسخىرە بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ — ئۇششاق ھەممە پۇخرالار ئەمىنىيەت تېپىپ، نۇرانى ئاپتاپ سايىلىرىدا خاتىرجەملىك بىلەن زىرائەت، تىجارەت، ھۈنەر — سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جانابى ئالىلىرىدىن مىننەتدار بولماقتا. ئۇشبۇ خۇشاللىقلىرىمىزنى ۋاقتى — ۋاقتىدا ئىزھار قىلىپ ۋاقىپلاندۇرۇش، كىمىنە قۇللىرىنىڭ زىممەسىدىكى قەرزىمىز ئىدى. ئەپسۇسكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئالدىراشلىقى ۋەجىدىن ھوزۇر شىرىپلىرىگە قوللۇق قىلىپ بېرىپ تازىم قىلالمىغانلىقىمىز ئۈستىگە، مەكتۇپلىرىمىز ھەم خىرامان بولۇپ قالغىنىغا كۆپ خىجالەت بولىمىز. ئەپۇ ئىلتىپاتلىرىنى سېغىنىمىز. ئۇشبۇ مەكتۇبىمىز بىلەن نالايىق قۇللىرى ئازغىنە سوغا — سالام يوللىدى، دەرگاھلىرىدا مەقبۇل بولغايمۇ دەپ كۆپ ئۈمىدۋار بولماقتىمىز. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!..

خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىم بەگ

بەدۆلەت مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتاتتى. بىردىنلا ئوردا مۇزىكىسى جاراڭلىدى. پەتنۇسلاردا ئالتۇن-كۈمۈش، شايى ئەتلەس، كىمخاپ تونلارنى كۆتەرگەن سەككىز نەپەر رەققاسچى قىزلار كىرىپ تەخت ئالدىدا دەۋر قىلىپ شاھ نەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رېتىم بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سوغاتلىقلارنى باش ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇشتى. سوغاتلارغا شاھانە نەزەر سالغان بەدۆلەت قوبۇل قىلىش ئىشارىتى بەردى. غەزىنىچىلەر سوغىلارنى بىر — بىرلەپ تاپشۇرىۋېلىپ، بەدۆلەتنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق تازىم بىجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

قىزلار ئۇسسۇل باشلىدى:

بىر - بىرىدىن ئۆز - نازۇك، زىبا بوي قىزلار تال چىۋىقتەك تولغۇنۇپ، مەجنۇنتال-دەك ئېگىلىپ، بىر مەيدان ئۇسۇل ئوينىغاندىن كېيىن ناخشا باشلىدى:

خوتەن كۈلباغلىرىدىن خەسلەپ ئۈزۈلگەن،
بوي - بەستىمىز قاش تېشىدىن چېكىپ تۈزۈلگەن،
ئاھۇلارنىڭ كۆزلىرىدەك تىنىق سۈزۈلگەن،
نازۇك بەدەن، زىبا بويلۇق ھۆر قىزلىرى بىز.

كەلدۇق شاھىم ھوزۇرىغا ئىختىيار ئەيلەپ،
جەۋلان قىلىپ ئۆمرىمىزنى بەختىيار ئەيلەپ،
كۆل - غۇنچىمىز ئېچىلغايمۇ كۈلباھار ئەيلەپ،
سەنەم كەبى لاتاپەتلىك ھۆر قىزلىرى بىز.

ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىزلار مەرغۇلغا ئۇسۇل ئويناپ ئاتىلىق غازى ياقۇپ-بەگكە تازىملار قىلىپ، ئالى ئېھتىرام بىلدۈردى، مۇۋاپىق پەيتلەردە ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشتى...

4

بەدۆلەت ھاكىمىيەتنى قېلىچتەك كەسكىن ۋە ئاتەش غەزەپ بىلەن ئىدارە قىلاتتى. ھەر قانداق ئىشقا ھېلە - نەيرەڭ ۋە سۇيىقەست قوللىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭ غەزىۋىدىن ھەممە ئادەم قورقاتتى. سۇيىقەستتىن ھەر قانداق كىشى ئېھتىيات قىلاتتى. ئوردا بەگلىرى، مەھرەم، ئەھكانلارلا ئەمەس، بەلكى يىراق جايلاردىكى ئەمەلدار، دادىخالارمۇ تىترەپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇ ئادەتتىكىدىن نەچچە باراۋەر سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدا تىمساقنىڭ كۆزلىرىدەك پاقىراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چېچىلىپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئوردا بەگلىرى، مىرزىلار ۋە مەھرەملەر ھەتتا تىنىق تارتىشقىمۇ تەپتارتىپ جىم تۇرۇشاتتى. ئىككى تەرەپتە تۇرغان ياساۋۇللار خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى، قېلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان جاللاتلارمۇ تارشىدەك قېتىپ تىك تۇراتتى.

بەدۆلەت قانداقتۇ بىر ئىشقا تەقەززا بولغاندەك پات - پات كىرىش ئىشىكى تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مۇنداق سۈرلۈك قاراشلىرى ئەتراپتىكىلەرنى چۆچۈتۈپ دىر - دىر تىترىتەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكتىن ياساۋۇللار باشلىقى كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ:

— ئىسپانكار كەلتۈرۈلدى، - دېدى.

— كەلتۈرۈلسۇن!

بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئىككى ياساۋۇل باغلاغلىق بىر ئادەمنى ئىتتىرىپ ئېلىپ كەلدى.

— ئوپال كەنتىدە كالتەك كۆتۈرۈپ، زاكاتچىلار بىزغا قارشى چىقىپ، يىگىتلىرىمىزنى زەخىملەندۈرگەن ئىسيانكار ئابىت دېخان! — دېدى دېۋان بېگى قولىدىكى قەغەزگە قاراپ.

— جاللات، بېشى ئېلىنسۇن! — دەپ تووۋلىدى ياقۇپ بەگ ئانچە ئويلاپ تۇرماستىنلا، ئۇ ئەنە شۇنداق كەسكىن ھۆكۈم چىقىراتتى.

ئىككى جاللات قوشتەك يېتىپ بېرىپ، دېخاننىڭ ئايغىنى يەرگە تەككۈزمەستىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— زاكاتچى ئەمەس، بۇلاڭچى ... بۇلاڭچى! ...

دېخاننىڭ چارقىلىق سۆزلىرى بېسىلمايلا ئىككىنچى ئادەم كەلتۈرۈلدى.

— جانابى ئالىيلىرىنىڭ زاۋالىنى تىلەپ، سېھىر بىلەن شۇغۇللانغان سېھىلىم پىروخون.

— زىندان! دېدى ياقۇپ بەگ چىقىراپ.

ياساۋۇللار پىرىخۇننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى ئادەم كەلتۈرۈلدى.

— يىگىتلىرىمىزگە مۇش ئۇرغان شىرىنچى قۇتىبىدىن. — دېدى دېۋان بېگى.

— زىندان!

ئىككى ياساۋۇل دوغا پىچىنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ تووۋلاپ ئەرز ئەيتتى:

— ئىككى پىيالە دوغ ئىچتى، بىر پىيالىنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردى. مەن ھەق تەلەپ قىلدىم. يىگىت مېنى ئۇردى، مەندە نېمە گۇناھ، ئادالەت دېگەن قېنى! ...

— ئاغزىنى تۈۋاقلاڭلار!

ياساۋۇللار دوغچىنىڭ ئاغزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىپ سۆرەپ ماڭدى، دوغچى بوي بەرمەستىن:

— ناھەق، ناھەق، قېنى ئادالەت! — دەپ قاتتىق ۋاقىرايتتى.

چارقىلىغان قارشى سادالارنى ئاڭلىغان بەدۆلەت خۇددى ئوق تەككەن كېيىكتەك تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— ئادالەتنى نوشىرۋان، ئادالەتنى نوشىرۋان! — دېدى دېۋان بېگى قوللۇق كۆرسىتىپ، — سوراق تامام!

بىر كۈنلۈك سوراقنى چاقماق تېزلىكىدە بىر تەرەپ قىلىپ بولغان بەدۆلەت ئۇلۇق — كىچىك تىنىپ، مەغرۇر قىياپەتتە كۆز يۈگۈرتتى. ياساۋۇللار بىلەن جاللاتلار تازىم قىلىپ چېكىندى.

بەدۆلەت بىر ئاز بېسىلغاندىن كېيىن، باش مىرزا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ھاكىم ۋە دادىخالاردىن كەلگەن خەتلەرنى ۋە بۇ خەتلەردە يېزىلغان شاھانە تەرىپلەر، پۇخرانىڭ خۇشاللىقى، لەشكەرلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئوبدان تەمىن ئېتىلگەنلىكى ۋە باشقا شىرىن سۆزلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايتتى. بەدۆلەت ھەر بىر خەت، ھەر بىر جۈملە سۆزلەرگە دىققەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. خەتلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن

بەدۆلەت ئەمىرزادىلارغا قاراپ قولىنى كۆتىرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئىشارىتى ئەمىرزادىلارنى يېزىقلار دېگىنى ئىدى. ئۇ ئاغزاكى سۆزلەپ خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىم بەگ ۋە ياركەن ھاكىمى موللا يۇنۇس جاھانشاھ دادىخالارغا خەت يازدۇردى. بۇيرۇق شەكىللىك يېزىلغان خەتتە ئاساسەن لەشكىرى خىراجەت تەلەپ قىلىنىپ، ماددى ئەشيا ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا پىششىق مال — ئالتۇن-كۈمۈش ئەۋەتىش تەكىتلەنگەن ئىدى.

خەت ئاخىرلاشقان ئىدى. دىۋان بېگى كىرىپ قۇللۇق قىلدى:

— موللا مۇھەممەتنىيار خەلپەت ۋە يەنە بىر قانچە كاتىپلار سالامغا كەلگەن ئىكەن، ئىجازەت تىلەيدۇ.

— كىرسۇن! — دېدى ئۇ بېشىنى ئارانلا لىڭشىتىپ.

موللا مۇھەممەتنىيار خەلپەت باشلىق بىر قانچە خەلپەتلەر كىرىپ قائىدە بويىچە سالام بېرىپ تازىم قىلدى. بەدۆلەت «ئەلەيك» ئالغاندىن كېيىن:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت! دەپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇ ناھايىتى خۇش-خۇي كۆرۈندى. چۈنكى ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىدىكى پەرىشانلىقنى تېز سۈرئەتتە خۇشال ۋە تەمكىن ھالەتكە ئۆزگەرتەلەيتتى.

— ھوزۇرى ئالىيلىرىغا سالام بېرىش، ئاندىن يەنە بىر زۆرۈر يىمىتىمىز ۋەجىدىن كەلگەن ئىدۇق، — دەپ سۆز باشلىدى موللا مۇھەممەتنىيار خەلپەت. ياقۇپبەگ قۇلاق سالدى، خەلپەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كەلمەي تۇرۇشقا كۆڭلىمىز، ۋىجدانىمىز قويمىدى. ئاخىرى كېلىشكە، پىغانىمىزنى ھەغدا تۇرۇپ ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق.

— قۇلۇغۇم سەنلەردە! — دېدى ياقۇپبەگ بېشىنى سەل-پەل لىڭشىتىپ.

جانابى ئالىيلىرى يەتتە شەھەردە ئەمنىيەت ئورنىتىپ، «ئاپتاپ» نۇرلىرىنىڭ ھارارىتىدە ئەدلى-ئادالەت، ئەلگە مۇرۇۋۋەت، خەير-ساخاۋەت بىلەن تولغان ئىسالى ئىلىم باھاردەك نۇرانى جاھان قۇرماقچى بولغان «ئىجابى» ئارزۇلىرىغا زەررىچە گۇمانىمىز يوق ۋە لېكىن ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلمايدىغان ۋاقىت ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان دەلىللەرگە، بەرق ئۇرغان ھادىسىلەرگە قاراپ ئاتالمىش نۇرانى جاھاندىن گۇمان-ئەندىشە قىلمايمۇ تۇرمىدۇق. خوش، ئۇنداق بولسا بىزنى گۇمان-ئەندىشىگە سالغان بۇ ئەمەلىيەت زادى قانداق؟ بۇ ئەمەلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: «جانابى» ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىملار، دادىخالار، يىگىتلەر، ئۇششە-زاكاتچىلار، باجگىرلار ۋە باشقا ئاتارمەن-چاپارمەنلەر شۇنداق بىزاۋتالىق قىلىدىكى، جانابى ئالىيلىرىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇ ئەھۋاللاردىن «جانابى» ئالىيلىرىنىڭ بەلكى خەۋەرلىرى باردۇر، بەلكى يوقتۇر. ئەمما بىز بۇ جەھەتتىكى ھەق سۆزلىرىمىزنى دەرقەم تۇرۇپ ئېيتىپ ئاگاھ بېرىشكە، سىياسەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سەۋەنلىكلەرنى تېزدىن ئوڭشەۋېلىشقا دالالەت قىلغىلى كەلدۇق!

— ھە، ھە... — ياقۇپبەگ سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى.

— دەلىللىرىمىزنى ئىسپاتلاشقا ئاغزىمىز ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى

موللا مۇھەممەتيار خەلپەت: جانابى ئالىملىرىنىڭ ئەدلى - ئادالەت دىگەنلىرى ئەمەلدە - يەتتە نەيزە - قىلىچ، قامچا - دەرە ۋەھىمىسىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل يېزا - سەھرا، شەھەر - قىشلاقلارنى زارى - زار يىغلاتماقتا...

جانابى ئالىملىرىنىڭ مېھرى - شەپقەت، مۇرۇۋۋەت دىگەنلىرى ئەمەلىيەتتە خەلق بېشىغا چۈشكەن بالايى - ئاپەت، زۇلمۇ - زالالەت، تىل - ھاقارەت بولۇپ ئەلنى بىزار قىلماقتا...

جانابى ئالىملىرىنىڭ ھوزۇرىدىن چىققان خەيرى - ساخاۋەت، ھىدايەت، شاپائەت دىگەندەك شىرىن كالاملار پۈتۈن يۇرتنى تالان - تاراج قىلىپ ئەلنى خانىۋەيرانچىلىققا، ئاچ - يالىڭاچلىققا سۆرەپ بارماقتا...

— ئەخلاقسىزلىق توختالسۇن! مېنىڭ زامانەمدە نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن!؟ - دىدى ياقۇپبەگ ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ. ئۇنىڭ ساقاللىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— ھەرگىز ئەخلاقسىزلىق دەپ قارالمىسۇن! - دىدى خەلپەت ئاۋازىنى سەل كۆتىرىپ، - ھەققانىي سۆزلەرنى دەرھەم تۇرۇپ سۆزلەش ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى. يۇرتنى قاپلىغان ناھەقچىلىقلارنى كۆرمەسلىك، خەلقنىڭ نالە - زارى، دات - پەرياتلىرىنى ئاڭلىماسلىق، ئەلنىڭ دەرت - ئەلەملىرىگە نەزەر سالماسلىق بەلكى ئەخلاقتا كەمەسلىكى مۇمكىن. ۋاقىپ بولۇشلىرى لازىمكى، خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر. جانابى ئالىملىرىنىڭ پەدەر بۇزۇرگاھلىرى، مېھرىۋان شەپقەتچى ئانىلىرىمۇ ئۇلۇغ خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپتۇر. ۋەلېكىن ئۇلار شاھ ئەمەستۇر، ئەمما شاھلاردىن ئۇلۇغتۇر. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز، ھەگىلىغان - تۈمەنلىگەن يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ تەسەۋۋۇردە ئوخشاشتۇر. جانابى ئالىملىرىنى ۋە بىزلەرنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن، ئاچچىق يۇتۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇلۇغ ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى شاھقا بويسۇنغۇچى پۇخرادۇر. ھالبۇكى، پۇخرانىڭ پۇشتىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، پۇخرانىڭ ئېتىكىدىن شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان شاھلارنىڭ شۇ ئۇلۇغ پۇخرانى ئاياق - ئاستى قىلىشى، سىياسەتتە مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈپ ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىشى، زارى - زار يىغلىتىشى قىينى قايسى ئەخلاقتا كىرسۇن! ئۆزىنى ئالەم قوياشىغا قىياس قىلغان ھەر قانداق كىبىردار شاھ، ئەمەلىيەتتە قارا چىراغچىلىك نۇر چاچالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ شاھلارنىڭ ئەخلاقى - يەزدانىي دىگىلى بولسۇن! تەخسىر ...، - سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ ئاۋازى بىر ئاز پەسەيدى. ئەمما تېخىمۇ ئۇرغۇلۇق ۋە تەسىرلىك تىترەپ چىقاتتى. ئۇ ئاغرىنغان ۋە قايغۇرغان تەلەپپۇز بىلەن كۆيۈنۈپ داۋام قىلدى، - قاراڭغۇلۇق، زۇلۇم - ستەم ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ماكاندا كىشىلەرنى بىزار قىلغان ۋە بىزار قىلىدۇ. ھازىر شۇنداق بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ. قانداقتۇر ئادالەت، بەخت - سائادەت، مۇرۇۋۋەت، ھىدايەت، ھۆررىيەت، مۇساۋات دىگەندەك ئىبارىلار بىلەن پەدازلانغان چىرايلىق سۆزلەر ماھىيەتتە قانداقتۇر ئۈن - تۈنسىز كېلىدىغان كەلگۈسى بالايى - ئاپەتلەردىن بىشارەت بېرىپ، كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالماقتا. بۇنىڭدىن خەلق

قورقماقتا. ئىستىقبالىدىن غەم - ئەندىشە قىلماقتا. كەلگۈسى ھالاكەتتىن، تەنەززۇلدىن خاتىرجەمسىزلەنمەكتە. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ئەل كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولماسلىغى، ئەل رايىنىڭ مايىل بولماسلىغى ھەقىقەتەن ياخشى ئەھۋال ئەمەس. مۇنداق بولۇشى ھەر قانداق كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ ھالاكىتىنى، زاۋاللىغىنى چاپسانلىتىدۇ - خالاس! ...

— ھاقارەت، ئەدەپسىزلىك توختالسۇن! — دېدى بەدۆلەت تاقەتسىزلىك بىلەن. خەلپەتنىڭ ئاچچىق ھەقىقەت سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىگىگە تەككەنلىكتىن، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاڭلاشقا سەۋرىسى قالمىغان ئىدى.

— يەنە ئازراق سەۋرى قىلىپ ئاڭلاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەت سۆزىنى ۋەزمىن داۋاملاشتۇردى: — خەلق ھازىر سىياسەتنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن زەرداپقا تولغان يۈرىگىنى داۋالاش ئۈچۈن بىرەر ھۆكۈماغا مۇھتاج. ئەگەر ھۆكۈما يۈرەك خەستەسىنى يۈرەك بىلەن داۋالاش مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن خەلق تەرەپ - تەرەپتىن قوزغىلىپ، قوللىرىغا كالتەك - چوماق ئېلىپ بېشىغا زۇلۇم سېلىۋاتقان زالىملار، باجگىرلار، زاكاتچىلار، دادىخالار ۋە باشقا ئاكابىر - تاكابىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، پاچاق - پاچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئويۇپ ئېلىپ ئۆز جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا تەييار! ... بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ سەل چاغلىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس - تەخسىر! مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى بىئەدەپلىك، ھاقارەت دەپ قارىماستىن، ئەقىل تارازىلىرىغا سېلىپ دەڭسەپ كۆرۈشلىرىنى، مۇھاكىمە قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن!...

— جاللات، جاللات! ... كۆزۈمدىن يوقات! ...

بىر ئاز مۇنازىرە قوزغاپ ئۆز سىياسىتىنى ئاقلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئاچچىق پاكىتلار ئالدىدا زەئىپلىگىنى ھېس قىلغان بەدۆلەت، ئۆز تەبىئىتىدىكى ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىقىغا تايىنىپ، ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ، قارامالارچە جازا ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ھەممىنى يەڭمەكچى بولغان ئىدى.

جاللاتلار قۇشتەك ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلارغا چاڭ سالدى. موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خۇددى تەڭرى تاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرىدەك تىك تۇراتتى.

— شۈكرى، ئەلھەمدۇلىللا — شۈكرى! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ سۈرلۈك ئاۋازى ياڭرىدى: — مەن ئۆز بېشىمنى جاللات قېلىچىغا، ئۆز سىنەمنى كانارىغا ئاتاپ كەلگەن! شۈكرى ئەلھەمدۇلىللا! ...

— جاللات ... جاللات! ...

بەدۆلەت پوكزەكتەك كۆكلەپ ئاچچىق تىۋلايتتى.

— نادانغا سۆزلىگەن ئېسىت سۆزۈم، ئېسىت سۆزۈم! ... — موللا مۇھەممەتيار خەل-

پەت جاللاتلار ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يۇقۇرقى سۆزلەرنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى ...

× × ×

بۇ ۋەقە شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىغا چاقماق تېزلىكىدە شايە بولغان ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلگەن خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كەلكۈندەك شەھەرگە ئاقاتتى. شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئادەملىك كۆپلىكىدە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان جاللاتلار ئوڭۇشلۇق يول ئېچىپ ماڭالماي قالدى. خەلق توپى ئۇلارنى قاتمۇ - قات ئورىۋالغان، سەنجاق - سەنجاق سەپ تارتىپ، يوللارنى توسىۋالغان ئىدى. ھەيۋەتلىك خەلق دېڭىزى ئىچىدە قالغان جاللاتلار گويا ئۆزلىرىنى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك ھېس قىلىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراشقان ئىدى.

بىر جامائە خەلق بۇزۇرۇكخوجا ھوزۇرىغا بارغان ئىدى. ئۇلار موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئۈستىدىن تەنتەكلەرچە چىقىرىلغان ئادالەتسىز ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، بۇزۇرۇكخوجىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. خەلقنىڭ تەلەۋى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بۇزۇرۇكخوجا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى:

— يۈزۈمدىكى خالىمنى كۆرسەتتىڭ، دەپ ئەينەكنى سۇندۇرۇش كاتتا مەسخىرە. مۇنداق نادانلىق زامانىمىز غەمچە كۆرۈلگەن ئەمەس. ئەگەر نادانلارچە مۇشۇنداق قىلىنسا، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەبەدىل - ئەبەت مەسخىرە بولماسمۇ! ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن ئارتۇق ئاقىلانە تەدبىر تېپىلغۇسىز دۇر!

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، خەلق قۇدرىتى ئالدىدا بەدۆلەت مىرلا مۇھەممەتيار خەلپەت ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئاخىرقى سۆز

بۇ ۋەقەنى 1950 - يىلى خوتەن ئېلىچىدا ئابدۇنېسىر دامولامدىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ كىشى شۇ يىللاردا 70 كە بېرىپ قالغان، ئەمما تېنى ساغلام، ھۇشى جايىدا ئىدى. ئۇ كىشى ئەينى يىللاردا بۇخارا شەرىفتە ئوقۇغان بولۇپ، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بۇخارا مەدرىسلىرىدە، بەزمە - باراۋەت سورۇنلىرىدا تالىپلار، ئۆلىما - ئۇستازلار ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك قول ھەركەتلىرى ۋە قىياپەت ئۆزگىرىشلىرى بىلەن سۆزلىگەندە، بىر باغ بىردەك يايما ساقاللىرى تىترەپ مۇساھىبىگە جان كىرگۈزەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. نەق مەيداندا يازغان خاتىرەم ئاللىقاچان يوقالدى. ئېسىمدە قالغانلىرى بويىچە مۇشۇنداق بىر ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى تارىخى ئۈچېرىك قىلىپ يېزىپ چىقتىم.

1985 - يىل، سىنتەبىر.

# ھېيتتىن كېيىن

(ھېكايە)

ئەمەت دەرۋىش

... بېدىكىنىڭ بىرھازا سالا-سولا قىلىشى بىلەن ئاخىرى بۇ قوي 80 يۈەنگە تايىن تاپتى. سابىر قولىنى تۆش يانچۇقىغا سالدى، بىراق نىمە ئۈچۈندۇر توختاپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن نەچچە كۈندىن بېرى ئايالى بىلەن قىلىشقان پىلانلار بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى:

سابىر بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن مۇشۇ كۈنلەردە ئايالى ئۇنىڭ مەنسىۋىنى تەبرىكلىگەندەك بىر ئوغۇل تۇغقان ئىدى. بۇ سابىرلار ئۈچۈن گەرچە ئۈچىنچى پەرزەنت بولسىمۇ، ئائىلىسىگە «ئالدى يارىشقان» بۇ بالىسى ئۈچۈن ئالاھىدە بۆشۈك تويى قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار دەسلەپ بۇ پىلاننى قىلىشقاندا، سابىر سەل ئېھتىيات قىلىپ ئايالىغا:

— كىشىلەر سابىر بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆسۈپلا، ئۈچىنچى بالىسى ئۈچۈنمۇ تۇغۇت تويى قىلماقچى بولغىنىنى تازىمۇ كۈلكىلىك ئىش بوپتۇ، دەپ مەسخىرە قىلارمۇ؟! — دېۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئايالى چالۋاقاپ:

— ئىدارىدىكى بۇجاڭ، سىلىگە ئوخشاش كېجاڭ، ھەتتا ھېلىقى ئۆي-مۈلۈك تەقسىم قىلىدىغان باراتنىڭ ئايالىمۇ بەشىنچى تۇغۇتلىرىدا بۆشۈك تويى قىلغان، مەنمۇ ھېچقايسىسىدىن قالماي بارغان. بىزنىڭ خەقتە قالسا بولامتى؟ — دېدى.

دەرۋەقە مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ئىدارىدا ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئادەتتىكى ئىش ئۆتكۈزۈلسىمۇ، ئايالى ئاز بولمىغان چىقىملار بىلەن يوقلاپ، يارىشقىنىنى قىلغان ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ بولغۇسى بۇ ئىشقا ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىپ كېلەمدۇ-يوق؟ سابىر سەل ئويلىنىۋالدى، بۆشۈك تويى ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىملار كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

— مېنىڭچە شۇنچىۋالا چىقىم قىلىپ قەرزدار بولغىچە، كەلگەنلەرنى ئۆز يولى بىلەن ئۇزاتساق بولمامدۇ؟

— قەرزدار بولىدىغان قانداق چىقىم ئىكەن ئۇ؟! مانا مۇشۇ پۇل بىلەن ئالەمنىڭ مېھمىنىنى ئۇزىتىمىز، — ئۇ، يانچۇقىدىن 100 يۈەننى ئېلىپ، سابىرنىڭ قولىغا تۇتقازدى، — ھازىر قويلارمۇ خېلى

ئەرزان بولۇپ قالدى دەپ ئاڭلايمەن. ئۆزى سېمىز، ياغ چىقىدىغانراق قويدىن بىرنى 80 يۈەنگە ئالسىلىرى، قالغىنىغا كۈرۈچ، سەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئېلىنسا ئىش پۈتتى.

سابىر كۆڭلىدە ھازىر ئايالى بەرگەن پۇلنى قانداق ئىشلىتىش تەرەپلىرىنى ھېساپلاپ كۆردى. 80 يۈەنگە بىر قوي، 30جىڭ كۈرۈچ ئۈچۈن ئەرزانراقىنى ئالسا كەم دېگەندە 10 يۈەن، بەش يۈەنگە بەش جىڭ ياغ، ياگيۇ، بەسەي، لازا، ئاچچىقسۇ... قاتارلىق نەرسىلەرگە يەنە تېخى ئازراق پۇل كېتەتتى...

سابىر خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆز ئالدىدىكى قويغا يەنە بىر قېتىم قارىدى. قوي ئۇنىڭ ئايالى مۆلچەرلەپ بەرگەن پۇلغا لايىق بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى سودىلىق قىلىدىغان ئىشلاردا پۇلنىڭ يېتىشمەسلىكى ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇنىڭدىن سەل ئەرزانراق قويدىن بىرنى ئالماقچى ئىدى، بىراق بۇ ۋاقىتتا كۈن ئاللاقاچان كەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن بازاردا بىرمۇ ئادەم قالمايتتى، سابىر ئىلاجىسىز تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇلنى خۇددى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرگەندەك تەستە ئېلىپ، ئالدىرىماي ساناپ، قوي ئىگىسىگە ئۇزاتتى.

— سىلىزە قويىنى خېلى ئەرزان ئېلىۋاللا جۇمۇ! دىخان دىگەن ئەزەلدىن بىر گول خەق، قارىسىلا بۇنى، — بىدىك قوينىڭ دۈمبىسىنى يېنىك بىر قېتىم سىلاپ قويغاندىن كېيىن، قوينىڭ بوينىدىكى تانىنى سابىرنىڭ قولىغا تۇتقازدى. سابىر ئەمدى ئىش پۈتتى دەپ ئويلاپ قويىنى يېتىلەپ ماڭماقچى بولغان ئىدى، دىخان تويساتتىن سابىرنىڭ قولىدىكى تانىغا ئېسىلدى:

— قويىنى ساتقان بىلەن تانىنى بەرمەيمەن.

— ۋاي بۇ بىر غېرىچ تانىلىرىڭنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى، بەرسىلە بۇنى! — دېدى بىدىك سابىرغا يان بېسىپ.

— تانىنى ساتقىچە، ئۆزەڭنى سات دېگەن گەپ بار. بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىكەن، — دىخان قىلغان گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. سابىر ئىلاجىسىز بىر تانا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتايىن ماگىزىنغا بارماقچى بولدى. ئۇ، مىغ-مىغ كىشىلەر توپى ئىچىدىن چىقىپ بولغىچە بىر غېرىچ سېرىق تانىنى بېرىشكە كۆزى قىيمىغان ھېلىقى ئاچكۆز، پىخسىق قوي ئىگىسىنى ئىچىدە مىڭ قېتىم تىللىدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان تانا ساتقۇچىلاردىن بىرەر تال تانىمۇ سېتىۋالالمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ تانىلار قىممەت بولۇپ، ھۆكۈمەت ماگىزىنلىرىدا ئەرزان ئىدى. ئۇ، تانا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇدۇللاپ ماگىزىنغا ماڭدى. لېكىن بۇ چاغدا ماگىزىنلار ئاللا بۇرۇن تاقىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئۆز نەزىرىدە ھېلىقى قىممەت دەپ ھېساپلىغان تانىدىن بىر تال سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. سابىر قوي بازىرىغا كەلگەندە، ھېلىقى قوي ساتقۇچىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تىت-تىت بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ بازار ئارىلىدى. بىراق ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ھەتتا بىدىكنىمۇ ئۇچرىتالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە تەشۋىش كىرىۋالدى: «بىدىك بىلەن ئىككىسى بىرلە-

شىپ مېنى باپلاپتۇ – دەپ!» سابىر شۇلارنى ئويلىغاندا، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ، پۇت-قوللىرى دىتلىق بوشىشىۋاتقانلىقىنى، ئىچىدە قانداقتۇر بىر يەرلىرىنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ بىر سائەت ئىچىدە قاراپ تۇرۇپ 80 يۈەننى بىكارچىلا بىرسىگە ئۆز قولى بىلەن بېرىۋەتسە – ھە؟! قانداق پىلانلار بىلەن ئېلىنغان قويتى – بۇ؟ بىر غېرىچ تانىسىغا چىدىمىغان ئەبلەخ بۇنداق نەخ پۇلنى قولىدىن چىقىرىپ قويسۇنمۇ؟

سابىر خىيال قىلغانسېرى قەلبى ئازاپلىناتتى، ۋۇجۇدى ئەلەمدىن تىترەيتتى. «– ھەي ئاچكۆزلەر، سەن خەقنىڭ ئۆلۈمىگە بىر كۈن قالغاندىمۇ تويمايدىغانلىقىڭنى بىلمىدۇ كىشى!» – سابىر شۇلارنى ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندا، ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇپ، ئۆز سۆلىتىگە يات بولغان تىترەك ئارىلاش يىغىنىڭ ياماشقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئازاپلىنىۋاتاتتى، ئايالىنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ – ئۈمىدلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان تىرىشىپ – تىرمىشىپ ئاران ئېرىشكەن ئىززەت – ئابرويى ئۈچۈن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ قوي، كاشكى باغاقلار ئەتىگە دەپ تارقىتىلمىغان بولسىمۇ، بىر ئامالىنى قىلغىلى بولار ئىدى. كەلگەن مېھمانلارنى قايتۇرۇۋېتىش مۇمكىنمۇ ئاخىر؟

سابىر ۋېلىسىپىتىنى ئاستا يېتىلەپ، ئېلېكتىر لامپۇچكىلىرى يورۇتۇلغان چوڭ كوچىغا چىقتى ۋە ھېچبىر مەقسەتسىزلا ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىياللىرىدىن قارىغاندا، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى دېگەندىن كۆرە، ئايالىنىڭ ئاچچىق تىل – ھاقارەتلىرىنى ئىشىتكىلى ماڭدى دېگەن توغرىراق ئىدى. چۈنكى، يۈزدىن ئارتۇق مېھمان كېلىدىغان ئەتىكى بۆشۈك تويىدا ئايالىنىڭ كالتە يەڭ كۆينەك كىيىپ، ئۇ يان-بۇيانغا مېڭىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. سابىر ئايالىنىڭ تېخى تۈنۈگۈن مېھمانلاردىن چۈشىدىغان مال-لارنى ھەسەپلاپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى:

– خانا چاماما بىرەر كېيىملىك شىپۇك دۇخاۋا، ئاكاملار بىرەر كېيىملىك سارجا، جوجاڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىر نەرسە چىقمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا سىلىدەك بىر يانتا يىگىتنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىرەر كېيىملىك ئەتلەس؛ سىلىنىڭ ئىشخانىڭلاردىكىلەرمۇ قاراپ تۇرماس. ھەقىقەتەن يىلارغۇ چەكسە قان چىقمايدىغان خەقلەر. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا سىلىنىڭ يۈز ئىگىلىنى قىلماي قالماسمىكىن دەيمەن، دادامالار... ھەي بىچارىلەرنىڭ قولى قىسقا... ئانام كېلىپ مېھمانلار قاتارى ئولتۇرۇپ بەرگىنى دېگىنىمۇ چوڭ ئىش. ئۇنىڭغا بىرەر كېيىملىك نەرسە قويماي بولماس، سىلىنىڭ يېقىن تۇغقىنىڭلارنىڭ ئاياللىرىنىمۇ قويماي ئېيتايلى. ئۇلارنىڭمۇ سىلىنى تەبرىكلەپ ئاتايىن بىر كەلگىنى بار ئىدى. چاقىرمىسا كېيىن خاپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە...

سابىر يۇقارقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆيىگە بېرىشتىن يالتايدى. ئۇنىڭ بىر كېچىنى سىرتتا ئۆتكۈزۈش خىيالى بار ئىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئىش ھەل بولمايتتى. ئەتىكى مېھمانلار ئۇنىڭ ئىززەت – ئابرويىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك – تە!

– ساكېچاڭ، مۇبارەك بولسۇن!

— ساكېچاك، قۇتلۇقلايمىز!

سابىر بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشنى نە-قەدەر ئارزۇ قىلاتتى - ھە؟! بۇنى ئويلاپ، ئۆزىگە چىدىغۇسىز ئازاپ ئېلىپ كەلگەن قوي ئىگىسىگە قارىتا ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى باش كۆتەرگەن بولسى-مۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قوي ساتقۇچىنىڭ ياكى بولمىسا بىدىكىنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ سورىۋالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ، بۇ ھەقتە-نى ھايتى كەم ئەقىللىق قىلمىغىنىغا كايى-دى، ئۆزىنى ئېيىپلىدى... بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىككى خىل پىكىر پەيدا بول-دى: بىرى، نەدىن بولسا بىرەر قوي تې-پىپ، ئايالىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇ-لۇش بىلەن ئەتىكى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ ئايالى ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى تېنجىتىپ، بولغۇسى ئىززەت - ئابرويىدىن لەززەتلى-نىش، يەنە بىرى، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىپ قوي ئالالمىدىم دەپ ئۆيگە قايتىش ئىدى. سابىر بىردەم ئويلىنىپ، كېيىنكىسىنىڭ بىر قەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى، قەرزدار بولمايدىغانلىقىنى بىلدى-يۇ، ئەمما يەنە دەرھال بۇ ئويىدىن يالتايدى. قوي ئالال-مىدىم دەپ ئۆيگە قايتقان تەقدىردىمۇ، ئايالى: " ۋاي لامزەللە، نېمىنى ئوڭلاپ يىيەلمەس " دەپ ھاقارەتلىگىنىنىڭ سىرى-تىدا، " پۇلنى ئەكىلىڭلار! " دىسە، قاي-سى پۇلنى بېرىدۇ؟

ئۇ، ئاخىرى قەرزدار بولسىمۇ، كۆڭۈل-سىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىمدارىغا خوش-نا يېزىدىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر قوي تېپىپ ئېلىپ كېتىشنى ئويلاپ، شۇ تەرەپكە يول ئالدى.

سابىرنىڭ كۈتكىنىدەك ھېلىقى تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قويى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقە-ساپىسىدىن بىر قوينى سابىرغا ئېلىپ بەر-دى. سابىر قوينىڭ پۇلىنى ئىككى كۈندىن كېيىن بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، ئۆزىنى تەڭسىز ئويلاردىن خالاس قىلغان بۇ تونىشىغا رەھمەتلەر ئېيتىپ، ئۆز ئۆيى-گە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ كېچىگە ئۇلاش-قان ئىدى.

ئۇ كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئىنساپسىز، قارا نىيەت قوي ئىگىسىگە 80 يۈەننى بىكارچىلا تۇتتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ھەسرەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى قوينىڭ يېرى-مىغىچىلىك كېلىدىغان بىر قوينى زۆرۈر-يەت تۈپەيلى 90 يۈەنگە ئالغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى قوقاستا كۆيگەندەك ئېچى-شىشقا باشلىدى. ئېسىت، 170 يۈەن! قان-چە جاپادا قولغا كېلىدىغان پۇل - ھە؟! سابىر بۇ پۇل ئۈچۈن بىر يېرىم ئاي ئىش-لىشى كېرەك. ئىشلەشنىغۇ ئىشلە، بىراق مۇئاشىنى ئايالى ئېلىپ كېلىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە دەپ ئېلىش كېرەك؟

سابىر ئەنە شۇنداق ئازاپلىق خىياللار بىلەن قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ تۇي-مىدى. ئەتىسى سەھەردە ئايالى ئۇنى تۇرتىپ ئويغىتىۋىدى، كۆزلىرىنىڭ ئولتۇ-رىشىپ، چىرايىنىڭ خۇددى لەشتەك بو-لۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، سابىرنىڭ رەڭگىدىن ئۇنىڭ خېلىلا ساقسىز ئىكەنلى-كىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن مەقسەت-لىرى بويىچە يولدىشىنىڭ بۈگۈن يۈگۈر-يىتىم ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ قولىنى بوشاتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى مەجبۇرى ئورنىدىن تۇرغۇزدى...

سابىر تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىشقا

جىددى كىرىشتى. ئوتۇن ياردى، سەي ئالدى، سۇ توشىدى... ئۇ ئەمدىلا ھېلىقى قوينى بوغۇزلاشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا، كۇتۇلمىگەندە ئاخشامقى قوي ئىگىسى پېڭ لېنى سۆيلەپ كېلىپ قالدى. سابىر ناھايىتى ئەندىكىپ كەتتى، پىشانىسىدىن بۇژۇلداپ سوغۇق تەر چىقتى، تۇرغان جايىدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. ئىچىگە قورقۇنۇچ، ۋەھىمە كىرىۋالدى. چۈنكى، ئايالى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قالغىدەك بولسا، قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، دېھقاننى ئاستا سىرتقا ئەپچىقىپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئەتە كەلمەكچىتىڭلىغۇ؟

— كېچىدىن بېرى كىچىك قىزىمنىڭ مېجەزى يوق. دوختۇرغا ئېلىپ بارساق، ئالدىن پۇل تۆلەشنى ئېيتتى. شۇڭا...

بۇنداق زۆرۈر سەۋەبلەر ئالدىدا سابىر تولىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىچارىلارچە تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئايالى سىرتقا چىقىپ قالدى ۋە نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇلارغا قىزىقىپ ۋە ئەجەبلىنىپ قارىدى. سابىر ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، دېھقان بىلەن پەس ئاۋازدا ئۆز گېپىنى قىلىشقا باشلىدى. ئايالى ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماي، ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ كەتتى.

سابىر ئۆز يېنىدىكى جىددىلىكنى بېسىشقا تىرىشتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى خوشنىسىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، قوي ئىگىسىدىن قۇتۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گويا زېمىسىنى باسقان ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك، يېنىك تىنىپ قويدى...

بۈگۈنكى مېھمانلارمۇ ئۈزىدى. لېكىن سابىر ناھايىتى خاراموش بولۇپ قالدى. بۇ خاراموشلۇق سابىرنىڭ قوي بازىرىدا ئالدىنىپ، ئائىلىسى ئۈچۈن زور زىيان كەلتۈرگەنلىكىنى ئاز دېگەندەك، كەچتە ئايالى بۈگۈنكى مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ھەمساپلاپ كۆرۈپ، خېلىلا چېچىلغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭغا تەنە قىلغانلىقىدىنمۇ ئىدى.

بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن سابىر نەچچە كۈنگىچە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، روھسىزلىنىپ يۈردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئويلىنىپ، ئاخىرى كېلىدىغان بازار كۈنى قوي بازىرىنى ئارىلاپ، ھېچ بولمىغاندا ھېلىقى بېدىكنى بولسىمۇ تېپىش قارارىغا كەلدى...

بۈگۈن يەكشەنبە، سابىر ئەتىگەندىلا شەھەرگە كىردى. ئالدى بىلەن قوي بازىرىنى ئالدىراش بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقماقچى بولدى. شۇنداق قىلغاندىلا ھېچ بولمىسا ھېلىقى بېدىكنى تاپالايمەن دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئۇ، قوي بازىرىنى ئالدىراش دىققەت بىلەن ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق نە ھېلىقى قوي ساتقۇچى، نە بېدىكنى ئۇچرىتالمىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھېرىپ، پۇت-قوللىرىدا ماغدۇر قالمىدى. ئەمدى قويدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىرەر سالقىنراق جاي تېپىش ئويىدا ئۇيانغىراق بېرىۋېدى، كۆزىگە تونۇشلا بىر چىراي كۆرۈنگەندەك بولدى. سابىر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ

قايتا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى خاتا كۆرمىگەن ئىدى، دەرۋەقە ئۇ ئادەم ئۆتكەن بازار كۈنىدىكى قوي ئىگىسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، سابىرنىڭ مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلدى، چىشلىرى كىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ-نەپرەت خۇددى پارتلاش ئالدىدىكى ۋولقاندەك تېشىپ چىقىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ، كۆزلىرىنى قوي ئىگىسىگە مىختەك قاداپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇمۇ سابىرنى كۆردى-دە، يەرگە قارىۋالدى. قولىدا بولسا ئۆتكەن بازار سابىرغا ساتقان قوي بار ئىدى.

"نەخ ئۈستۈڭدىن چۈشكىنىم ئوبدان بولدى، — دېدى سابىر كۆڭلىدە، — بىر قېتىم ماڭا ساتقان قوينى يەنە ساتقىلى ئەكەلگەن ئىكەنسەن-دە، ھۇ ئەبلەخ، قارانىيەت، ئالدامچى!".

سابىر ناھايىتى غەزەپلەنگەن ئىدى، ئۇ شۇ تاپتا قوي ئىگىسىگە نىمىلەرنى دېگۈسى، پۇخادىن چىققىچە ئۇرغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى.

— ئەمدىغۇ تۇتۇلغانسەن ئىنساپسىز ئوغرى!؟ — دېدى سابىر ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، — قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلىمەن دەپ خىيال قىلما!

قوي ئىگىسى خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ، ئۈندىمەي تۇراتتى. بۇ ھال سابىرنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ ئاچچىقىدا دىخاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشقا تەمشىلىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ دېدى:

— كېچۈرسىلە، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويغىنىمغا تولىمۇ خىجىلمەن. ئەمما زە، شۇ كۈنىكى ئەھۋالنى ئۇقماي تۇرۇپ، مۇنچىۋالا تىللاپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق كادىرىمىز.

دىخان ئەھۋاللارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغان ئىدى:

سابىر تانا سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەتكەندىن كېيىن، دىخان قوينى تۇتۇپ خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا بازاردىن كىشىلەر تارقاپ، باج پونكىتىدىكىلەر بازار ئارىلىغاندا، بۇ قوي ئىگىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قوينىڭ سېتىلغان-سېتىلمىغانلىقىنى سورىغان ئىدى، ئۇ سېتىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە باج تۆلىدى. ئاندىن كېيىن يەنە خېلى بىر ۋاقىتقىچە سابىرنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەلمىگەچكە جىلى بولۇپ، بالىسىغا قوينى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سابىرنى ئىزدىدى، قانچە قىلسىمۇ ئۇنى تاپالمىدى، ئۇ تىت-تىت بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، بالىسى تۇرغان جايىدا يوق ئىدى. ئۇ بالىسىنى ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئاخىرى بازار سىرتىدىكى خېلى يىراق بىر يەردىن تاپتى. بالىسىنىڭ كېيىم-كېچەكلىرى لايغا مىلىنگەن، بۇرنى قانىغان، يىغلىسىراپ تۇراتتى. ئۇ، بالىسىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئوغلى بازار ئىچىدىن بىر ئات ھۈركۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن بوراندەك تېزلىكتە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، قوينىڭمۇ قولىدىن بوشىنىپ قاچقانلىقىنى، قوينى تۇتىمەن دەپ ئۆزىنىڭ بازار سىرتىدىكى زەيكەشلىككە يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى، كېيىن كىشىلەر-

نىڭ ياردىمى بىلەن ئاران تەسلىكتە تۇ-
تىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، بۇ چاغ-
دا كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ، ئەتراپ
كۆكۈم پەردىسى بىلەن ئورالغان ئىدى.
ئۇ، سابىرنىڭ قوينى ئىزدەپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ، بازارنى يەنە بىر قېتىم ئىز-
دىگەن بولسىمۇ، سابىرنى تاپالماي ئا-
ۋارە بولغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ
ئىسمىنى ياكى ئىدارىسىنىڭ ئادرېسىنى
بولسىمۇ سوراۋالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلى-
نىپ، ئىلاجىسىز ئۆيىگە چىقىپ كېتىشكە
مەجبۇر بولغانلىقىنى، مانا بۈگۈن سابىر
بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ
قوينى بازارغا ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ۋە
تېخى باياتىلا باجخانىغا كىرىپ، ئۇلارغا
بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ، سابىرنى تېپىپ
بىرىشكە ھاۋالە قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

دېخان شۇ گەپلەرنى قىلىپ تۇرات-
تى، باج پۇنكىتىدىن بىر كىشى چىقتى ۋە
ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئاكا سىلى نەدىن بولىلا؟ ئاد-
رېسلىرىنى قوشۇپ ئېلان قىلايلى دېۋى-
دۇق، — دېدى.

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت! مانا مەن
ئىزدىگەن كىشىمۇ كېلىپ قالدى، — دېدى
دېخان كۈلۈمسىرەپ.

ھېلىقى كىشى سابىرنىڭ ئالدىغا
كەلدى ۋە دېخاننىڭ ھېلىدىن بېرى قىل-
غان سۆزلىرىنى سابىرغا قايتا بىر قېتىم
ئىزھار قىلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، سا-
بىر ناھايىتى خىجىل بولدى. ھاياجانلى-
نىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدا تۇرغىنى 80
يۈەنلىك بىر قوي ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆمۈ-
رىدە پاك تۇپراقتا يېتىلىپ، جاپالىق ھالال
مېھنەت بىلەن ياشىغۇچى دېخاندىن سېتىۋال-
غان گۈزەل خىسلەت ۋە ئالىجاناپ روھ ئىدى...

**ئاپتور ھەققىدە:** نەمەت دەرۋىش، 28 ياش، قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىدىن. ئۇ 1983 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى - نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ شۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇ - ھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1978 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجا - دىيەتكە كىرىشكەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق نەسرى، ھېكايە ۋە ئە - دەبىي ماقالىلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى.

---

(بېشى 30 — بەتتە)

شاكىرنى كۆتۈرۈپ، ماشىنىغا ئېلىپ كەل-
دى. شاكىر ئۈزۈك ئاۋازدا «ئەڭگۈشتەر»
دەپ تەكرارلايتتى.

— ئەل قىممىتى دەريا ئىككەن بالام،
كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بىلەن ئەڭگۈشتەر-
نى قولىمىزغا قايتۇرۇپ ئالدۇق.

زەينەپخان خانىم سومكىدىن سۇلياۋغا
چىڭ ئورالغان دوخاۋا تاشلىق بىر كىت-
تاپنى ئېلىپ، شاكىرنىڭ كۆكسىگە قوي-
دى. شاكىر كۆزىنى تەستە ئېچىپ، تىت-
رەپ تۇرغان قولىدا كىتاپنى سىلىدى،
كىتاپ ئۈستىدە بەئەينى لالە گۈلدەك قان
ئىزى پەيدا بولدى...

# ئاتا، مېنى كەچۈرۈڭ

(ھېكايە)

## توختاجى روزى

بالنىستا يېتىپ قالغىنىمغا 20 كۈنچە بولۇپ قالدى. يەنە قانچىلىك ياتىمەنكىن؟ بۇنى بىلمەيمەن. ھەي... بۇنداق چاغلاردا ئادەمنىڭ كاللىسىغا ھەرخىل ئويلار كىرىۋالىدىكەن. مەنمۇ ناھايىتى كۆپ باش – ئايىغى يوق ئەندىشىلىك خىياللار قايىنىمىدا نەچچە چۆكۈپ، نەچچە لەيلەشكە ئۈلگۈردۇم. لېكىن، ئەقلىم ئاخىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چەك قويدى؛ ئادەم دېگەندە چوقۇم ئىشەنچ، قەيسەر روھ بولۇشى كېرەكقۇ!... مەن ھاياتقا بولغان قايناق مۇھەببىتىم، ئىشەنچىم بىلەن كېسەللىككە قارشى جەڭگە ئاتلاندىم...

ئارىدىن يەنە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەھۋالىم كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ياتاقتا، كارىدور ۋە دوختۇرخانا باغچىلىرىدا مېڭىپ ئايلىنىدىغان ۋە بەزى يەڭگىل گىمناستىكىلارنى ئوينايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ كۈنلەردە روھى كەيپىياتىممۇ باشقىچە يۇقۇرى، كۆتىرەڭگۈ ئىدى.

— سىز بەختلىك ئادەمكەنسىز جۇمۇ! — ئۇدۇلۇمدىكى كارۋاتتا ياتقان ياتاقدىشىم ماڭا زوقلانغاندەك قاراپ دېدى. — قارىڭا، بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان سىزنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلار نېمە دېگەن كۆپ!؟ ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سىز ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار ئىكەن، تېخى بەزىلىرى خېلى يىراق جايلاردىن سىزنىڭ كېسەللىكىڭىزنى ئاڭلاپ كەپتۇ. پەرزەنت دېگىنىڭىزمۇ باقاندەك تۆت پەرزەنتىڭىز بار ئىكەن. قانداق، سىزنى بەختلىك ئادەم دېيىشىمنىڭ ئاساسى بارمىكەن؟

مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى كاللامدا مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا خىيال نەزىرىدىم بىلەن تىكىلىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىرجۈپ كۆزلىرىنىڭ خۇددى ياشلارنىڭ كۆزىدەك نۇرلىنىپ – يالتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

— ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئايالىم مېنى "ئوڭچى" دەپ چەك – چېگرا ئايرىپ، ئارىمىزدىكى بىرلا ئوغلىمىزنىمۇ ئۆزى بىرگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى يالغۇز – يىگانە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. تەشكىل ۋە خىزمەتداشلىرىم ماڭا ناھايىتى ياخشى كۆيۈندۇ. ئۆزەمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى بىلىمەن. بىراق، ئىشىنىشكىن – تاڭ، مۇشۇ ۋاقىتتى–

لاردا يېنىمدا ئاشۇ ئوغلۇم بولسىچۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. كېيىمگە ئەمدىنۇ چۈشەنگەنسىز؟!

— ئوغلىڭىزنى شۇندىن بۇيان بىر قېتىم كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— بۇرۇن ئاندا - ساندا كۆرۈپ تۇراتتىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — 7 - 8 يىلچە بولدى، ئانىسى بىلەن جەنۇبقا كېتىپ قالدى.

مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز تاشلىدىم. ئۇنىڭ يول - يول قورۇقلار چۈشكەن ئورۇق، قانسىز يۈزىدە مانا مەن دەپ تۇرغان ھەسرەتنى كۆردۈم. كۆڭلۈم بىردىنلا بىئارام بولۇپ كەتتى. شۇ مىنۇتلاردا كاللامغا تەسەللىي بىرەلىگىدەك گەپ كەلمىچۇ، كاشكى...

بۇگۈن كەچتە ئايالىم تاماق ئېلىپ كەلدى.

— بالىلارنىڭ بىرەرسىدىن ئەۋەتسەڭچۇ ... — دېدىم ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ.

— ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز دەپ مەنىدىنمۇ ئالدىراش، — دېدى ئايالىم كۈلۈپ.

— راستىمچۇ؟

ئايالىمنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى، مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ سېزىندىم:

— ئۇ بۇ ھەپتىمۇ ئۈيگە كەلمىدىمۇ؟

ئايالىم ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، "كەلمىدى"، دېگەندەك بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى:

— ئۈيگە كېلىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغىدەك نېمە مۇھىم ئىشى باردۇر ئۇنىڭ!؟

— ئۇ، ئوغلىڭىز داشۆگە چىقىپ، چوڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — ئايالىمنىڭ جاۋابى ئەمدى ئېنىقلا كىنايىلىك ئىدى.

مەن "يالت" قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ نارازىلىق ۋە ئاچچىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇپ، تاماق قاچىسىنى ئېچىشقا باشلىدى...

تاماقتىن كېيىن، ئايالىمنى ئۇزاتقان بولۇپ، كارىدورغا چىقتىم. خالىراق يەردە ئۇنىڭ راستتەم ھەققىدىكى بايىقى كىنايىلىك سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي ئۇقۇپ باقماقچى ئىدىم...

ئوھوي، ئىشلار تېخى قالتىس ئىكەنغۇ؟! ئوغلىمىز تېخى چوڭ بىر باشلىقنىڭ قىزى بىلەن يۈرۈۋېتىپتىمىش. كۈندۈزلىرى دەرس بىلەن، كەچقۇرۇنلىرى ئەشۇ قىز بىلەن ئۆيەر - بۇيەرگە بىللە بارىدىغان ئىشلار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈيگە كېلىشكىمۇ، مېنى يوقلاشقىمۇ ۋاقتى چىقمايتۇ...

— ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى ئۈيگە كەلگەن ئىدى، — دېدى ئايالىم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنىڭدا دوختۇرخانىغا بىر قېتىم بولسىمۇ كىرىپ قويمىدىڭ، داداڭنىڭ كېسىلىنى بىلىپ تۇرۇپ، يۈرىكىڭنىڭ قانداقمۇ چىداۋاتىدۇ؟ دېسەم، نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ داداممۇ بېشىمدىن بىزدەك ياشلىق ئۆتكەن بولغىيدى؟ بۈگۈن سائەت ئىككىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە بېرىشقا ۋەدىلىشىپ قويغان ئىدۇق. ئەمدى... ئەمدى نومۇس قىلماي دادام كېسەل، بىرگە بارالمايمەن دەمدىمەن، دېمەمدۇ قاراڭ!؟ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ھەي قارا يۈز، داداڭنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ساڭا نومۇسلۇق ئىش تۇيۇلۋاتامدۇ - ھە؟ سەن قېرىماسمەن، كېسەل بولماسمەن؟ دەپ ۋاقىردىم. تووۋا دەيمەن، شۇنچە تەربىيە قىلسام، چىۋىنقسىغا ئالماي يەنە تېخى پۇل بەرگىن دەپ بىزدىرىپ تۇرامدۇ...

ــ مۇنداق دېگەن ! ــ ئەلەمدىن يۈرە-
گىم پۇچىلانغاندەك بولۇپ، ئارانلا شۇ
سۆزنى قىلالىدىم ۋەيا تاققا قايتىپ كەردىم.
بەدىنىم سوغۇق تەرلەپ، پۇت ــ قوللىرىم
تىترەپ تۇراتتى. خېلىلا ياخشىلىنىپ قالـ
غان كېسىلىم قايتا قوزغالغاندەك، يۈرە-
گىم سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. دورامنى
ئىچتىم ــ دە، ئورنۇمغا چىقىپ يېتىۋالدىم.
سەزگۈر ياتاقدىشىم كەيپىيا تىمدىكى ئۆز-
گۈرۈشنى سېزىپ قالغان چېغى، گەپمۇ قىلـ
ماي مېنى ئۆز هالىمغا قويدى.

مېڭەمدە تۈرلۈك ئوي ــ خىيالىلار تۇگـ
مەن تېشىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىردىن
نىگان ــ نىگاندا ئېسىمگە چۈشۈپ قالسىلا،
مېنى چوڭقۇر ئازاپلايدىغان كىچىككىنە بىر
ۋەقە، كۆز ئالدىمغا خۇددى هازىرلا بولـ
ۋاتقاندەك كېلىۋالدى. بۇ بۇندىن 20 نەچـ
چە يىللار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىش
ئىدى:

× ×

يازلىق تەتىلدە يۇرتۇمغا كەلدىم، ئاتا-
ئانام مېنىڭ يەنە بىر يىلدىن كېيىن داـ
شۆنى پۈتتۈرىدىغانلىقىمدىن خۇشال بولۇ-
شۇپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى.
قىسقىسى، ئۇلار ئۆزلىرى كەيمىگەننى كەيـ
دۈرۈپ، يېمىگەننى يېدۈرۈپ مېنى
كۈتۈشتى...

" ئوكچى» دېيىلىپ خىزمەتتىن قالدۇ-
رۇلغان دادام، هامماللىق قىلىپ ئائىلىـ
دىكى بەش جاننى باقاتتى، كۈنىمىز تەسـ
لىكتە ئۆتەتتى. ئۆزەمچە مۇددەتتىن بۇ-
رۇن مەكتەپكە قايتىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى
بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەتمەكچى بولدۇم.
لېكىن بۇ ئويۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم،
ئۆت يىلدىن بۇيان داشۆدە بىرگە ئوقۇ-

ۋاتقان بىر قىز ساۋاقدىشىم مېنى تۇسۇپ
قويدى. مېنى ئۆزىنىڭ خېلى باياشات ئۆ-
يىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنى
ۋە ئاتا ــ ئانامنى بىلمەيتتى، مەنمۇ ئۇ-
نىڭغا ئېيتىشقا پېتىنالمايتتىم...

بىر كۈنى ئىككىمىز شەهەر كوچىلىرىنى
ئارىلاپ مېڭىپ، سەي بازىرىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇ بىر تونۇشقا ئۇچـ
رىدى، مەن ئاستا ماڭغاچ تۇردۇم. ئالدى
تەرىپىمدىن قول هارۋىسى سۆرىۋالغان هامـ
مالغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى.
مەن مۇنداقلا پەرۋاسىزلىق بىلەن هارۋىغا
كۆز تاشلىدىم. هارۋا ئۈستىدە تونۇشتەكلا
بىر گەۋدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك
يېقىنلاپ باردىم. بۇ ــ ئاتام ئىدى. ئۇنىڭ
رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى يۇمۇلـ
غان ئىدى.

ــ ئاتا، نېمە بولدىڭىز؟ ــ هولۇقۇپ،
ئېسەنكىرەپ سورىدىم.

ئاتام كۆزىنى ئاچتى، مېنى كۆرۈپ،
كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى:

ــ هە، مەن... بىر ئاز مىجەزىم يوق
بولۇپ قالدى. ئۆيگە بېرىپ ئازراق ئارام
ئالسام ملا، ئوڭلىنىپ... كېتىمەن...

ــ دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟

ــ ياق...ياق، ئۆيگە ... كېتەي، ــ ئاتام
قاتتىق يۆتۈلۈپ كەتتى. چىرايىدىن ناهـ
يىتى ئازاپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتـ
تى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئېلىۋالغاندىن كېـ
يىن، هاسىراپ سورىدى، ــ نەگە ماڭـ
غانتىڭ بالام؟

مەن دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم:

ــ مەن... بىز... باغچىغا ماڭغان ئىدۇق.

ــ بېرىڭ ەگىن، ــ دېدى ئاتام قوشۇمەـ
سىنى تۈرۈپ ۋە هامماال بۇرادىرىگە "مېـ

گىۋەر» دېگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ ھار-ۋىنى سۆرەپ يۈرۈپ كەتتى. ئورنۇمدا بوت-تەك تۇرۇپلا قالدىم... قىز دوستۇم يېتىپ كەلدى، چىرايىم ئۆزگۈرۈپ كەتكەن بول-سا كېرەك، ئۇ چۆچۈپ سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز؟

نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىمنى بىلەلمەي، بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ۋۇي گەپ قىلسىڭىزچۇ، نېمە بول-دىڭىز زادى؟

ۋىژدانىمنىڭ ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى بى-لىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا ئەينى ئەھۋالنى دېيىشتىن ئۆزەمنى قاچۇردۇم ... ئاھ، ئې-قىلسىز، نادان ياشلىق! شۇ كۈنى مەن ئاغرىق ئاتامنى ئېلىپ ماڭماي، يات بىر ئا-دەمگە تاشلاپ قويۇپ، قىز دوستۇم بىلەن باغ-چىغا كەتتىم. لېكىن پۈتۈن بىر كۈن خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك خامۇش - پەرىشان يۈردۈم. كەچتە ۋىژدانىمنى ئازاپلايدى-غان بۇ ئىشنى ئەسلىكتە ئانامغا ئېيتتىم. بىچارە، مېھرىۋان ئانام! ئۇ ماڭا ئۇزۇن-غىچە گەپ قىلماي، تىكىلىپ قاراپ قال-دى. مەن (سەزدىمكى ئاتام بۇ ئىشنى ئا-نامغا تېنىماپتۇ) ئۇنىڭ ئەنە شۇ قاراش-لىرىدىن ناھايىتى كۆپ مەنانى سەزدىم. ئۇ بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىپ، مېنى ئەيىپلىمىدى. بىراق، ئۇنىڭ شۇۋاقىت-تىكى قاراشلىرى ئەمدى ئېسىمدىن چىقماس بولۇپ، يۈرىكىمگە ئورناپ قالدى...

ئەنە شۇ ئىشنى ھازىر ھەر بىر ئەسلى-سەم، ۋىژدانىم ئازاپلىناتتى، پۇشاي-مان قىلاتتىم، ئۆز - ئۆزۈمدىن ئۆكىنەت-تىم. بۈگۈن بۇ ئازاپنى ئاخىرقى چەكتە كۆردۈم. 20 نەچچە يىلدىن كېيىن مېنىڭمۇ ئوغلۇم چوڭ بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-سى بولدى دەپ خۇشال بولۇپ پەخىرلىنىپ يۈر-سەك، 50 نەچچە كۈندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىغىنى يەتمىگەندەك، "...نو-مۇس قىلماي، دادام كېسەل، بىرگە با-رالمايمەن دەمدىمەن؟» دەپتۇ. ئاھ، بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىز ئوخشاشلىق-ھە !؟...

كېچە بىرۋاخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيقۇم قاچقان ئىدى. ئورنۇمدىن ئاستا-غىنا تۇردۇم، تومپۇچكىدىن قەغەز- قە-لەم ئالدىم. ياشانغان سۆيۈملۈك ئاتا-ئانام كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەنىمۇ چوڭ بولدۇم، ئۆي-ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولدۇم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىمەن دېگەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىكەن. ھاياتتا بىز چۈشىنىشكە، ئىشلەشكە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى كۆپ ئى-كەن...

مەن ئاتامغا ھەممە ئىشنى، ئۆتكەنكى ۋە بۈگۈنكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن يازىمەن:

— ئاتا، مېنى كەچۈرىڭلا......

# ساما لىرىكىلىرى

ئابلەت ئىسمايىل

## ئاسمان

1

تىمىق ئاسمان
كۆك ئاسمان.
سەن نىمانچە بىپايان؟
گۈمبەزمۇ سەن،
چەتلىرىڭ ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان؟
كۆچكەنمۇ يا زېمىندىن،
ساڭا دېڭىز - ئوكيان.
يوقتۇر دولقۇن - ئۆركىشىڭ،
بىزنىڭ دېڭىز - ئوكياندەك،
قىرغاقلارغا لەۋ ياققان.

2

سۈزۈك ئاسمان،
سۈپ - سۈزۈك ئاسمان.
سەن نىمانچە بىپايان؟
جاھاننامە ئەينەكمۇ سەن،
تەڭرى قۇدرىتى بىلەن،
مۆئەللەقكە ئورناتقان؟
كۆرۈنمەيدۇ نېمىشقا سەندە،
زېمىن ئەكسى،
زېمىن سۈرىتى،
بىز ياراتقان گۈلبوستان؟

3

زەڭگەر ئاسمان،
كۆك ئاسمان.
سەن نىمانچە بىپايان؟
كىم ئۇ، ساڭا كۈندۈزى،
يېپىندۇرۇپ زۇمرەت لىباسىنى،
بىر چىرايلىق زەر باسقان؟
ئاخشاملىرى قارا تون كەيدۈرۈپ،
ئېتەكىڭنى يايدۇرۇپ،
بوينىڭغا ياقۇت-
مارجانلار ئاسقان؟

## قوياش

1

سەن نۇر ئانىسى،
مەن نۇر بالىسى.
شۇڭلاشقا جىسمىم،
جىسمىڭغا رەڭداش.
ھەر تاڭدا،
يېرىپ ئوپۇقنى،
يىرتىپ كۆلرەڭ يوپۇقنى.
مەشرىقتامان،
كۆتەرگەندە باش.
ئالتۇن نۇرىڭغا،
چۈمۈلىدۇ كائىنات،
زېمىن،
تاغۇ - تاش...
چىرىغىسەن ئالەمنىڭ،
يورىتىسەن،

كۆك ۋە يەرنى بىر تىزتاش·
نۇر ئىمىدۇ، ئاتەش ئىمىدۇ،
سېنىڭ نۇرلۇق كۆكسىڭدىن،
جىمى مەۋجۇدات·
ئانا قۇياش، ئاھ ئانا قۇياش·

2

سەن ئالەمنىڭ ئەركىسى،
ھاياتلىق تەڭرىسى·
سەنسىز ئالەم جۇت—
قاراڭغۇ لەھەت·
نۇرۇڭ شىپا،
نۇرۇڭ بەركە - قۇت،
جانلارغا راھەت·
سېنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرىڭ،
جاھالەتكە ئۇرۇلغان خەنجەر،
ھاياتقا قالقان·
مېنىڭ ۋۇجۇدۇم
سېنىڭ نۇرۇڭدىن،
ئاتەش مېھرىڭدىن
كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان·
مەن كۆرىمەن يەرۇ - جاھاننى،
گۈزەل جاناننى·
گۈزەللىكتىن،
ھاياتنىڭ لەززىتىدىن،
بولۇپ بەھرىمەن·
نۇرۇڭ بولغاچ كۆزۈمگە گەۋھەر!

3

ئېۋەتىسەن ھەر تاڭدا،
نۇر قىزنى،
جىسمى ئاتەش ھۆر قىزنى·
ئەۋەل زېمىن ئوغلىنىڭ
مەڭزىگە سۆي دەپ،
زېمىندىكى ھەر تال گىيانىڭ،
تاغۇ - دەريانىڭ·
گۈللەر، ئورمانلار،
باغۇ - بوستانلار···
جىمىسىنىڭ ھۆسنىگە رەڭ بەر،
ئىشقىدا كۆي دەپ·
نۇر ئويغىتار،
نۇرۇڭ ئويغىتار،
بۆشۈكتىكى بۇدرۇق بوۋاقنى·
نۇر سۆيىدۇ،
نۇرۇڭ سۆيىدۇ،
ئوخچۇپ ئاققان چەشمە بۇلاقنى،
مەن كۆرىمەن سېنىڭ ئەكسىڭنى،
شەبنەملەردە ھەر بىر قەترىدە·
كۆرىمەن ھۆسنۈڭنى،
جۇلالىغان ئالتۇن ئەتىردە!

## ئاي

1

ئاي
ھىلال ئاي
سەن سامانىڭ كۆلىدە،
ئويناپ يۈرگەن
ئالتۇن بېلىقمۇ؟
ئاق بۇلۇتنى ئارىلاپ،
دولقۇن ئارا مارىلاپ،
ئۈزۈپ يۈرگەن،
كۈمۈش قېيىقمۇ؟
گاھى بارسەن ئاسماندا،
گاھ كېتىسەن پىنھانغا،
ۋىسال ئىزدەپ يۈرەمسەن·
چۆمۈپ قايغۇ - ھىجرانغا؟
ئەجەپ تەنھا ئىكەنسەن،
يارغا تەشنا ئىكەنسەن·
ئەي پەلەكنىڭ ھۆر قىزى،
شۇنىڭ ئۈچۈن،
رەڭگىڭ سېرىقمۇ؟

2

ئاي

ئونبەشكۈنلۈك تولۇنئاي،
كۈمۈش نۇرلار تۆكسەن،
كائىناتقا ئايىماي.
سەن نىمانچە چىرايلىق،
نىمانچە ئوماق؟
كۆرىنىسەن كۆزۈمگە،
دىلبىرىمنىڭ يۈزىدەك ئاپپاق.
ھۆسنۈڭگە تولۇپسەن،
مېھرىڭ بىلەن كۈلۈپسەن.
ئەي ئەرشىنىڭ گۈزىلى،
جامالىڭدىن ئايلىناي!

3

ئاي

تولغان ئاي،
كۆرۈنگەنىڭ يىراقتىن،
ئۈزدەككىنە.
ئۈمىت بىلەن قېشىڭغا،
چىققىم قانچە رەت.
يىراق، قارشى ئالدىڭسەن،
مۈزدەككىنە.
يېنىپ چۈشتۈم نائۈمىت،
ئاچچىغىمغا پايلىماي!
چۈشكىن بۈياققا،
بىزنىڭ تۇپراققا،
ھوزۇرلىنىپ چۆمۈلگىن،
زەم - زەم بۇلاقتا.
يۇيۇۋالغىن يۈزۈڭدىكى داغلارنى
كۆرىۋالغىن،
گۈزەل دۇنيانى،
سەيلى ئەتكىن قانغىچە،
چىمەن باغلارنى.
ياشىۋالغىن بىز بىلەن،

كۆكتە يالغۇز ئوينىماي.
مەن ياتىمەن ئالتۇن قەسىردە،
ئالتۇن تۆشەكتە.
كىرىۋالغىن قوينۇمغا،
گىرەسالغىن بوينۇمغا،
كېچىلەردە تەلمۈرۈپ،
تۈگىلۈگۈمدىن مارىماي!

## يۇلتۇز

1

ھەر ئاخشىمى،
كۆزلىرىڭنى چىمىلدىتىپ.
جىلۋە قىلىپ،
كۆك يۈزىدە كۆرىنىسەن.
ۋە بەزىدە،
ئۇياتچان قىزدەك.
بۇلۇتلار ئارىسىغا
مۈكۈنىسەن.
بەلكى شۇ چاغ سامانىڭ،
زۇمرەت سۈيىگە چۈمۈلىسەن (؟)

2

ياز ئاخشىمى،
ئۆگزەمدە يېتىپ.
خىيالغا پېتىپ،
مەن قارايمەن ھۆسنۈڭگە ئۇزاق
سەن ئاسمان پەرىسىمۇ،
بىزنىڭ ئالتۇن چىراغلاردىن،
ئەندىز ئالغان نۇر چىراق؟
ياكى ياقۇت كۆز مۇنچاق؟
سىرلىرىڭنى بىلگۈم كېلۇر،
ئەي يۇلتۇزچاق، يۇلتۇزچاق!

3

ئاخشاملىرى،
تالاغا چىقىپ،

زېھنىم بىلەن ساڭا بېقىپ،
پىچىرلايمەن ئۆزەمچە.
سەن شۇ چاغدا،
جىمىر - جىمىر قىلىسەن.
قارىۋالسام تىكىلىپ،
جانان كەبى كۈلىسەن.
سەن مېنىڭدىن ھېيىقىپ،
يىراقلارغا قاچقانمۇ؟
تەڭرى «ئالتۇن چاچقۇ» دەپ،
سېنى كۆككە چاچقانمۇ؟
كۆكتە بولساڭ ئۈزىمەن،
سۇغا چۈشسەڭ سۈزىمەن.
ئەخىر سېنى زەر يىپقا،
مارجان قىلىپ تىزىمەن!

## بۇلۇت

گاھ قىزىرىپ،
گاھى ئاقىرىپ،
كۆكتە لەيلەپ يۈرىسەن.
گاھ قارىداپ،
گاھى تاتىرىپ،
قاپقىنىڭنى تۈرىسەن.
چېقىپ چاقماقلىرىڭنى،
غولدۇرلىتىپ قوساقلىرىڭنى،
ئېيلىسىنىڭ ئوقلىرىدەك،
مۆلدۈر ياغدۇرۇپ،
نېمە ئانداق ھەيۋە قىلىسەن؟
ئالدىرىما ئاخماق،
بېلى بوش، پاخپاق.
دەمدىن كېيىن،
چېقىپ بوران بالىسى،
سۈرەر سېنى ھەريان.
كۈلۈپ چىرايلىق،
سۈزۈلەر ئاسمان.

ئىشەنمىسەڭ،
ھېلى كۆرىسەن!

## چولپان ۋە ھەسەن - ھۈسەن

1

ئېسىمدە بار،
ئېسىمدە تېخى،
مومام ئەيتىپ بەرگەن،
ساماۋى چۆچەك.
بەلكى ئەشۇ چۆچەكلەرنىڭ.
ھەممىسىمۇ،
ئەمەستۇر پۈچەك.
ئۇنىڭدىكى ئارزۇ - ئارمانلار،
ئۆتۈپ زامانلار،
ئاچاركەن چېچەك!

2

ئۆتكەن زاماندا،
بىزنىڭ ماكاندا.
خانتەڭرى ئاتىنىڭ،
بار ئىكەن بىر ئارزۇلۇق قىزى.
ئىسمى ئۇنىڭ چولپان ئىكەنمىش،
لاتاپەتتە سۇلتان ئىكەنمىش.
كامىل ئىكەن ئىلىم-ھېكمەتتە،
ماھىر ئىكەن ھۈنەر- سەنئەتتە.
شۇ سەۋەپتىن،
شۆھرىتى- نامى،
تارىلىپتۇ پۈتكۈل جاھانغا.
يات ئەلدىكى سالپا - ساياقلار،
ئىپلاس ئاياقلار،
سوزۇپ ئاڭا قارا قوللىنى،
چەيلىمەك بوپ ياشلىق گۈلىنى.
كەلگىنىدە تىمىسقىلاپ،
چولپان قىز
ئىپپەت نومۇسىنى ساقلاپ،
خانتەڭرىدىن ئىجازەت ئېلىپ،

ئاستىغا ئۇچار گىلەمنى سېلىپ،
چىقىپ كەتكەنمىش ئاسمانغا
(شۇمىكىنە چولپان يۇلتۇزى؟).

3

تاڭ ئالدىدا چولپانىقىز،
تەلمۈرۈپ يەرگە باقارمىش.
ئەسكە ئېلىپ خانتەڭرى ئاتىنى،
زىمىن ئانىنى،
بەزەن كۈلۈپ،
بەزەن يىغلارمىش.
كۆز يېشى يامغۇر بولۇپ ئاقارمىش...
تاشلىۋەتمەي ئاتا كەسپىنى،
گىلەم توقارمىش،
شايى توقارمىش.
تاڭ قالدۇرۇپ ئالەمنى،
رەڭدار شايى، گىلەمنى
كۆككە يايارمىش.
ھەسەن - ھۆسەن،
شۇنىڭ ئەندىزى ۋە ياكى ئىزى(؟)

---

# ئىككى شېئىر

**ياسىن زۇلال**

## ئىتتىپاق

مەن زاھىت ئەمەسمەن ۋە ياكى دەھرى،
ئەمەسمەن سەجدىگار يۇۋاش دۇئاگوي.
پەلەكتىن تاماسىز، ئەجرىمدە بەختىم،
ئىلتىجا نەپىمدىن يوق مەندە ھېچ كوي.

مەن ئىنسان، قەلبىمدە ئادىمى غورۇر،
كىشىلىك ھەققىگە چەكسىز ئىتتىپاق.
ھەركىمنىڭ ئەرلىگە ئالى ئېھتىرام،
ۋە لېكىن، «لەببەيلىك» ماڭا شۇنچە يات.

خۇشامەت تەخسىسىنى كۆتەرمىدىم ھېچ،
سەجدىگە چېكىسىنى ئەيلىمىدىم يېرىق.
باھادىر كۆڭلىگە دەرىيادۇر كۆڭلۈم،
نامەرتكە بەرمەيمەن بىردانچە تېرىق.

ئۈزلۈمدۇر، ئۆلۈمۈ ياخشى،
ياشاشتىن،
چۈشۈنىدىك نىجاسەت ئۈزرە گىژدىلاپ.
قىلىچنىڭ دەھشىتى قانچە راھەت - ھە!
يۈرگەندىن تىزلىنىپ يىغلاپ، مىشىلداپ.

پەخرىم شۇ: ئىگىلمىش زاتىمغا سىغماس،
مىلىك تەھسىن شۇنداق چوڭ قىلغان ئاتامغا!
غادىيىپ يۈرمىدىم مەيدە گىرانىدەك،
تەشەككۇر تەندە رۇس تۇققان ئانامغا!

ھاياتلىق يولىدۇر ھايات مەنزىلىم،
مەككارلىق بازىدە يايمىدىم تەنزە.
يىگىتلىك سۈپەتتە ئۆتسەم رەستىدىن،
بەدبەخلەر ھۆرپىيىپ دېيىشتى «سەنزە؟!»

ئەلادۇر مىلىك يۈكسەك ئىلاھى بۇتتىن،
مىلىك گەز يەر تېگىدىكى قارا كۆمۈرچى.
دەۋزەخ گۈرزىسىدە ئېزىلمەس تېنىم،
چىڭدىدى مۇستەھكەم تۇرمۇش-تۆمۈرچى.

ئىتتىپاقات ھاياتقا، بەخت، ۋىسالغا،
ئىتتىپاقات ھالاللىق، پاكلىققا، ھەققە!
ئەرك ھەم تەڭلىككە چەكسىز ئىتتىپاقات،
ئىتتىپاقاتقا يېتىپقا ئەمەس، دەل نەخكە!!!

## گۈرۈستاندا ئويلىغانلىرىم

تۈن جىمجىت، ئاي مۆككەن، ئالەم ئۇيقىدا،
ئالدىمدا چوقچايغان غېرىپ قەبرىلەر
ئەرۋاھتەك تۇرىدەن گۈرۈستان ئارا.
قەلبىمدە نامايان تالاي دەۋرلەر.

ھەر قەبرە بىر دەۋر خاتىرىسىدۇر،
گۈرۈستان ئۇزاق بىر تارىخى داستان.
ھەر بابى مىلك تەقدىر، تۈمەنمىڭ قىسمەت،
دەرت، سۆيگۈ، سائادەت، ۋىسال ۋە ھىجران.

ھەر گۈمبەز تېگىدە ھەر ئىبىل ئەجدات،
شىر يۈرەك مەردانە ساھىپ قىرانلار.
قوياشتەك مېھرىلىك ئېزىز ئانىلار،
لاتاپەت جىلغىسى ئايدەك جانانلار...

شۇ گۈمبەز تېگىدە ئالەمدەك ئارمان،
قىيانلىق دەريادەك تاشقان قەھرىلەر.
ئىپار- ھىد پۈركىگەن سابادەك سۆيگۈ،
«پەرزەنت!» دەپ يۈرەكنى تىلغان جەۋرىلەر.

«بەخت!» دەپ ئوقچىغان كۆز چەشمىلىرى،
جارا ئىشىپ ئۇرۇلغان خەنجەر ۋە ئۇممەت.
كۆكرەكتىن سۇغۇرۇپ ئېلىنغان يۈرەك،
شۇ گۈمبەز تېگىدە،
يىمەكتە قۇرۇت.

قوياشنى بىزلەرگە قالدۇردى ئۇلار،
ھاياتى ۋەجىگە ياراتتى بەخت.
يورۇقلۇق دەپ ئۆچتى نۇرلۇق نىگاھلار،
سۆڭەكتىن پۈتكەندۇر بۇ مەرمەر تەخت.

ئۆرۈلگەن گۈمبەزلەر ئېزەر دىلىمنى،
چېچىلغان ئەتراپقا ئاقارغان سۆڭەك.
نى قەسىر تۇرغۇزغان مەرت قەبرىسىگە،
مۇيەسسەر بولماپتۇ بىر زەمبىل كېسەك.

بۇ سۆڭەك يا سىڭىلىڭ بوۋاڭ، يا ھېنىڭ،
ئىشقىلىپ بىزلەردىن ئاۋالقى ئىنسان.
بىز شۇلار زاتىدىن تامىنان- يارالغان،
قايدا بار ھەنبەسىز دەرياغا داۋان.

ئەتىنى ئەسلىسەم قالمايدۇ سەۋرىم،
كۆپ ئۆتمەي گۈرۈستان ماكان بىزگىمۇ.
تەسەۋۋۇر كۆزىدە نامايان ئەنە،
چېچىلغان ئاقارغان سۆڭگىمىزمۇ!

قاي يۈرەك چىدايدۇ بۇ پاجىئەگە؟
ھېچ كۆڭۈل بۆلمەيمىز نىچۈن ئەمىسە؟!
پەقىرنىڭ قەلبىگە قان چەكتى سىركۆت،
بولمىدى شۇ كەپنى ئېيتماق دېمىسە:

يا پايلى گۈرۈستان ئۆزرە گۈلۈستان،
چىراقلار ئەيلىسۇن باغرىدا جىلۋە.
گۈمبەزلەر قاتۇرۇپ بېتۇن، تاش بىلەن،
يازايلى ئۈستىگە چىرايلىق لەۋھە!

تىلىگىم سىلەردىن زاماندا شىرىم،
بۇ ئادەت بوپ قالسۇن مىللەتكە يوسۇن.
كىم مەرت، كىم ۋاپادار، كىملەر مۇناپىق،
ئەتىكى ئەۋلاتلار رۇشەن بىلسۇن!!!

# شېئىرلار

## ھۆسەيىنجان ئەسقەر

### ئايدىڭ كېچە

كۆڭۈللەردە زوق قوزغىتىپ بۆلەكچە،
سۈتتەك ئايدىڭ بولدى بۈگۈن ئاجايىپ.
كۆكتە چاچار كۈمۈش چاچقۇ تولۇن ئاي،
تۇرار ئەكسى بۇلاق ئىچرە چايقىلىپ.

چاتقال ئارا چىرىلدايدۇ چېكەتكە،
ئىپار ھىدى پۇرايدۇ نەم توپراقتىن.
مەيىن شامال سوقۇپ تۇرار ئىزغىرىن،
مۇڭلۇق ناخشا كېلەر يىراق - يىراقتىن.

قىرغاق سۆيۈپ، ئۆركەش ياساپ تىنىمسىز،
ئاقار دەريا (شوخ ناخشىسى ۋەزمىنلىك).
قاپلاپ تۇرار مەجنۇن تاللار ساھىلنى،
كېلەر ئۇندىن پىچىرلاشلار بەختلىك.

جۈپ ۋۇجۇتنىڭ ھەمراسىدۇر تاق سايە،
ئاي بالقىغان ئايدىڭ كېچە قوينىدا.
گۈزەل شۇنچە نۇرلۇق ئاخشام، تولۇن ئاي،
بولغاچ ئاشىق قولى مەشۇق بوينىدا.

### ئۆزگىرىپەسەن

قوش مېغىزدەك ئايرىلماستىن بىللە چوڭ بولۇپ،
بىر چاغلاردا ئۆتكەن ئىدۇق يېقىن شۇنچىلا.
كىم ئىشىنەر بىز ئىككىمىز سىرداشقان دەسەم،
ئۆزگىرىپەسەن تاغ ھاۋاسى بولۇپ بۇنچىلا.

تەلمۈرسەمۇ سېۋەرى بىلەن شەھلا كۆزلىرىڭ،
دىيەلمەيمەن يۈرىكىمنى ماڭا تالىق دەپ.
ياشىساقمۇ سوغ نەزەردە ياشايمىز بىللە،
بۇرۇنقىدەك خۇشال-خۇرام ئۆتەلمەيمىز ئەپ.

### قۇشلار ئۇچار يىراققا

تۇرىمەن يىراقتا يۇرتۇم سېغىنىپ،
ھەر سەھەر تىكىلىپ قاراپ ئۇپۇققا.
بىلىمەن، ئاھ، بۇمۇ ئۆمۈر سوۋغىسى،
قۇشلارمۇ ئۇچۇم بوپ ئۇچار يىراققا.

مەن ماڭار چېغىمدا يۇرتتىن ئايرىلىپ،
كەزگەنتى كۆڭلۈمنى بىر تاتلىق ئازاپ.
ياش ئېلىپ كۆزىگە مېھرىۋان ئانام،
ئۇزۇتۇپ قالغانتى ئۈمىتلىك قاراپ.

خوشلىشىپ چىققاندا تەڭتۇش دوستلىرىم،
قوللىرىن ياپراقتەك تىترىتىپ قالغان.
«تىلەيمەن ئاق يول» دەپ سۆيگەن ئامرىغىم،
ھاۋارەڭ ياغلىقىن سىلكىتىپ قالغان.

ئۇچۇم بوپ ئۇچقانغا يىراق - يىراققا،
خۇشالمەن، دىمەيمەن قالدىم پىراققا.
بولمىسا دىلىمدا بىر بۈيۈك ئارمان،
ئەي دوستلار، ئۇچامدىم شۇنداق يىراققا.

### خىياللىرىم

ھېيتكاردا چېلىنغان ناغرا ئاۋازى،
خىيالچان ئولتۇرسام كېلەر قولاققا.
ئاڭلىنىپ شۇ تۇمەن شاۋقۇنلىرىمۇ،
ئېپ كېتەر پىكرىمنى يىراق - يىراققا.

شوخ دولقۇن ئىچىگە سىڭىپ ئويلىرىم،
ئۆرۈلار دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا.
سۆگەتزار ۋادىدا ئوينىغان مەنمۇ،
كۆز تىكىپ، ئېقىننىڭ يىراقلىرىغا.

ھېلى ھەم يادىمدا قەشقەر كىندىكى—
ھېيتكاردا ئوينىغان ھېيت بىلەن بايرام.
ساماغا چۈشۈشۈپ ھەممە قېرى - ياش،
ئادەمدىن ياسىغان ھەيۋەتلىك قايىنام.

ئېسىمدىن كەتمەيدۇ، كەتمەيدۇ ئەسلا،
شۇ گۈزەل قەشقەرنىڭ كەچكى سەيلىسى.
گۈپۈلدەپ پۇرىغان رەيھانۇ-سۇمەن،
قىزىلگۈل، سەدبەرگى ھەمدە لەيلىسى.

مەن يىگەن قەشقەردە زەر رەڭلىك ئەنجۈر،
بال تەمى تېخىچە تىلىمدا مېنىڭ.
كەتمەيدۇ كۆزۈمدىن مەرۋايىت ئۈزۈم،
ئانارى ئانامدەك دىلىمدا مېنىڭ.

ئېخ قەشقەر، سەن مېنى خىيالچان تۇغدۇڭ،
تۇغدۇڭۇ كىندىگىم خىيالدا بۇغرۇڭ.
خىيالار ئەللەيلەپ ئۆستۈردى مېنى،
شۇڭلاشقا ئەزەلدىن خىيالچان بولدۇم.

ئۆزگەندە ئۇ پۇقتىن ئېغىر تېنىمنى،
كۆمىدۇ زەر نۇرغا زېمىن بېتىنى.
شۇندا نۇر تەپتىدىن ئۇ پۇق ئۆزگىرەر،
ھەسالى قىزىل قان رەڭگىن ئەسلىتەر.
نۇرلىنىپ چىقسا كۈن ئەشۇنداق گۈزەل،
يەر كىيەر نۇر لىباس—كىيىمنى تۈگەل.
چىققاندا شۇ قوياش ئالتۇن قەسرىدىن،
ماغدۇرمۇ كېتىدۇ بۇلۇتبەستىدىن.
ئەشۇ چاغ چاك قىلىپ ياقىسىنى تۈن،
باشلىنار يېڭىدىن يەنە - يېڭى بىر كۈن.
تاڭ چاغى قىزارغان لالىرەك ئۇ پۇق،
گەر ئۆلسەم بولسىكىن ئۇستۇمگە يوپۇق.

## غەلىتە ئارزۇ

سەھەردە قىزىرىپ بالقىغان قوياش،
ئالتۇنرەڭ تەكىمدىن ئاستا يۆتكەپ باش.

## پارچىلار

ئالەمگە تۆرەلدىڭ يولۇچى ئۆزۈڭ،
بۇ ھايات يولىنى باسماي يوق ئامال.
ئىزىڭدىن ئۈنمىگى يانتاق ياكى گۈل،
باغلىقتۇر ئۆزۈڭگە،
پۈتۈلمەس ئاۋال.

× ×

ئاھ، شائىر، شېئىر سېنىڭ يۈرىگىدە،
تىنىق كۆل سۈيىدەك قالارمۇ تىنىپ؟!
ۋە ياكى ۋەلىدە، سامان چوغىدەك،
(مەزگىلسىز) ئۆچەرمۇ پۈزەكى يېنىپ؟!

1984 —، 1985 — يىللار، بېيجىڭ.

# ئىككى شېئىر

ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن

## چەكسىز قۇملۇق ياتىدۇ بىھوش

چەكسىز قۇملۇق ياتىدۇ بىھوش،
كىرپىكلىرى زادى ئاچرالماي.
ئاڭا سىرلىق قاراپ ئۆتىدۇ،
كۈندۈزدە كۈن، تۈندە يۇلتۇز، ئاي.

كىمدۇر ئۇنى ھۇشسىزلاندۇرغان،
نە مەقسەت بار بۇنداق قىلمىشتا؟
قالغانمىدى ئۆچلىشىپ بىر چاغ،
چېنىپ قېلىپ يا بىرەر ئىشتا؟...

چەكسىز قۇملۇق ياتىدۇ بىھۇش،
شامال ئۇنى ئۆتىدۇ نوقۇپ.
گويا ئانا مىدىرلاتقاندەك —
بۆشۈكىنى، ئويغاتماق بولۇپ.

تىك ئۇچاردەك توختاپ دەممۇ-دەم،
بۈركۈت ئۇزاق قاراپ قالىدۇ.
سۇ سېپىدۇ ئاسمانمۇ گاھ-گاھ،
كار قىلالماي ئۇمۇ ھارىدۇ.

چەكسىز قۇملۇق ياتىدۇ ئۇخلاپ،
ئىلگىرىكى بوستانىنى چۈشەپ.
ئەجەپ ئەمەس ئاچسا كۆزىنى،
بۇندا دەريا ئاققاندا كۈچەپ.

## ياغدا قۇرۇپ يەۋەتكىن مېنى

تاشلاپ خۇلۇق قامالىرىڭنى،
تۇتۇۋالدىڭ مېنى ئەي نىگار.
شۇ تاپ خىيال چىلىكىدە مەن،
تېپىرلايمەن سۇغا ئىنتىزار.

ۋەسلىڭ-چوڭقۇر دەريا مەن ئۈچۈن،
ئاڭا تېزدىن ئەۋەتكىن مېنى.
گەر ياق دېسەڭ، ۋاقىت ئۆتمىسۇن،
ياغدا قۇرۇپ يەۋەتكىن مېنى!

---

# خەلقىمگە

## تاھىرجان قاسىم

تەرەققى قىلمىساڭ ھالاك بولىسەن.

— م. كامال

ئويغان خەلقىم، ئۆگەن ئىلىم-پەن،
كۆزۈڭنى ئاچ يۈرمەي تەمتىرەپ.
خەلقلەر ئايغا قىلماقتا سەپەر،
سەن يۈرەمسەن يەردە ئۆمىلەپ.

قولى يولماي شېرىن خىيالىڭ،
غەپلەت ئىچىدە ياتىسەن ئۇخلاپ.
ئۆرتەنمەكتە يۈرۈگۈم مېنىڭ.
سېنىڭ نادان ھالىڭغا قاراپ.

تارىخىڭدىن ئېچىلسا گەر سۆز،
خانتەڭرىنى ئالىسەن تىلغا.
ئۇ غۇ گۇۋا ئەجدادلىرىمىز،
ياشاپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىلغا...

شۇ جەڭگىۋار يىللار قوينىدا،
ئۇلار قانداق تاپقان كامالەت؟ —
قايسى قۇدرەت، قايسى ھېكمەتتىن،
ئالەم ئارا قازانغان شۆھرەت؟

سىر ئەمەس بۇ، ئايان ھەممىگە،
ئەجدادلىرىمىز كۆچۈرگەن ھايات.
ساپ قان بىلەن، مېھنەت، تەر بىلەن،
تاپقان ئۇلار شۆھرەت ۋە نىجات.

لېكىن بىزگە قالدى ئۇلۇغ نامە
قالدى ئۇلار قالدۇرغان مىراس.
نە مۆجىزە ياراتتۇق بۈگۈن،
ياشىدۇقمۇ ئەۋلادلارغا خاس!؟

پەخىرلىنىپ نەچچە ئەسىردىن،
بىز ئۇلارنى كەلدۇق ئۇلۇغلاپ.
تاغ بولسىمۇ توشماس ئەمدى،
تۇرساق يۇنۇپ، تاشىپ ۋە يالاپ.

گەر بولمىغان بولسا شۇ مىراس،
ياشالماتتۇق بىز بۇ جاھاندا؟
شۇمۇ بىزدىن كۈتۈلگەن ئۈممەت؟
باسقان يوللار قالدى قايياندا؟

بار ئەمەسمۇ بىزدىمۇ ئىقبال،
گۈزەل غايە، يالقۇنلۇق ئىلمەك.
بار ئەمەسمۇ پارلاق ئەتىگە،
ئىنتىلمىشتە يانغان ئوت يۈرەك...

مېھماندوست دەپ مېھمان كۈتۈپلا،
ناخشا ئېيتىپ ئۆتەمدۇ ھايات!؟

ئىگەللىمەي ئىلىم – پەننى ھېچ،
بولامدىكەن قاققىلى قانات؟

قاچانغىچە ياتىمىز ئۇخلاپ،
شېرىن چۈشكە بولۇپ ھەممە پەس؟
باشقىلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ،
ئۆتكىنىمىز يېتەر، ئەمدى بەس!

---

(بېشى 126 – بەتتە)

كىمدۇر مۇجۇپ تارتار يۈرىكىن.
ماڭلىيىنى باسسا سوغاق تەر،
كىمدۇر كۈتەر ئاداققى تىلىكىن.

قۇچۇپ ياتار ئۇ دۇتارىنى،
پەرزەنت ئۇچۇن بېرىپ جېنىنى.
زاكلار زەردەك يوپۇرماق بىلەن،
كۆمدى ئۇنىڭ سۇتتەك تېنىنى.

مازار تاغدىن چىقتى بىر سادا:
— كۆزۈڭنى ئاچ، ئاھ ئاماننىسا!
ھازا ئاچسۇن دەمسەن يۇرتۇڭنى،
يە شاھ ئۆلسۇن دەمسەن ئاڭلىسا؟!

ئەكسى سادا كەلدى شۇ ھازا:
— سەن ئۇنچىلا غېمىڭ يېمىگىن.
مۇقامغا زور تۇرسا ئېھتىقات،
ئۆلمەسلەرنى ئۆلدى دېمىگىن!

ئۇنى تارلار باغرىغا پۈتۈپ،
خەلقى دىلىدا ساقلايدۇ دائىم.
دىلدىن ھېچكىم تارتىپ ئالالماس،
شۇڭا نېچۈك بۇنچە غەم – ۋايىم؟!

× ×

بەلكى ھازا ئاچتى شۇ مىنۇت،
كۆز يېشىنى يامغۇر قىلىپ بۇلۇت.
بەلكى جەڭدە قىلىچ چاپقاندەك،
كۆكتە سۈرلۈك چاقناپ كەتتى ئوت.

بۇ دۇنياغا تويمىغان ياۋنىڭ،
شۇ كۈن تويدى قۇمغا كۆزلىرى.
بۈركۈتلەرنى دورىماقچى بوپ،
قوزغۇنغا يەم بولدى ئۆزلىرى،
بەلكى ياۋنى تۇتتى جۇۋانىڭ،
ئاھۇ – نالىسى، بەلكى قارغىشى،
بەلكى تۇتتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ،
تارىم بولۇپ ئاققان كۆز يېشى.

× ×

ئوردىسىدا يانغان غالىپ شاھ،
چارىباققا تاشلىدى نەزەر:
بارچە بېشىن ئىگىپ تۇراتتى،
شاھ قەھرىدىن ئەيمىنىپ ھەزەر.

ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي شۇئان:
— ئۆلدى، — دېدى، — ئاماننىساخان!
شاھ بېشىدا چاقماق چېقىلىپ،
قەپەزدەك تار تۇيۇلدى جاھان.

— يالغان! — دېدى كىرىپ ھوجرىغا،
تاپالماستىن بولدى سەكپارە.
خەنجەر ئۇرۇپ ئوتلۇق كۆكسىگە،
قىلماق بولدى مىڭ پارە – پارە.

— يالغان! — دەيتتى تىنىتىپ ئوردىنى،
تاپالماستىن كەتتى دالاغا.
توپ – توپ كىشى ماڭدى ئەگىشىپ،
قالمىسۇن، دەپ بىرەر بالاغا.

تاپىنىنى كۆيدۈرسىمۇ قۇم،
پەرۋا قىلماي ماڭاتتى دەشتتە.
«كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورايتتى كۈندىن،
يالۋۇراتتى ئايغا ھەر كەچتە.

يەر – كۆكتىن تاپالماي ئاخىر،
سەۋدايى بوپ كەتتى بىچارە.
ئىشىق دەردىگە يوقتۇر ھېچ داۋا،
ئاشىقلىققا يوق ئەسلى چارە.

كىملەردىن بۇ قالمىغان جاھان،
نىمە كويغا سالمىغان زامان.
ئۆلمەيدىغان ھېچنىمە يوقتۇر،
ئەمما مۇقام ياشايدۇ ھامان.

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
ئابلىمىت ئوسمان.

# ئاھ، رەھىمسىز دەريا



(پوۋېست)

**ئەختەم ئۆمەر**

## 1

مانا شۇ كۆرۈمسىز، تاش مايماق قارا ئېشەك بىزنىڭ تۇردى رەزگىنىڭ سىردىشى ۋە ئايرىلماس دوستى. ئۇلار قاچانمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان؟ كۈندۈزى ئەسكى كىگىز مۇلۇ① نىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغان تۇردى رەزگى، خۇددى ئېشەك بىلەن ئۆزى ئۈچۈنلا ئېيتىۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋازدا غىڭشىپ «گۈلئايىم» ناخشىسىنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ياغىراپ كەتكەن ياغاچ ھارۋىنىڭ غىچىرلىشىدەك چىقىدىغان كۈلكىلىك ئالا-تاغىل ئاۋازى، ئېشەككە نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتسە كېرەك، ئەتىمالىم، شۇڭا ئۇ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، خارتىلداپ قويۇپ، ئالچاڭ پۇتلىرىنى چاققان يۆتكەپ، قىل يورغىدەك مېڭىپ كېتىدۇ. تۇردى رەزگى ئېشەكنىڭ بۇنداق مېڭىشلىرىدىن قانداقتۇ ئۆزىمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان شېرىن ھېسسىياتلارغا تولىدۇ، ئۆز ئىچىدە ئېشەكنىڭ

① مۇلە — مەكىت شىۋىسىدە ئۇچۇلۇق ھەمدە

شۇ دەرىجىدە ئالەمنى بىلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نە ئۇرۇق-
تۇققىنى، نە بالا-چاقىسى، نە دوست-بۇرا-
دىرى يوق. يېشى ئەللىكتىن ئاشقىنى بىلەن
تېخى توي قىلمىغان قېرى يىگىت. ئۇنى
ھازىرچە ھېچكىم ياتى ئۆلگەن ئادەم ياكى
ئۆلمىگەن دېگىلى بولماس، ھەتتا بۇنى
ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى، مۇشۇ يېشىغىچە
بىرەر يات جىنسنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرەر-
يېرىم دەم مۇڭدىشىپ باققىنى يوق. ئۇنىڭ
دوستىمۇ، مەھبۇبىسىمۇ ھەممىسى مانا مۇ-
شۇ ئاستىدىكى مۇلايىم ئېشىكى. بۇ ئېشەك
تۇردى رەزگىگە ئوخشاشلا كۆرۈمسىز، ئۇ-
نى ئىشەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ سەت ئېشەك
دېسە بولىدۇ. قاپ قارا ئۆسكىلەك پاخپى-
يىپ تۇرغان يۇڭلار ئارىسىدىكى چاپاق
باسقان كۆزلىرى چوڭقۇر - كۆمۈتىلارنىڭ
ئۇۋىسى، سالپىيىپ تۇرىدىغان ئۆزىدىن
يوغان قۇلىقىچۇ تېخى! ئىگىسىنىڭ كۆزىمۇ
ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. تۇردى رەزگىنىڭ
ئۆسكىلەك چۇپۇر قاشلىرى ئاستىغا يوشۇ-
رۇنغان خۇنۇك كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم
يىرگىنىدۇ. دىمىسىمۇ تۆمۈرچىلىك كەسپى
ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆزى كۆچۈنۈپ بازغانلاي-
دىغان تۆمۈردەك ھەم قوتۇر، ھەم قاپ -
قارا قىلىۋەتكەن. چىگىشلىشىپ كەتكەن
ساقاللىرى ئۇنىڭ يۈزىنى كىرپىنىڭ دۈمە-
بىسىگە ئوخشۇتۇپ قويىدۇ.

ئىزدەپ - تېپىشقان بۇ ئىككى مەخلۇق،
ئۆز جەمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېتىبارسىز،
كۆرۈمسىزلەردىن. شۇڭا ئۇلار بىرسىنىڭ
ئادەم، بىرسىنىڭ ھايۋان بولىشىدىن ئى-
بارەت تەبىئى توساقنى قىلىچىمۇ نەزەرگە
ئالماستىن، بىر - بىرى بىلەن ئوبدانلا
چىقىشىپ قالغان. تۇردى رەزگى، بۇ دۇن-
يادا چىرايلىق ئادەملەر (ئۆزىدىن باشقا
ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق ھىساپ-
لايتتى) دىن دوست چىقمايدۇ، ئادەملەر
ۋاپاسىز، ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلەپ، ئۆز-
لىرىنى مەدەنىيەتلىك ھىساپلايدىغان، چوڭ
ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ۋا-
پاسىز. گەرچە ئۇلار ئادەم بولسىمۇ،
ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ ۋەھشى-
لىكلەرنى قىلىشقا ئۇرىنىدۇ. ئۇلاردا ھاي-
ۋانچىلىك سەمىمىلىك، ساداقەت دېگەن-
غان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا مۇشۇ
ئاستىمدىكى ئېشەكچىلىك ۋاپا دېگەننى
بىلمەيدۇ، دوستلۇقنى قەدىرلىمەيدۇ، دەپ
قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ كۆرۈمسىز ئېشى-
گىنى ئەڭ يېقىن دوست دەپ بىلىدۇ. بۇ
ئىككىسىنىڭ رىشتىسى شۇنچىلىك چىڭ
باغلانغان.

ئۇنىڭ ئۆيى دەريا بويىدىكى بازارغا ئان-
چە يىراق بولمىغان مەھەللىدە. ئۇ مەھەل-
لىسىنىڭ چېتىدىكى بىر باغۇ - بوستان
ئىچىدە ئىككى ئېغىزلىق، تورۇسلىرى ئى-
تىن قارايغان لاي تاملىق ئۆيدە ئولتۇرى-
دۇ. تاشقىرقى ئۆيى ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك
قىلىدىغان دۇككىنى، ئىچكەركى ئۆيگە بول-
سا، كونا زەدىۋال تارتىلىپ، ئىككى چىت
يوتقان - كۆرپە، قۇراقتىن تىكىلگەن سا-
مان تەكىر، بىر قانچە ساپال قاچا، بىر
قۇم قازان ۋە چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلەر
قويۇلغان. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بار-
يوق بىساتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى بۇن-
داق بىچارىلىق، يوقسىزلىق ئىچىدە قال-
غاندەك غېرىبسىنىپ تۇرغىنى بىلەن، ئۆ-
يى ئەتراپىغا ھارماي ئورمان ۋە كۆچەت
سېلىۋېرىپ، مانا ئەمدىلىكتە تۈمەنلىگەن
قۇشلار ماكان تۇتىدىغان جەننەتكە ئايلان-
دۇرغان. تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيى بولسا

چەنپەتتەك باغ ئىچىدە، چوخچىيىپ تۇر-
غان قاقاس دۆڭگە ئوخشاش كۆرىنىدۇ.

2

تۇردى رەزگى — ئاۋال ئۇنىڭ لەقىمى-
نى بىلمەيتتىڭلار — بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا مۇ-
شۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر تەرىپىدىن قو-
يۇلغان. ئۇ چىرايىنىڭ كۆرۈمسىز، سەت
ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، سەل رەتلىك-
رەك يۈرۈشنى بىلمەيدۇ، كىيىملىرى شۇن-
چىلىك بەزەپ، رەتسىز ۋە يىرتىق، ياماپ
ياكى يۇيۇپ كەيمەيدۇ، بىر كىيىمنى بىرلا
كىيىۋالسا تاكى ياپىسى بولمايدىغان يې-
رى ئېچىلغاندىلا يەڭگۈشلەيدۇ، ياكى يې-
ڭىنى ئالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى. نامرات
بىچارىنىڭ دىسە تېخى، ئۇنىڭ ئىشچان
ئادەملىكىدە گەپ يوق. مۇشۇ يۇرت، ھەتتا
مۇشۇ ناھىيە بويىچە ھەرقانداق دۆلەتمەن
باينىڭ ئۇنىڭ ۋەجى ئالدىدا كۆزى چەك-
چەيمەي قالمايدۇ. ئۇ تۆمۈرچىلىك ئۇرى-
سىغا كىرىۋالسا قوپال، قاداق قوللىرى
بىلەن بولقىنى ئەپچىل سوقىدۇ، كېچە يا-
كى كۈندۈز دېمەستىن ئىشلەۋېرىدۇ. بۇ
ناھىيىنىڭ دېخانلىرى تۇردى رەزگىنىڭ كەت-
مىنىدىن باشقا كەتمەننى چاپمايدۇ، ياغاچ-
چىلار ئۇ ياسىغان كەكە ۋە ئىسكىنىدىن
باشقىنى ئىشلەتمەيدۇ، شۇڭا بۇيرىتمىدىن
باش كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن
ئۇنىڭ بولقىسىنىڭ تۆمۈرگە «توك» قىلىپ
بىر تېگىشى پۇل دىگەن سۆز، پۇل كىرى-
ۋېرىدۇ، لېكىن چىقمايدۇ. تۇردى رەزگى-
نىڭ بىر قوسىقىدىن باشقا يەنە نىمىسى
بار، ئۇ پۇللارنى نەگىمۇ سىغدۇرار ھەم نى-
مىمۇ قىلار؟ ئۆلسە قالىدۇ!... ۋۇي ئۆلۈمە-
تۈك رەزگى، ياكى يېيىشنى بىلمەيدۇ، يا-
كي كىيىشنى بىلمەيدۇ. «ئېشىمنى ئىچەلە-
مىسىڭگەنگە بار، ئېشىنى يېيەلمەسىڭگەنگە
بار» دىگەندەك، ۋەجنى خۇدايىمنىڭ مۇ-
شۇنداق رەزگىگە بەرگىنى قىزىق!...

تۇردى رەزگى بەكمۇ غەلىتە ئادەم،
ئۇ بازارغا بارسا پاكار ۋە كۆرۈمسىز قا-
را ئېشىكىگە مىنىپ غىتىلداپ بارىدۇ، باش-
قىلارغا ئوخشاش ئات ياكى موتوسىكىلىت
مىنمەيدۇ، ئۇنداق قىلىپ جان قىيناپ با-
زارغا بارغاننىڭ نىمە پايدىسى؟ بېلىگە
ئۆزى قوقاسقا كۆمۈپ پۇشۇرغان كۆمەچ-
تىن بىرنى تۈگىدۇ - دە، ئاتايىن بازار-
غا بارغان ئادەم ئاغزىغا تېتىغۇدەك تۈ-
زۈكرەك غىزا يىمەي، ئەللىك پۇڭلۇق
زاسۇ ئېلىپ ھىجىر تاۋاققا كۆمەچنى پوم-
لاپ سالغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن ياغاچ
قوشۇقتا بېسىپ تۇرۇپ، پاخماق ساقاللى-
رى ئارىسىدىن ئۆرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان
كالپۇكلىرى بىلەن زاسۇنىڭ سۈيىنى ھو-
زۇرلىنىپ سۈمۈرىدۇ. ۋاھ، ئۇنىڭ ئۈچۈن
دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەت بولام-
دۇ؟ ئۇ تىلىنى تامشىپ تەزلەپ ئولتۇرۇپ،
يوغان كۆمەچنى زاسۇنىڭ سۈيى بىلەن ئى-
چىپ بولغاندىن كېيىن بىر كىكىرىدۇ - دە،
ئۆپكە - قېرىن، ئۈچەيلەرنى بەلۋېغىدا
تۈگۈپ، ئاللاغا شۈكرى - سانا ئېيتىپ بىر
دۇئا قىلغاندىن كېيىن، سوزۇپ بىرنى كې-
كىرىۋېتىپ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. بۇ چاغدا
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن بې-
زار بولۇشۇپ، ئىچىدە مىڭنى تىللايدۇ. ئە-
گەر، نازاكەتلىك قىز - جۇۋانلار يانداپ
ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن بۇقسىپ چىققان
تەرنىڭ بەد - بۇيىدىن سەسكىنىپ، كۆڭ-
لى ئاينىپ، خېلى يەرگە بارغىچە «سەت
تۇڭرۇلۇق، مەينەت رەزگى» دېيىشىپ كېتىشى-
دۇ. ئۇ ئادەتتە پۇلنى كۆپ تاپىدۇ. خەج-

لمەيدۇ. ئەنە بۇگۈنمۇ ئۇ ئۇسساپ تامـ
ىغا قىلىرى قۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ،
ئاغزى كاككۇك تەك ئېچىلىپ قالدى. مۇز-
دەك چۇچمەل دوغ ئۇنىڭ نەپسىنى تاقىلـ
داتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر قاچا مۇز
سۇ يىنى (ھەراست، يەنە ئىككى قوشۇق
ئېچىغان قېتىقمۇ بار) يىگىرمە پۇڭغا ئىچـ
مەيدۇ؟ ئادەملەر ئەخمەق...دە، ماۋۇ يەردە
بەش پۇڭلۇق مۇز قىيامى تۇرسا، يىگىرمە
پۇڭغا دوغ ئىچىدۇ. بۇ نىمە دىگەن ھاماـ
قەتلىك!... تۇردى رەزگى بەش پۇڭلۇق
مۇز سۈيىدىن ئىچىپ راسا راھەتلەندى ـ
دە، دوغ ئىچىۋاتقان ئادەملەرگە نەپرەت
بىلەن قاراپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. مانا
شۇ، ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار
كۈنى قىلىغان خىراجىتى. ھەر كۈنى ئەڭ كەم
دىگەندە 20 ـ 30 كويغا ئىشلەيدىغان،
قولىدا ئۇچيۈز ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلى بار
ئادەمنىڭ ئىشلىرى مانا شۇنداق. 350 مىڭ
يۈەنمۇ ئەشۇنداق يىمەي، كەيمەي يىغقانـ
دا توپلانغان پۇل ـ دە. ئەگەر ئۇدۇللۇق
يەپ تۈگەتسە، بۇ پۇل ئۆزلىگىدىن يىغىـ
لىپ قالاتتىمۇ؟

تۇردى رەزگى بازاردىن يېنىپ، ئۇدۇل
دەريا تەرەپكە ماڭدى. ئىشەك ئۇنىڭ كۆڭـ
لىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاچالـ
غا كەلگەندە، ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلماستىن
ئۇدۇل دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. تۇردى
رەزگى ئىشىكىنىڭ ئەقلىگە سۆيۈنۈپ، كۈـ
لۈمسىرىدى. چىم، يولتۇن، يانتاق ـ چاتقاللار
ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن دەريا بو ـ
يىغا يېتىپ كېلىشتى. مانا بۇ ئۇنىڭ 30
يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كو-
نا ئادىتى. ئادەتتە ھەر كۈنى كەچتە
ئىشىكىگە مىنىپ مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىـ
دۇ. دەريا بويىغا كەلگەندە، ئىشىكىدىن
چۈشۈپ، چىم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پېشىن
نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ نامازنى شۇنچىلىك
يىغلاپ، ئاللاغا سىغىنىپ ئىچىدە
ھۆكىرەپ يىغلاپ ئوقۇيدۇكى، ئادەتتە
بۇنىڭدەك بۇقتۇرما ئادەمنىڭ مۇنداق يۈـ
رەكنى ئېزىدىغان يىغىسىنى ئاڭلىغان ھەر
قانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ چىداپ
تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يىغىدىن
توختاپ، نامىزى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ
يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى لۆمشۈپ ئېقىـ
ۋاتقان دەريا سۈيىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
مۈگلۈنۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ـ
نىڭ دائىم تۆمۈرگە قاراۋېرىپ، تۆمۈر ـ
دەك قېتىپ كەتكەن چىرايى بۇنداق چاغـ
دا شۇنچىلىك مۇڭلۇق تۈسكە كىرىدۇكى،
ئۇنىڭ بۇ قىيا پىتى ئادەمگە شەكسىز
يىغا ياماشتۇرىدۇ، بىراق، بۇ ئادەمنىڭ
بۇنداق مۇڭلۇق چىرايىنى ئىشىكىدىن باشـ
قا ئىنسى ـ جىن كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ
ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆيىدە
ئىشىنى قىلىدۇ. ئىشى تۈگىسە، مانا مۇشۇ
دەريانىڭ قويۇق چاتقاللار قاپلىغان بىرلا
يېرىگە ـ دۆڭنىڭ باغرىغا كېلىپ نامازغا
بىر ئولتۇرسا، تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ
كۆز باغلانغىچە دەرياغا قاراپ ئولتۇرىدۇ.
ئولتۇرغاندىمۇ بىر تىنىكلىمە سۇدىن باشقا
ياققا قارىمايدۇ. ئاھ... ئېقىن سۇ،
سەن نىمە دىگەن ئۇلۇغ! سېنى بىرسى
ئالدىغا سېلىپ قوغلىمايدۇ، ياكى تۈگىـ
دەك بورنۇڭغا چۇلۇك سېلىپ يېتىلىمەيدۇ.
نەگە شۇنچە ئالدىرايدىغانسەن؟ ئۇنىڭ
كۆز نۇرى، يۈرەك رىشتى ساڭا باغلانغان.
ئۇنىڭ كۆزى دەريا ئىچىدىن، لاي ـ لاتىـ
قىلارنى بولدۇقلۇتۇپ سۈرەپ ئېقىتىۋاتـ

قان سۇ ئىچىدىن بىر گۈزەللىنىڭ سىماسىنى كۆردۇ. بۇ چىراي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس تەۋەرۇك. بۇ گۈزەل سىمانى پەقەت ئۇلا، ئۇنىڭ ئەشۇ گۈزەل پەرىگە باغلانغان ئاشىق يۈرىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆز نۇرىلا كۆردۇ. قارىغانسېرى ئۇنىڭغا مۇھەببىتى ئاشىدۇ، ئەقىدىسى چوڭىيىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەشۇ گۈزىلىگە ئۇنىسىز قارايدۇ. غايىۋانە چىرايىمۇ ئۇنىڭغا سىنىچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇ شۇنىچىلىك گۈزەل چىرايىكى، ئۇنى يەر يۈزىدە پەقەت تۇردى رەزگىلا كۆرگەن. بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنى غايىۋانە سۆيگەن. شۇ سۆيگۈنىڭ ئەقىدىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس سۆيگۈنىڭ تامغۇسىنى باسقان ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەريا بويىغا كەلگەن ھامان ئەشۇ گۈزەل پەرىزاتىنىڭ ئوماق چىرايى سۇ يۈزىدە پەيدا بولاتتى - دە، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، چوڭقۇر مۇھەببەت نەزىرى بىلەن ئۇنىسىز قارايتتى. ئۇ بۇ گۈزەل مەھبۇبەدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە ھەر كۈنى كېلىشنى ئادەت قىلغان. ئۇنىڭ دەريا بويىغا تولا كېلىشتىكى سەۋەبى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

3

تۇردى رەزگى ھاياتىدا بىرەر ئايالغا ئۆزىنىڭ ئەرلىك سىرىنى ئاتا قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇ سۇ يۈزىدە جىلۋە قىلىپ، ئۆزىگە غەمكىن كۈلكىسىنى تەقدىم قىلىپ تۇرغان گۈزەل قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىسىنى، ئىلاھى سېھرى كارامەت بىلەن چىكىپ، ئۇنىڭ ھايات يولىنى بۇرۇۋەتكەن ئەشۇ ئىشنى 32 يىلدىن بېرى ھەر كۈنى ئەسلەپ، ئاچچىق ھەسرەت بىلەن يۇتكەن مەنىۋى لەززەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ياشىدى. ئۆمۈر بويى ئەشۇ قىزنىڭ مۇپتىلاسى بولدى، ئوتىدا كويدى، بۇ كۆيۈكتىن شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق غايە مۇنارىسى تىكلەندىكى، ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئەگرى-توقايلىق، ھەر قانداق يەر تەۋرەش ۋە ھەر قانداق شىددەتلىك جۇدۇن-شىۋىرغانمۇ، بۇ مۇقەددەس مۇنارىنى ئۆرۈۋېتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى سەلتەنەتلىك بولۇپ قەد كۆتەردى. ئەنە شۇ ئاشىقلىق ئۇنى مۇشۇنداق رەزگى ھالىغا كەلتۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ سىرتىدىكى رەزگىلىك پەقەت قەلب كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

بەزىدە ئالەم ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا تەقدىر ئۆزگەرمەيدىغان چاغلار بولىدۇ. بۇ خۇددى مەھكۇم ئەلنىڭ قورام تاش ئاستىدا مىجىلىپ ياتقان گىيادەك بىچارىلىق ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن بەزىدە تەقدىر قىلدىن نازۇك بولۇپ، سەللا سالقىن شامالدا تەۋرەپ، كارامەت يېڭى قىسمەتنى تۇغىدۇ. بۇنى تۇردى رەزگىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىۋەتكەن كېچىككىنە بىر ۋەقەدىن كۆرۈپ ئۆتەيلى.

4

تۇردى رەزگىنىڭ 20 ياشلىق ۋاقتى. ياش تۇردى ۋۇجۇدى ياشلىق ھىسلىرىنىڭ مەستخۇشلىقىدا ئۇرغۇپ تۇرغان، غورۇرى كۈچلۈك، بىلەكلىرى توم، كۈچتۈڭگۈر بولۇپ يېتىلدى. نامرات ئاتا - ئانا پەر-

زەينەپنىڭ ھاياتىنى ئۆزلىرىدەك مۇھتاجلىقتا ئۆتكۈزمەسلىكى، ھەم ھالال ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنى شۇ زاماندا راسا ئېقىۋاتقان تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە بەردى. تەمبەل ۋە ئېقىللىق شاگىرت قېرى تۆمۈرچىنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. تۇردى ھەر بىر ئىشتا ئۆز ئۇستىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا تىرىشاتتى، ھەم تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئازلا كۈن ئىچىدە خېلى نەرسىلەرنى ئۈگىنىۋالدى ھەم ئۇستىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. قېرى تۆمۈرچى ئولتۇرسا - قوپسا ئۆيدىكىلەرگىمۇ، يار - بۇرادەرلىرىگىمۇ تۇردىنى ماختاپ، ئۆز ئۆمرىدە تەربىيىلىگەن 70 نەچچە شاگىرتى ئىچىدە، بۇنىڭدەك ياخشى شاگىرتقا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتىپ ھوزۇرلىناتتى.

قېرى تۆمۈرچىنىڭ دۇنيالىقتا ئايىنىسا ئىسىملىك بىرلا قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك ئۆسكەن زىلۋا بويى، ئاق سېرىق كەلگەن يۇمۇلاق يۈزى، كۈلۈپ تۇرىدىغان سەھەرلىك كۆزلىرى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. تىلى چۈچۈك بۇ ئوماق قىز، تۇردىغا بەكمۇ ياقاتتى. ئۇ داۋاملىق تۇردىنىڭ قاپ قارا، توم بىلەكلىرىگە، تەرتەپچىرەپ مىس قازاندەك پاقىراپ كەتكەن كەڭ يەلكىلىرىگە، قىپ - قىزىل تۆمۈرگە بازغان ئۇرۇشلىرىغا قاراپ توختىماي ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ئايىنىسا كۈلۈۋەرگەندىن كېيىن، قېرى تۆمۈرچىمۇ ئىشتىن توختاپ، قويۇق چار ساقىلى ئارىسىدىكى پۈرۈلۈپ كەتكەن ئېغىزىنى ئېچىپ، قىزىغا زوقى كېلىپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ، چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن:

— قىزىم، كەلە، كۈلىۋەرمەي ئاتاڭنىڭ قولىغىدىن تۇتۇپ بىرنى سۆيۈپ قويە، ئومغىم، — دەيتتى. قىز شۇ ئان نېپىز لىۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ھىم... كۈيىدە قارىداپ كەتكەن يۈزۈڭنى قانداق سۆيگىلى بولىدۇ؛ سۆيمەيمەن، — دەيتتى.

— ... ھا... ھا... ئاخشاملىققا بالام ئەتمەيمەن، خەپ توختا پېتۈر. ھا... ھا... ھا...

قېرى تۆمۈرچى شۇنداق دەپ قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. شۇ ئان ئايىنىسا يۈگۈرەپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ قولىغىدىن تۇتۇپ، ئىستىن قارىيىپ يىپىرىك ساقال باسقان مەڭزىگە بىر نەچچىنى سۆيىۋېتەتتى. بازغان تۇتۇپ تۇرغان تۇردىنىڭ تېنى شۇ ئان جۇغىدە قىلىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ چوڭلا بولۇپ قالغان قىز ئاتىسىنى سۆيسە ئەجەپ تۇردىكىنى دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەرلەپ كەتكەن يۈزى قىزىرىپ يەرگە قاراۋالاتتى. شۇ چاغدا ئايىنىسانىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

— ھىم... مەيلى، بۇنىڭدىن كېيىن بالام ئەتمەسەڭ، ئانام بالام ئېتىۋېرىدۇ، سېنى ھەرگىز سۆيمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— يۈزۈڭنىڭ تۈكى سانجىلىپ كېتىدىكەن.

قېرى تۆمۈرچى، قىزىنىڭ سۆزىدىن ئۆچەيى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭغا پېتىن تۇردىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ سالدى. قىز لىۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ دومسايدى. قېرى تۆمۈرچى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختۇتۇپ:

— مېنىڭ يۈزلىرىم تۈكلۈك بولسا، ئەمە-
سە تۇردى ئاكاڭنى سۆيۈپ قوي، ئۇنىڭ
يۈزى سېنىڭكىدەك تۈكسىز.

تۇردىنىڭ بېشىدا چاقماق چاقنىغاندەك
بولۇپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ۋاھ
بۇ قانداق گەپ، ئاتىنىڭ كۆڭلى شۇن-
چىلىك تۈز بولسىمۇ، بىراق، بۇنچىۋالا
ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى. قىز ئۇ-
نى ھەر قانچە ئۆز ئاكىسىدەك كۆرسىمۇ،
لېكىن بەرىبىر ياتۋاش ئادەم — دە...

تۇردىنىڭ پۇت — قوللىرى بوشاپ، ماغ-
دۇرسىزلاندى. ئاھ، بۇ نېمە قىلىق، مەن
نېمە بولۇۋاتىمەن. بۇ ئويۇنمۇ — چۈشۈم-
مۇ، بىچارە قىز قانچىلىك ئىزا تارتقان-
دۇ؟ تۇردى ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى
ئاستا كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ ھازىرقى ھالى-
تىنى كۆرۈپ باقماقچى. ئۇ شەلپەردەك
قىزىرىپ ياغاچتەك قېتىپ قالغاندۇ بەل-
كىم. ئۇ پاكىدە يىغلاپ ئۆيگە قاچار، كې-
چىچە، ھەتتا بىر قانچە كۈنگىچە ھېچنەر-
سە يېمەي، دۇم يېتىپ يىغلار، ئاتا-ئا-
نىسىنىڭ يۈزىگە قارىيالماس...

لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمى-
دى. قىز گويا ئۆز ئاتىسىنى سۆيگەندەك
خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى،
شوخ كۆزلىرى شاتلىق كۈلكىسىدىن ئوي-
نايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق قورۇنۇش،
ياتسىراش دېگەندىن ئەسەر يوق. ئۇ نازۇك
قوللىرى بىلەن تۇردىنىڭ قولاقلىرىنى يەڭ-
گىل تۇتۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلگەنچە تۇردى-
نىڭ تەر ساقىپ تۇرغان يۈزىگە يەڭگىل-
گىنە سۆيۈپ قويدى.

ئاھ! ......بۇ قانداق سۆيۈش؟ بۇ سۆ-
يۈش قىز ئۈچۈن سەبىي قىزنىڭ ئوماق سۆيە-
گۈسى، ئۇنىڭ قېرىنداشلارچە سۆيگۈسى،
تۇردى ئۈچۈن بولسا بۇ سۆيگۈ...

— ئاتا تۇردىكامنىڭ يۈزى ئەجەپ قى-
زىپ كېتىپتۇ-يا؟

تۇردىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ
كەتكۈدەك بولدى.

— ھە، ئوتنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟
سەنمۇ بىر دەم تۇرۇپ باققىنە، قانداق
قىزىپ كېتىدىكەنسەن؟ ھى ...ھى...ھى...

— سىزمۇ ئوتنىڭ يېنىدا تۇرىسىزغۇ ئا-
تا، لېكىن سىز...

تۇردى ئەس- ھۇشىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدى سېزىمىدىن ئايرىلدى. ئۇ قولى-
دىكى ئېغىر بازغاننى جايىغا قويدى-دە،
ئويمانچەكتىن چىقىپ، تالاغا قاراپ ماڭ-
دى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ئىشىكنىڭ يان يا-
غىچىغا يۆلىنىۋالدى.

— تۇردىكا نېمە بولدىڭىز؟ ئاغرىپ
قالدىڭىزمۇ؟

— تۇردى ئوغلۇم، ساڭا نېمە بولدى؟
تۇردى ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

5

ئاھ، قىيانلىق دەريا — دولان دەريا-
سى!... سەن خۇددى يىگىتنىڭ قەلبىدەك
ھەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەيسەن، تىنىمسىز
سوقۇۋاتقان يۈرىكىدەك قىرغاقلارغا ئۆزەڭ-
نى ئۇرىسەن، ئۇيقىدىن بىدار بولغان
ئاشىقتەك تولغىنىسەن، مۇڭلۇق شاۋقۇن-
لىرىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز توختىماي
ئاقىسەن. ئېيتقىنا، سەن نەگە بارىسەن؟
كېچە-كۈندۈز تۆكۈلگەن ياشلىرىڭنى
چاچرىتىپ، ئاشىقىڭنىڭ ۋەسلىگە يېتىش
ئۈچۈن كېتىۋاتامسەن؟ سەن ئاشىق، سې-
نىڭ بويۇڭدا خۇدىنى يوقىتىپ، بېشىنى
ساڭگىلىتىپ ساڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان
مانا بۇ يىگىتمۇ بىر ئاشىق. ئۇنىڭ كېچە-
كۈندۈز سەندەك تولغىنىپ، سېنىڭ دول-

قۇدلىرىڭىزدەك توختاۋسىز دولقۇنلانغان قەلبى مانا ھازىر، خۇددى سەن سۈرۈپ كېتىۋاتقان لاي سۇلاتقىلاردەك ئېلىشىپ كەتتى. بۇ قەلب خۇشال بولسۇنمۇ؟ چەكسىز بەخت شاتلىق ئىلكىدە ناخشا ئېيتسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ھازىر كۈلەلمەيدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن قاقاخلاپ كۈلۈش مۈمكىن ئەمەس. بۇ سۆيگۈ ئىككى يۈرەكتە ئىككى خىل سىزىمغا ئىگە. بىرى سەبىلەرچە ساددە سۆيگۈ، يەنە بىرى ئاشىقلارنىڭ سۆيگۈسى. ئەمسە يىغلىسۇنمۇ؟ سېنىڭ مۇڭلۇق شاۋقۇنىڭغا تەڭكەش بولۇپ، ساڭا ئوخشاش ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ مۇڭلۇنۇپ يىغلىسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ يىغلاشقا ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىچىنى ئۆرتەپ، يۈرىكىنى ئۆرتەپ — تۆشۈك قىلىۋەتكەن ئەشۇ چۈشلىرىدە چاڭقاق قەلبىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇچى كەۋسەر، تامغۇچى بۇلاقتەك شىپالىق لەۋنى ئۆز مەڭزى ئۈستىدە مېھمان قىلدى. بۇنداق تەساددىپى مېھماندارچىلىقنى ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ قانچىلىغان كېچىلەرنى ئايىمىسانىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدىكى شېرىن ۋە ئازاپلىق خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزمەكتە. ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ بالىلارچە ساددە سۆيگۈسى، مۇھەببەت دەشتىدە جان تالىشىۋاتقان ئاشىقنىڭ سۆيگۈ ھىسلىرىغا دەرمان بولالارمۇ؟

تۇردى تولغۇنۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ گاڭگىراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبى دەريا ئىچىدىكى ئېقىپ كەلگەن ياپراقتەك دولقۇنلار ئەۋجىدە، گاھ ئىگىز كۆتىرىلىپ كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا يالتىرىسا، گاھ مۇئەللەقتىن كەپتەرگە ئېتىلىپ چۈشكەن ياش لاچىن سانا قىسمىز كەپتەر توپى ئىچىگە شۇڭغىغانىدەك بوژغۇنلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى...

— تۇردىكا، ئاغرىپ قالدىڭىزما؟

قىزنىڭ ئارقىدا تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاۋازى تۇردىنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئاۋازىدىن بالىلارغا خاس ھەيرانلىق، بالىلارنىڭ ئۆز يېقىنلىرى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە قورقۇپ كەتكەندىكى مەيۈسلىكى چىقىپ تۇراتتى. تۇردى ئۈنتۈنسىز ھالدا ئايىمىسانىڭ قوڭغۇر قويۇق كىرپىكلىرى ئىچىدە پاقىراپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆز تۇردى ئۈچۈن شۇنچىلىك قەدىرلىك، بۇ كۆزنىڭ يارقىن سىماسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەقىشلەنگەن.

— تۇردىكا، ماڭا نىمانچە بەك تىكىلىپ قاراپ كېتىسىز؟

ئەمدى قىزنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى شوخلىقىغا قايتىۋاتقانلىقى بىلىندى. قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— تۇردىكا، ئاتامنىڭ يۈزىدىكى كۆمۈر يوقى يۈزۈمگە يۇقۇپ قاپتىمۇ-يە؟

قىز سىزىلىپ بولۇپ كۈلدى. ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى باھار ئېيىنىڭ ئەتىگەنلىكى ياپراق ئارىسىدىن يېڭىلا پوستىنى يېرىپ چىققان گۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ غۇنچە شۇنچىلىك چىرايلىق ھەم نازاكەتلىك ئىكەنكى، ياپ-يېشىل يۇمران ياپراقلار ئارىسىدىن خۇددى مانا مۇشۇ قىزنىڭ كۆزىدەك نۇر جۇلاسى ئىچىدە كۆرۈنىدۇ.

— ياق، يۈزىڭىزگە ھېچنەرسە يۇقماپتۇ.

تۇردى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان يۇقۇرى بېسىملىق قاپقاقنى تەستە ئېچىپ، قۇرۇق يەرگە چىقىپ قالغان يۇمران بېلىقجاندەك تىپىرلاپ قالغان تىلىنى تەستە ئىشقا سالدى.

— خۇددى پوكاندەك ئېسىلىپ كېتىپسىز، ها... ها... ها...ها... قىز شۇنداق دەپ قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى دەريا ساھىلىنى چاك كەلتۈرۈپ، چۆل كارۋىنىنىڭ تۆگىسىنىڭ بوينىدىكى زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ كەتتى.

— ھېچقانداق چاغدا ماڭا بۇنداق قاراپ كەتمەيتتىڭىز، بۈگۈن ئەجەپ كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەي قالدىڭىز-ھە، تۇردىكا، سىزمۇ ماڭا ئاتامدەك ئامراق-ھە؟

— ھە ئە...

— ئەمىسە سۆيۈپ قويايمۇ؟

ئاھ... بۇ نىمە دېگەن گۈدەكلىك، سادىدىلىق، بۇ تۇردىنىڭ چۈشىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە نىمە دېگەن ئوخشايدۇ - ھە! تۇردى مەسخۇس ھالدا لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ ئوماق مەڭزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاستىن ئېڭىكى ئاجراپ كەتكەندەك چىشلىرىمۇ كارسىلداپ، ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. قىز بولسا، شوخ كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈشىنى كۈتەتتى. تۇردى ئاغزىنى يېقىن ئەكىلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاۋال قىزنىڭ نەرىگە سۆيسۇن، جىنىستىدەك قىزىرىپ تۇرغان لىۋىگە سۆيسۇنمۇ؟ ياكى توغاچتەك قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىگە سۆيسۇنمۇ ۋە ياكى سەبى، ئەمما مىسلىسىز سېھرى كۈچكە ئىگە كىرپىكلىرى سايەتاشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگىمۇ؟ ياق... ياق... ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك. مۇھەببەت قەسرىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىغا سېلىنغان 99 پەردىلىك مۇقەددەس قۇلۇپنىڭ ئېچىلىشىدىن دېرەك بولمىغان، مۇھەببەت بوسۇغىسىنىڭ يېنىغا كەلمىگەن بۇ پاك ساددە قەلبنى خورلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايەت! بۇ ئوماق قەلبنىڭ مۇھەببەت قەسرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىش ۋاقتى خېلى بار. ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن زورلۇق بىلەن ئېچىش ناھايىتى چوڭ جىنايەت! بىراق، ئايىمىنىسانىڭ تەڭتۇشلىرى بىردىن ئەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمەمدۇ؟ ياق، ئۇ قىزلار باشقا، لېكىن ئايىمىنىسا باشقا...

تۇردى قىزنىڭ لىۋىگە تېگىپ كېتىشكە سەللا قالغان ئاغزىنى تارتىۋېلىپ، قىزنى قويىۋەتتى. شۇئان قىزنىڭ چىرايىدىكى شاتلىق ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل مەيۈسلىك ئىگەللىدى.

— ئاكا، نىمە بولدىڭىز، ئاغزىم مەينەتمىكەن؟ ھىم، مەنچۇ، بايا ئانامنىڭ توقى ھەرەم سوپۇنىدا پاكىز يۇيغان.

قىز دومسايدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇئان لىققىدە ياشقا تولدى.

قىزنىڭ كۆڭلى نىمە دېگەن نازۇك، ئۇنىڭ كۆڭلى نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ئەي جاھان قىزلىرى، سىلەر مۇنۇ دوستۇڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر. ئۇنىڭ كۆڭلى سىلەرنىڭكىگە ئوخشامدىكەن؟

بىردىنلا تۇردىنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى؛ يۈرىگى شۇنچىلىك سىقىلدىكى، خۇددى بىر پارچە قاغدا لىما كېسەك ئاستىدا قالغان بىچارە قۇشنىڭ بالىسىدەك تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ شۇئان غۇلاچىنى يېيىپ، قىزغا ئېتىلدى. قىزنىڭ ياشلانغان كۆزى ئا-

دىتى بويىچە ئېغىزىدىن بۇرۇن كۈلدى. بىراق بۇ كۈلكىنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى تۇردى غۇلىچىنى يىغىۋېلىپ، چىرايى ئاتارغان ھالدا ئۆيگە، يەنى، دەريا قىرغىقىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. قىز شۇئان پاكىتدە يىغلىۋەتتى.

تۇردى كىرگەندە تاۋلىنىپ چوغ بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن تۆمۈرگە ئۇستىسى قىينالغان ھالدا بولقا ئۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ تۇردىنى كۆرۈپ:

— ھە، ئوبدان كەلدىڭ بالام، — دەپ قويدى. تۇردى ئۈن - تۈنسىزلا ئېغىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ، كۈچ بىلەن سوقۇشقا باشلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئايىنىسا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلىغان پېتى كىرىپ كەلدى. قىزنىڭ يىغىسىنى كۆرگەن ئاتا، خۇددى ناھايىتى چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندەك، يۈرەك ئالدى بولغان ھالدا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئورنىدىن چىقىپ، قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ھالسورىدى:

— نېمە بولدىڭىز قىزىم، بىر كىم بىر نېمە دېدىمۇ؟

ئاتا، قىزىنىڭ باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويماقچى بولىۋىدى، قىز ئاتىسىنىڭ قولىنى سىلكىشلىۋەتتى:

— قولۇڭنى يېقىن ئەكەلمە، بۈگۈندىن كېيىن سېنى سۆيۈپ قويمايمەن، قارا يۈزۈپ قالىدىكەن. تۇردىكام سۆيۈپ قوياي دەپتى، ماقۇل دېسەم سۆيۈپ قويماي يېنىپ كىرىۋاتىدۇ.

ئاھ... ئەمدى دەيدىغان نېمە گەپ قالدى، بۇ قىز يەنە نېمىلەرنى دەر؟ بوۋاي قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى. قىز بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن، ئېسەدەپ ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

.. تۇردى ئىزادىن ئۆزىنى يوقاتتى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتىنالماي قالدى. باشنى كۆتەرمەي، كۈچەپ بازغان سوقۇشقا باشلىدى.

6

دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغىيىپ بېرىشى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن چوڭ بىر پارچە توپا قاتلىمىنىڭ سۇغا چۈشكەن شاۋقۇنى ھەم ئۆزىگە چاچرىغان سۇ تامچىسى بىلەن تۇردى رەزگى ئەندىكىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار زېمىنغا كەيدۈرۈلگەن ئۆتمە-تۆشۈك داش قازاننىڭ تۆشۈكچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. تۇردى رەزگى دەريا يۈزىگە قارىدى. ئۇ چاپاق باسقان قىسىق كۆزلىرىنى قانچە كۈچەپ يوغان ئاچقان بولسىمۇ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا بۇ ئۇلۇغ سۇمۇ كۆرۈنمەي قالغان، پەقەت دەريانىڭ يىراق ئېقىملىرىغا زەڭ سېلىپ قارىغاندا، دەريا ئۈستىدىكى ئاقۇش تۇماننى كۆرگىلى بولاتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دەريانىڭ شاۋقۇنى گويا زىنداندا يېتىپ جان تەسلىم قىلىۋاتقان مەھبۇسنىڭ خۇدىنى بىلمەي سېلىۋاتقان پەريادىدەك ئاڭلىناتتى. دەريانىڭ بۇ شاۋقۇنىنى تۇردى رەزگى ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ شاۋقۇنىغا ئوخشىتاتتى. زىنداندا جان تالىشىپ پەريات سېلىۋاتقان مەھبۇس ئۆز خۇدىنى بىلمەيدۇ، ئۇ قانچىلىك پەريات چەكمىسۇن بەربىر ئوخشاش، ئۇنىڭ پۇتىغا سېلىنغان ئېغىر كىشەننى چېقىپ، بۇ يەردىن ئۆزىنى قۇت-

قۇزغىدەك مادارى يوق. تۇردى رەزگىمۇ بۇندىن 30 يىل ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى دەھشەتلىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزىۋالالمىغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالمىغان. شۇڭا 30 نەچچە يىلدىن بېرى ئەشۇ مۇھەببەتنى يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى مانا بۇ ئادەمگە كىشىلەر تەرىپىدىن رەزگى دېگەن لەقەم ئىنئام قىلىنىدى.

ھازىر كىشىلەرنىڭ تولىسى كۆز كېسەلگە گىرىپتار بولىۋاتىدۇ. كۆزلىرىگە گىرادۇسلۇق ئەينەك، ھەتتا دۇربۇن تۇتسىمۇ ھەقىقى گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ. تۇردىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەقىشلەر ئويۇلغان قەلبىنى ئۇلار كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار ئەشۇ گۈزەللىكنى جاھاننىڭ پاسكىنىچىلىقىدىن ساقلاپ، پاك پېتى تۇرغۇزۇۋاتقان ئەشۇ ۋۇجۇتنىڭ سىرتىدىكى كۆرۈمسىزلىكلەرنىلا كۆرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى خۇددى نەچچە قات چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلاردەك يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئۇنى ئادەتتىكى دېڭىزدا يول يۈرگۈچى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى پەقەت غەۋۋاسنىڭ ئۆتكۈر كۆزىلا كۆرەلەيدۇ.

تۇردى رەزگى، كىشىلەردا ئىم ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان «پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ» دەپ، ھەتتا جاھاندىكى ھەممە ئېپلاسلىق ۋە پەسكەشلىكلەرنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا قىلىدىغانلارنى كۆردى. ئالدىغا قارىۋىدى، پۇل ئۈچۈن بىراۋ ئاتىسىنى سىرتماققا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئارقىسىغا قارىۋىدى، پۇلنى دەپ بىراۋ ئاق سۈت بەرگەن مېھرىۋان ئانىسىنىڭ كۆكسىگە پىچاق ئۇردى. يانغا قارىۋىدى، بىراۋ ئەشۇ پۇل ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى...

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى چىرايلىق بېزەپ يۈرىدىغان مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ گۈزەل قەلبى!...

تۇردى رەزگى پۈتكۈل ھاياتىدا ئەشۇ ئادەملەرنىڭ «پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ» دېگەنلىرىگە ئاساسەن ھارماي ئىشلىدى. يېمەي-ئىچمەي، كەيمەي پۇل يىغدى. ساناقسىز پۇل توپلىدى. ئۆيىنىڭ ئۆزى ياتىدىغان يېرىگە كۆمۈلگەن ساپال كۆپىنىڭ ئىچىگە پۇل توپلىدى. كۆپ توشۇپ كەتتى. بىراق ھەممە نەرسە بولمىدى. يەنى ئۇ مۇشۇ پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن بوپقالا دەپ تاما قىلغان ئۇنىڭ كۈتكەن نەرسىسى بولمىدى. ئايىمىسانىڭ ساپ قەلبى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بولمىدى.

تۇردى رەزگى چۈشەندىكى، پۇل پەقەت يەپ-ئىچىشنى، دۇنيانىڭ پۈتكۈل لەززىتىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان ئاچ مەخلۇقلار ئۈچۈنلا ھەممە نەرسىنى تېپىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا تۇرغان بولاق-بولاق پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن، كۈزدە يەر يۈزىنى قاپلىغان غازاڭلاردەك قەدىرسىز. ئەمما ئۇ يەنىلا تۇردىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. ئوغرىلار قانچە قىلىپمۇ بۇ پۇللارنى تاپالمىدى، ئوغۇرلىيالمىدى. بۇ پۇللار گويا سېھىرلىك تىلسىمدەك ئۆز ھالاللىقىنى ساقلاپ، ھارامغا ماڭمىدى. بۇ توغرىدا پەقەت ئازغىنا مىسال كەلتۈرسەك كۇپايە.

7

مۇشۇ كەنتتە قايسى بىر يىللىرى كەنتكە سېكرېتار بولغان بىر ئادەم بار. بۇ

ئادەم ئۆزىنىڭ قۇۋۇ ، ھىلىگەرلىكى ، مۇ- ناسىۋەتشۇناسلىقىغا تايىنىپ ، ئوتتۇرا قاتلام ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى نەپسىگە ئامراق ئادەملەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىر مەزگىل تازا دەۋر سۈرگەن . ئۇ ئەينى چاغدا تۇردى رەزگىنىڭ كارامەت بايلى- قىغا كۆزىنى قىزارتىپ ، بۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى ھەر قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈ- رۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى . قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئوجۇقتۇرۇش كېرەكمۇ؟ بۇمۇ بىر خەتەر- لىك ئىش . مەيلى ، نېمىلا بولمىسۇن بۇ قاتىللىقنى ئۆزى قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن قىلسا ھامان بىر كۈن پاش بولۇپ تۇگىشىدىغان گەپ . ماھىر ، پىشقان ئوغرىلارنى ئىشقا سالسا ، پۇلنى تەڭ بۆلۈشسە بۇ قانداق بولار؟ بۇ تەييار لوقىگۆشكە باشقىلارنى تەڭ شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ - دە، ماھىر ئوغرىلار ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيىگە بىر قانچە قېتىم كىرىپمۇ، ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالماي قايتىپ چىقىشتى .

ئىدرىس ئىسمىلىك بۇ ئايدۇڭباش سېك- رېتارنىڭ بېشى قاتتى ، لېكىن پىخسىقنىڭ پۇلىنى ئېلىش رايى بارغانچە ئۇنىڭ ئىە- چىنى ئۆرتەيدىغان ئوتقا ئايلاندى . كېچى- لىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ، كۆك تاماكۇنى بولۇشىغا چېكىپ يۆتۈلۈپ كەتسە ، نەۋرە كۆرگەندىمۇ نەپسىدىن قالمىغان سىمىز ئايالى ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلاقلايتتى . ئاندىن ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە بې- قىنىنى چىداپ قويالىتتى . بۈگۈن ئىدرىس ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، يۈشۈلداپ يىغلىۋالدى. يۈرەك ئىچىدە « بىرىنچى سېكرىتار ئىدرى- رىس، ئىككىنچى سېكرىتار ھاشىرخان » دەپ ئاتايدىغان بۇ ئايالنىڭ شۇ تاپتا جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى . چۈنكى مۇشۇ ئىككى ھەپ- تىدىن بۇيان بۇ كونا قەدىناس ئۇنىڭغا نىسبەتەن سوسلىشىپ قالغان ئىدى . مانا ھازىرقىدەك قاملاشمىغان ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى ، « قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۈم » دەپ بۇ رودىپاي نىمە ئىش قىلىپ يۈرۈي- دۇ ، ياكى مۇشۇ يەردە ئېلىنمىغان ياش يۈزسىزدىن بىرسى بىلەن ... ھاشىرخان- نىڭ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سەپرا- يى تېخىمۇ ئۆرلەپ :

— ھوي يۈزى قېلىن تاپ ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ، قېرىغاندا سەت بولمىسۇن ، دەپ دەر- دىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرسەم ئۆزەڭنى بىلمەيسەنا ، دىگىنە زادى ، كىمنىڭ كەينىدە يۈرۈيسەن ؟ مەندىن چېنىۋاتام- سەن - يە ؟ ! ... — دەپ ۋاقىرىدى. ئىدرى- رىس ئىشىنىڭ چاتاق تەرەپكە ئېغىشىدىن ئەنسىرەپ، دەررۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى . چۈنكى ھاشىرخاننىڭ بىر ئىشقا چېپىلى- ۋالسا پات قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھازا- رۇللىقى ئۇنىڭغا ئوبدانلا چۈشۈنۈشلىك ئىدى . ئىدرىس قاملاشمىغان ھالدا بىرنى ھېجىيىپ ، ھاشىرخانغا تۇمشۇغىنى سوزۇ- ۋىدى ، ئەستەكتىن بىرنى يىدى :

— ئاپار نېرى ، ئاشقان - تاشقاننى يالايدىغان ئىتقا يالات ! مەن سېنىڭ قاس- ماقلىرىڭنى ئېرىتىدىغان ئادەم ئەمەس .

ئەستەك ئىدرىسقا خېلى تەككەن ئىدى. ئۇ ئەمدى ھەر قانداق قىلىپمۇ ھاشىرخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قادىر بولالمىدى . ھا- شىرخان بولسا ، ئۇنىڭغا قىلچە ئارام

بەرمەي ، ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك ئاغزىنى قويمۇەتتى .

— هەي ... بوشراق گەپ قىل دەيمەن ، ماۋۇ يان ئۆيدە زىبىرنىسا بار ، سەت تۇرىدۇ ...

— بولسا نىمە بوپتۇ ؟ ئۇ بىر نارەسىدىمىتى ؟ بۇنداق گەپلەرگىچۇ ، سەندىن يىشىشىق ، بىلىپ قوي . سەن قىزنىڭ هازىرغىچە سىكرىتار بولۇپ تۇرۇشۇڭ قىزىڭنىڭ دۆلىتىدىن .

ئەمدى بىز ، بۇ ئىككىسىنىڭ كىشى ئاڭلاشقا بولمايدىغان شەخسى پارىڭىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ ، بۇلار هازىر تىلغا ئالغان قىزى زىبىرنىسا بىلەن تونۇشايلى .

يان تەرەپتىكى ئۆيدە زىبىرنىسا يالغۇز ياتىدۇ . بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولمىغانلىغى ، تومۇز كېچىسىنىڭ بۇرۇختۇم كېچىسى بولغىنى ئۈچۈن بۇ 24 ياشلىق چوكان ئاساسەن يالىڭاچ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلىقتەك تولغان تەن قۇرۇلۇشى ، سۈرەتتەك كېلىشكەن هۆسنى ئۇنى بەختسىز قىلغان ئىدى. زىبىرنىسا باشلانغۇچتىنلا ئوقۇشنى بولدى قىلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق بولغانلىغى يارىشا ئەقلى چېچەنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئايال بولۇپ قالغاچقا ، ئۆز - ئۆزىگە كېلىۋاتقان بەختسىزلىكنى بەخت ، جاهاننىڭ لەززىتى دەپ بىلەتتى .

زىبىرنىسا چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭغا ياخشى ئادەملەرنىڭمۇ ، يامان ئادەملەرنىڭمۇ كۆزى چۈشۈشى ئەلۋەتتە تەبىئى ئەهۋال . ئۆزىنىڭ ئەسكىلىگىنى دائىم بىر قاراشتىلا كۆرىۋالغىلى بولىدىغان ئەسكىلەر ئاددى ئەسكى هىسابلىنىدۇ . ئۇلار گەرچە دائىم ئۇششاق ئەسكىلىكلەردىن خالى بولمىسىمۇ ، لېكىن چوڭ ئەسكىلىك ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . بىراق ، ئادەتتە ياخشى ئاتالمىدىغان ئەسكىلەر كارامەت بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يۇرتتىكى ئۆزىمۇ ئوبدان ، ئەمىلى كىچىك بولسىمۇ بايلىغى چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئوغلىغا زىبىرنىسا 18 يېشىدا ياتلىق قىلىندى . يىگىت ئوبدان يىگىت ئىدى. ئۇ زىبىرنىسانى كۆيۈپ پىشىپ ناهايىتى تەستە نىكايىغا ئالدى . بىراق يىگىتكە ئۇۋالچىلىق بولىدىغانلىغىنى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن دەيسىز ؟ ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيۈپ ، ئاران قولىغا چۈشۈرگەن بۇ ئېسىل قىز ، تويى بولۇپ بىر هەپتىدىن كېيىن قوسىغىدا ئالتە ئايلىق بولغان هامىلدار ئايال ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. ۋاه ، بۇ يىگىت بولغۇچى ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر نومۇس - هە ؟! يىگىتنىڭ شۇ چاغدىكى كۆز قارىشى بويىچە ، ئۇنى پەقەت ئۆلتۈرۋەتكەندىلا ، خورلانغان ۋىجدانى ئاقلىناتتى ، نامى ، ئىززەت - غۇرۇرى پاك بولاتتى ، بىراق يىگىت ئۇنداق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى . يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى چاقىقان كېلىپ ، ئوغلى ئالدىدا گويا كەچۈرگىسىز گۇناه ئۆتكۈزگەن گۇناهكاردەك تىزلىنىپ يېلىنىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى، ئوغۇل ئۈچۈن ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشى دۇنيادا نىمە دىگەن بىچارىلىق، نىمە دىگەن ئېچىنىشلىق؟! يىگىت لىۋىنى قاتتىق چىشلىدى. جاۋغىيى ئارىسىدىن قانلار جىرغاپ چىقتى. قولىدىكى يالتىراپ تۇرغان خەنجەر يەرگە چۈشتى.

ئۆيمەكقولىدىكى ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان
بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك قەھرىگە تولغان كۆ-
زى، ئۆزىگە بويۇن قىسىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان
ئاتا - ئانىسى ئالدىدا كاڭگىرىدى. شىركە-
بى كۈچ بىلەن ئۇيۇشقان ۋۇجۇدى يا پ-
راقتەك تىترىدى. بىچارە ئاتا - ئانا لۇ نى
مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپ، بۇ سىرنى ئىنىسى -
جىنغا بىلدۈرمەستىن، پەقەت خەلق ئارى-
سىدا «كېلىشەلمىدى» دىگەن ئات بىلەن
زىبىرنىسانى يولغا سېلىپ قويدى. شۇنداق
قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جان - جىگىرىنى،
بەدىنىگە يۇققان مەرەزنى يۇيىمەن دەپ
ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالدى. مەھەللىدىكى
سۆز - چۆچەكلەر، بۇ ئىش ئۈستىدىن «بۇ
قىز تازىمۇ ئەكە - نايناق ئىدى، بۇنداق
خوتۇن بىلەن غۇرۇرلۇق ئەر ئۆمۈر بويى
چىقىشالمايدۇ» دىگەن خۇلاسىنى چىقاردى.
زىبىرنىسا، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۈستات
ئانىسىنىڭ داۋالىشى بىلەن ئىنىسى - جىنـ
غا تويدۇرمايلا، قوشنىدىكى بىگۇنا مېھمانـ
نى ئۆزىگە كانىغا يولغا سالدى. ئۆزى بولسا
ساپ - ساپچى خوتۇنلار تەربىيەدىن «چالا-
پۇلا ئەرگە تەككەن قىز» دىگەن ئالتۇن
جازا ئىچىدە ياشىدى. يىگىت ئىچىگە تو-
شۇپ كەتكەن دەرت - پىغانىنى بوشۇتۇش
ئۈچۈن يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ ئىشـ
لار مانا شۇنداق.

ئەمدى بىز ھېلىقى زىبىرنىسانىڭ قوشنـ
ىدىكى غايىپ مېھمان توغرىسىدا ئاچايىپ
ھىكايىنى ئاڭلايمىز. ئەسلى بۇ سىر ئېچىلـ
مىسا بولاتتى، بۇ سىر ئاشكارا بولغاندا،
يىگىتكە تېخىمۇ ئۇۋال قىلىناتتى. لېكىن
ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى چۇشۇرۇپ، ھايات
قالغان ھېلىقى ساتىراچىنىڭ قوشنىغى ئېيتـ
ىپ كەتكەندەك، بىزنىڭ بۇ يىگىتنىڭمۇ
قوشنىغى ئېيتىپ زادىلا تۇرالمىدى. ئاخىرى
ئىچىنى تاتىلاپ قىلچە ئارام ئالدۇرمىغان بۇ
يۇشۇرۇن سىرنى بىر يەردە ئولتۇرۇپ دې-
ۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۆز - چۆچەك شا-
ملى بۇ مەخپىي سىرنى ھەممە يەردە ئۇ-
چۇرۇپ يۈردى. ئەمما بۇ يۇرتتا بولسـا
سېكرىتارنىڭ تۆمۈر قاپلىق يەرلىكسىيا-
سىتىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، كىشىلەر
كۆڭلىدە بىلىپ، ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.
يىگىت ئۆز خوتۇنىنىڭ قوشنىدىكى بالىنىڭ
دادىسىنى زىبىرنىسانىڭ ئادەمنى سېھىر-
لەندۈرىدىغان كۆزىگە خەنجىرىنى يېقىن
تەڭلەپ تۇرۇپ سوراپ بىلگەن ئىدى.

ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغان: زىبىرنىسا
خۇددى تولۇپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل
گۈلگە ئوخشاش ئۆسۈپ ھۆسنىگە تولدى.
ئەلۋەتتە بۇ قومۇش باسقان سەھرادا بۇنـ
داق قىزىل گۈل ئاز ئۇچرايدۇ. يېقىندىن
بېرى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى سالى مۇدىر
بىلەن ئىدىر دىس سېكرىتار يېقىنلىشىپ،
دوست بولۇشۇپ قالدى. يېزا بويىچە ئېچىلـ
غان چوڭ يىغىنلاردا، سالى مۇدىر ئىدىر دىس
سېكرىتارنى ماختاپ، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى
نەتىجىسىنى باشقا سېكرىتارلار ئالدىدا
ئالاھىدە مەدھىيىلىدى. ھەتتا سېكرىتار-
لارنى ئىدىر دىس سېكرىتاردىن ئۆگىنىشكە
چاقىردى. باشقا سېكرىتارلار سالى مۇدىر-
غا قاراپ، ھەيرانلىقىنى زادىلا يوشۇرالـ
مىغان ھالدا ئاغزىنى كاماردەك ئېچىشىپ
قالدى. چۈنكى، سالى مۇدىر ئىلگىرى
چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا، دائىم ئۇنى
تەنقىتلەيتتى، ھەم ئادەتتىكى چاغلاردا دا-
ئىم «بۇ ئىدىر دىس دىگەن قېرى، مەسۋاش
تاز قايسى ئاي، قايسى كۈنلىكتە سېكرىتار
بولۇپ قاپتىكى، پەقەت ئىش كەسمەيدۇ.

ئۇنىڭ كەتكەنگە بارسام، گويا گۇرۇستانغا
بارغاندەك بولىمەن. ئادەملەرنىڭ روھى
ناھايىتى تۆۋەن، نەگە قارىسا ئەسكى پۇ-
چۇق تام. دېخانلارنى بېيىتىشقا باشلىيال-
مايدۇ. تۇردى رەزگى دەپ بىرلا بېيى بار.
بايلارنى تونۇشتۇر دىسە، شۇ رەزگىنى
تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ مەلئۇن رەزگى ساراڭنى
باي دەپ يىر يەردىن كەلگەن ئادەمگە
كۆرسەتكىلى بولامدۇ؟» دەپ قايناپ يىتتى.
ئىدرىس سىكرىتار دائىم ئىچىدە: «بۇ
سويەكنىڭ ئەجەپ مەن بىلەن خوشى چىق-
مىدى. ماڭا بۇ كۇسپۇرۇچتىن بىرەر بالا
كەلمىگەيدى» دەپ ئەنسىرەيتتى. لېكىن
يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىش باشقىچە
بولدى. بىر كۈنى خىزمەت تەكشۈرۈپ كەل-
گەن مۇدىر كەچ قېلىپ، ئاچ قوساق، ئىلا-
جىسىز ئىدرىس سىكرىتارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
قالدى. كىردى-يۇ، نىمىشقا بۇ ئۆيگە بۇرۇن
كىرىپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى.
چۈنكى چىرايلىق دېخان جۇۋان - قىزلىرى-
غا ئۈگىنىپ كەتكەن بۇ كونا يېزا ئەمەل-
دارى ئىش كەسمەس، خوشى يوق سىكرى-
تارنىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن قىزىنىڭ بار-
لىغىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. بىر تال
قىزىل گۈلنى كۆرگەن بۇ ئالا - چىپار كې-
پىنەك بۇ گۈلنىڭ تېخى ئەمدىلا تولۇپ
ئېچىلغان بەرگىنى يالاۋېلىشقا نەپسى
تاقىلداپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن
سالى مۇدىر ئىدرىس سىكرىتار بىلەن
سىرداش دوستلاردىن بولۇشۇپ كەتتى.
سالى مۇدىر پات - پات ئەل ئايىغى بې-
سىققاندا، ئۆزىنىڭ سادىق ھارۋىكەشىگە
ئوچقۇر بوز ئايغىرنى ھارۋىغا قاتتۇرۇپ،
بىر نەچچە بوتۇلكىنى ئېلىپ كېلەتتى-دە،
ئىدرىس سىكرىتار بىلەن كېچىنى تاڭغا
ئۇلاپ ئىچىشىدىغان بولدى. كۈنلەردىنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلار داۋاملىشىپ،
ھاشىرخان دىگەن بۇ سەزگۈر خوتۇن سا-
لى مۇدىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى
ھەم ناھايىتى خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ
مۇشۇ ۋاستىسىغا تايىنىپلا ئېرىنىڭ خىز-
مەتتىكى ئىقتىدارسىزلىغى، خىزمەتتىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىغى سەۋەپلىك
يېقىندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئىدرىس
سىكرىتار يېقىندا سىكرىتارلىقىدىن قال-
دىكەن» دىگەن ئۆزلىرىنىڭ بەخت قۇشى-
نى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان، ئېسىل مەنسەپتىن
ئايرىلىپ قالىدىغان گەپلەردىن قۇتۇلا-
تى. مۇدىر ئۇلارغا يار - يۆلەك بولسىلا،
ئېرى ھوقۇقتىن ھەرگىز قالمايتتى. شۇ-
ڭا ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئېرى مەسلىك
ئۇيقۇسىنى باشلىغان، سالى مۇدىر شىر-
كەيىپ بولغان پۇرسەتتە ئۆزى پەرۋىش
قىلىپ ئۆستۈرگەن بىر تال قىزىل گۈلنى
ئۈزۈپ تاشلاپ بەردى. ئېچىرقاپ كەتكەن
تۈلكە، ئوۋچى تۇزاق ئۈستىگە قويۇپ
قويغان چۆجىنى يالماپ كەتتى، لېكىن ئوشى-
غىدىنلا تۇزاق قىسىۋالدى. شىركەيىپ سالى
قىزنىڭ نالە - پەريادىدىن شۇركىنىپ ئې-
سىگە كەلگەندە، ھاشىرخان بىرغۇم - بو-
غۇم تۇم بىلەكلىرىنى تاغاردەك بىلىگە
تىرەپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ
تۇراتتى.

9

...ئىدرىس سىكرىتار يوتقاندا يېتىپ
ئاخىرى ئۆز مەقسىدىنى ھاشىرخانغا بىل-
دۈرەلمىدى. ھاشىرخان ئاخىرى ئېرىنىڭ
كۆڭلىدىكىنى بىلدى. ئۆتكەن چاغلاردا ئې-
رى سىكرىتار ۋاقتىدا ھوقۇقىنىڭ قىسىر-
تىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەشەمەتلىك،

كۆڭۈللۈك ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ھېلىقى سالى دېگەن بېشىنى يەيدىغان يەر يۈزتقۇر ئېغىر خىيانەتتى چىقىپ، ھوقۇقىدىن قالدىلا ئەمەس، تۈرمىگە كىرىپ جاجىسىنى يېدى. ئۇزۇنغا قالماي ئىدىرىس سېكرېتارلىقىدىن قالدۇرۇلدى. ئەمدى ئېرىنىڭ قايتا مەنسەپكە ئولتۇرۇشىغا كۆزى يەتمىگەن ھاشىرخان، ئەمدى پۇل بولمىسا جان باقالمىغىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، ھەمدە خەلقى — ئالەم ئالدىدا «ھوقۇقى بار ۋاقتىدا ئېسىل كىيىپ، تويۇپ — كىكىرىپ يۈرەتتى، ھوقۇقتىن ئايرىلىپلا كۆك پەت باستى» دېگەن سۆز — چۆچەككە قالماسلىق ئۈچۈن يەنىلا كۆپ پۇل بولۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. قانداق پۇل تېپىش كېرەك؟ 15 يىلدىن بېرى خەقنى ئىشلىتىپ ئۈگەنگەن بۇ قېرى سېكرېتار ئىشلەپ پۇل تېپىشنى بىلەمدۇ؟...

باشقىلار كۈندىن — كۈنگە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنىلا تۆردى رەزگىنىڭ يېمەي يىققان پۇلىنى قولغا چۈشۈرۈش پىلانىسى پۇل تېپىشنىڭ ئاسان يولى. بىراق ئۇ مەلئۇن رەزگىدىن پۇلنى قانداق ئالغىلى بولار؟ ھاشىرخان ئۇزاق ئويلاپ ھېچبىر چارە تاپالماي، بىر ئۇھ تارتتى — دە، سولۇشۇپ — سوۋۇپ ھېچبىر رايىنى تارتالمىغان ئېرىدىن ئۆزىنى نېرى قىلىپ ئۆرۈلۈپ ياتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تۆردى رەزگىنىڭ بولاق — بولاق پۇلى ئۈستىدە ئەگىمەكتە. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر ئىش ئۆتتى.

ئۇ پالاكەت ئۇستىخىنىنى تەستە مىدىرلىتىپ ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلدى. كارۋات بۇ ئېغىر يۈكنىڭ مىدىرلىشى بىلەن غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ سېكرېتارغا يېقىن سۈرىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. بىرھازادىن كېيىن سېكرېتار خۇشاللىقىنى باسالماي ۋاقىرىۋەتتى.

— ھەببەللى خوتۇن...

سېكرېتار ئاغزىنى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلىدى:

— بۇ مەخپى بولۇشى كېرەك، بۇ ئىشنى خەق بىلىپ قالسا تۆردى رەزگىنىڭ پۇلىنى دەپ ئەشۇنداق قىپتۇ دەپ سۆز — چۆچەك قىلىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن بەك نومۇسلۇق ئىش بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەنچۇ قىلغان ئىشىمنىڭ بۇسىنى چىقىرىدىغان ئۇنداق گالۋاڭلاردىن ئەمەس!

— يارايسەن خوتۇن، ئىشىمىز دېگىنىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ئۆمۈر بويى جاھاننىڭ مۇھتاجلىقىغا قالمايمىز. سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى كۆرسەممۇ...

سېكرېتار خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا ھاشىرخانغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى...

## 10

زىمىن يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كۈندۈزى ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن يورۇسا، كېچىسى يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ھەسرىتى ئۈچۈن ماتەم تۇتقاندەك قارا لىباس كىيىپ سۈكۈتكە چۈمدى. زىمىننى زۇلمەت پەردىسىگە ئوراپ ئېلىپ كەلگەن غەپلەت ئۇيقۇسىنى كىشىلەرنىڭ ئاجىز كۆزلىرىگە پۈركىۋەتتى. ھاياتلىق ئۇيقۇسىنى باشلىدى. پەقەت شاۋقۇنلۇق دولان دەرياسى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ جاپاكەش شېپاچىسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ تەشنالىغى ئۈچۈن ئالدىراپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ بويىدا يەنىلا بىزنىڭ تۆردى رەزگى يۈكۈنۈپ

ئولتۇرىدۇ. دەريا ئۆزىنىڭ بۇ كونا ئۆلپىتىگە قاراپ قاقاخلاپ كۈلىدۇ، ھۆكىرەپ يىغلايدۇ. يەنە غەزەپ بىلەن نەرە تارتىدۇ. ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىغى ئىنسانلارغا نامەلۇم.

تۇردى رەزگىنىڭ كىردىن سارغايغان شاپاق دوپپىسى ئاستىدىن پاخپىيىپ، چىگىلىشىپ قۇلاق، گەدىنىنى باسقان چاچلىرىغا، يۈزلىرىگە دەريا بويىدا ياشىغۇچى كۆمۈتا ـ پاشىلار قونۇپ ئۇنىڭ قېنىنى شورىماقتا. تۇردى رەزگى ھاياتىدىكى بۇنداق تەييارتاپ قان شورىغۇچىلارغا تەبىئى كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، قورۇپمۇ قاچۇرغىلى بولمايدۇ. تەقدىر شۇنداق. ئادەملەر جان ـ جەھلى بىلەن ھارماي ـ تالماي ئىشلەپ قان يىغىدۇ. پاشىلار بولسا غىڭشىپ، ئۇچۇپ كېلىپ شورايدۇ. بۇنى قانداقمۇ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ لېكىن ئۇ پاشىغا ئىس سالسا قاچىدىغانلىغىنى بىلىدۇ، ئەمما شۇنى قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. تۇترۇقتا سەرەڭگە يېقىپ، قولىنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ مۇنداق ئادەتكە كۆنۈپ كەتكەن بىر لەقۋا. تۇردى رەزگى پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن دەريا ئىچىدىكى يۇلتۇزلار ئەكسىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرى دەرياغا كۆچكەن يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ چولپان يۇلتۇزىنى ـ ئايمىنىسانى، ئۇنىڭ يۇلتۇز بولۇپ چاقنايدىغان بىر جۈپ كۆكۈش كۆزىنى ئىزلەيدۇ. ئەنە، ئۇ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى، گوياكى قويۇق تۇمان ئىچىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە كۆزىدىن كۈلىدۇ، كۆزى كۈلىدۇ. ئۇ بارغانچە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ۋاھ... ئۇ ئەجەپ ياش تۇردىۋەردى. بەلكى بارغانچە ھۆسنىگە تولۇپ، تۇردىنى بارغانچە ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. 30 يىلدىن بېرى ئۇ قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق، يەنىلا شۇ نۇر يېغىپ تۇرغان ئوماق چىرايى، تۇردى بولسا قېرىپ كەتتى، بوۋاي بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ياش قىز بۇ بوۋايغا قانداقمۇ توغرا كىلەر؟ ياق، ياق، توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەت ئۇلۇغ، مۇھەببەت مۇقەددەس. ئوتتۇز يىلدىن بېرى مۇھەببىتىنى شۇ مەھبۇبە ئۈچۈن بېغىشلىدى. بۇ مۇھەببەتنى پەقەت ھېچكىم تارتىۋالالمىدى، ھەم تارتىپ ئالالمايدۇ!

تۇردى رەزگى كۆزىنى يۇمدى. قىزمۇ دەريا يۈزىدە كۆزدىن غايىپ بولۇپ، يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتتى. تۇردى رەزگى ئادىتى بويىچە يىراق ئۆتمۈشتىكى مۇھەببەتنىڭ مەنىۋى كۆلەڭگۈسىنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى.

... ياش تۇردى يوغان بازغاننى سەندەل ئۈستىدىكى چوغنىڭ ئۈستىگە، چوغ بىلەن ياشاپ چوققا ئايلانغان تۆمۈر ئۈستىگە كۆچەپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىگى ۋۇجۇدىغا ئەشۇ چوغنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ، ئۆزلۈكسىز قىزدۇرماقتا. ئۇنىڭ يۈرىگى چوغ. بۇ چوغ بىر ئوچاقتا، ئايمىنىسانىڭ قەلبىدىكى ئاتەشداندا بارغانچە ياشىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ھارارىتى بارغانچە ئاشماقتا.

ئەشۇ ئىشتىن كېيىن ئايمىنىسا تۇردىغا ئۇدۇل قارىمايدىغان بولدى. تۇردى بەكمۇ ئازاپلاندى. ئۇ ئايمىنىساغا بەكرەك دىققەت بىلەن نەزەر سېلىۋې ـ

دى، ئۇنىڭ بۇتناپ خاپا بولۇپ يۈرگەنىنى بايقىدى. بۇنى بىلگىنىدە تۇردىنىڭ كۆڭلىدىن غەزەپ ئۆتتى. چىرايى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ ئىشتىن قالدى، ھەم كېيىنچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ جۆيلۈيتتى، دۆلىنەتتى. ھەر قانداق دورا ئۇنىڭغا كار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دائىم بەزگەكتەك تىترەپ، چىشلىرى كارسىلداپ كەتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق چۆچۈپ ۋاقىرىۋېتەتتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. خۇددى رىۋايەتلەردىكى شىشە ئىچىگە بەنت قىلىۋېتىلگەن دىۋە كۈچىگىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. بىچارە ئاتا-ئانا ئۆزلىرىنىڭ بۇجان-جىگەرىنىڭ ساقايماس كېسىلىنىڭ نېمىلىگىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، چەكسىز قايغۇ دېڭىزىغا غەرق بولدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېرى تۆمۈرچى ئۆزىنىڭ بۇ ئەڭ ئامراق شاگىرتىنى يوقلاش، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكىنى ئېيتقاندا ھاياتى بىلەن خوشلۇشۇش بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان شاگىرتى بىلەن راز بىلىشىش ئۈچۈن ئايالى ۋە سۆيۈملۈك قىزى ئايىمىنىسانى ئېلىپ تۇردىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كېسەل چېقىپ ئەزرائىل بېشىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ تۇرغان بىچارە تۇردى، سۇ بېسىۋەتكەن تىندۇرما ئازگىلىنىڭ ئورنىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جانسىز كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىغا تىكىلدى. ئۇ شۇنچىلىك زورۇقۇپ بىر نەرسە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، قورۇلۇپ كەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئاچقۇدەك ماغدۇرى قالمىغان ئىدى. ئۇ جانسىز كۆزىنى باشقا ياققا قاراشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇ-

زىنىڭ كۆز نۇرىنى—ھايات چىرىغىنى ئىزدەيتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى ئىزلىگەن نەرسىگە ئېرىشتى. ئايىغىدا كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرغان ئايىمىنىسانى كۆردى. ئۇنىڭ يىغلاشلىرىمۇ شۇنچىلىك جىلۋىلىك، ئۇماق ئىدىكى، يامغۇرلۇق كېچىدىكى بۇلۇت ئارىسىدىن ئاستا-ئاستا ئەگىپ ئۈزۈۋاتقان ھىلال ئاينىڭ سىماسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. تۇردىنىڭ خۇنى كەتكەن كۆزلىرى خۇددى يېپىشتا تارتىپ قويغاندەك تىكىلدى. ئۇنىڭ قورۇق قاخشال يۈزلىرىگە بىچارىلارچە كۈلكە ياماشتى، تەبەسسۇمغا ئايلاندى. ئاخىرى 15 كۈندىن بېرى ئېچىلمىغان ئېغىزى ئېچىلىپ، چىشلىرى كۆرۈندى، دېمەك ئۇ كۈلدى، ئۆيدىكى ھەممە كۈلدى. يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقان ئايىمىنىسامۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا ئادىتى بويىچە ھەممىدىن ئاۋال كۆزىدىن كۈلدى. سىم-سىم يامغۇر توختاپ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھىلال ئاي چىقتى. يامغۇردىن يۇيۇلغان يېشىل كائىنات ھىلال ئاي نۇرىدا تويى بولغان تارتىنچاق قىزدەك نازلىق ئىدى. تۇردى كېسىلىگە قارىماي تولۇق كۈلدى. سارغايغان چىرايىدا بەخت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. قىز قولىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆگىمىدەك ئاق سۈتلۈك ئالمىنى تۇردىنىڭ بۇرنىغا پۇراتتى.

— ھەي ئەخمەق قىز، ئاغزىنى ئېچىشقا دەرمانى يەتمىگەن ئادەم ئالمىنى قانداق يەلەيدۇ؟— دېدى ئاتىسى. قىز ئۆز قىلمىشىدىن خىجىل بولۇپ، دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۇنجى قېتىم كۆز ئالمىسىدەك قىزاردى. لېكىن شۇ ئان تۇردىنىڭ چىرايى-

(ئاخىرى 99 — بەتتە)

# ئىككى ھېكايە

## مۇھەممەت ئىمىن

## چاقچاق

ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ئوسۇملۇكلەر دۇنياسىدىكى چاقچاقنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغانلار ئانچە - مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدۇ ...

— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى

«ھۆرمەتلىك باشلىق:

ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق دوكلاتىمغا ئانچە ئېتىۋار بېرىپ كەتمىگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىزگە سادىق يۈرىكىم يەنىلا بۆلۈمىمىزدىكى ئەھۋاللارنى سىزگە ئەينەن ئىنكاس قىلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ.

شۇنچە سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمغا پەرۋا قىلماي، ئۇنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويغانلىقىڭىز مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. توغرا، سىز كەڭ قورساق ئادەمسىز، بىراق كەڭ قورساقلىقىڭىزمۇ چېكى بولۇش كېرەك - تە! ئۇ ھەممىلا يەردە سىزنى ھەدەپ غاجاۋاتسا، ھەتتا تەپتارتماي بېقىندىلىرىڭىزغا "بىق - بىق"مۇشلاۋاتسا، سىز ئۇنى يەنە قانات ئاستىڭىزغا ئېلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتىسىز. ھەر ھالدا سىزنى ئاق - قارىنى، ياخشى-يامانى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئادەم ئىكەن دېيىشكە تىلىم بارمىسىمۇ، بۇ غەلىتە ئىشلارنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي كېتىۋاتىمەن، ئازابلىنىۋاتىمەن، تەقدىرىڭىزدىن قايغۇرىۋاتىمەن، راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر قەلبىمدىكى زىددىيەتلىك ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش تەس. بەزىدە «ئۆزەمگە ئۆزەم ئاۋارىچىلىق تېپىپ نېمە قىلىمەن، ئۇنىڭدىن سىڭگەن نېنىمنى يېگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ» دەپمۇ كېتىمەن. بىراق ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ سىزنىڭ ئابرويىڭىزنى يەرگە ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرسەملا،



يەنىلا ۋىژدانىم چىدىمايدۇ، يەڭ تۈ-
رۈپ مەيدانغا چۈشمەي تۇرالمايمەن. شۇڭا
بەزىلەرنىڭ ئالدىدا ياماننا تىلىق بولۇپمۇ
قالدىم. بۇنىڭغۇ كارى چاغلىق، شۇنداق-
تىمۇ ھۆرمەت قىلىنىغۇچىنىڭ ھۆرمەت قىلى-
غۇچى قەلبىنى چۈشەنمەسلىكى ئادەمگە
تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدىكەن. سىز دائىم
"ئاما رەھبەرلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن
قوللىشى، ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇشى
كېرەك» دەيتىڭىزغۇ ، بۇ پۈتۈنلەي توغ-
را گەپ. مەن بۇنىڭ ئىچىدە رەھبەرلىك-
نىڭ كۆز - قۇلىغى بولۇش ھەممىدىن
مۇھىم دەپ قارايمەن. مانا شۇ يولدا
نەچچە ئون يىل ھارماي - تالماي تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىم ئۆزىڭىز-
گە بەش قولدەك ئايان. بەرگەن تەنقىت-
لىرىڭىز مەن ئۈچۈن چەكسىز ئىلھام ۋە
تۈرتكە، ئەلۋەتتە. سىزگە ئۆتكەن قېتىم
مەن بىلەن تەڭ خىزمەتكە چىققانلارنىڭ نا ھە-
يە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى خىزمەت
ئورۇنلىرىغا دەسسىتىلگەنلىكىنى ئەسكەرت-
كىنىمدە، ئېھتىمال مېنى ئەمەلپەرەست
ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان
ئوخشايسىز، كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مېنىڭ
ئەمەلدىن تامايىم يوق. نىھايەت، مېنىڭ
پات - پات يوللاپ تۇرىدىغان دوكلاتلى-
رىم سىزنىڭ تېگىشلىك دىققەت-ئېتىۋارى-
ڭىزنى قوزغىيالمىسىلا، ماڭا بىر دىلگەن ئەڭ
ئالى مۇكاپات دېگەن شۇ! ئۇنىڭ ياخشى-
لىققا يامانلىق قىلىدىغان قارا نىيەت
بىر نىمە ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەت-
تىم. ئۇ سىزنىڭ ئۆستۈرگەنلىكىڭىزگە
رەھمەت ئېيتىش ئۇيا قتا تۇرسۇن ئەكسى-
چە شەنىڭىزگە داغ چۈشۈرىدىغان بىر

مۇنچە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى.
ئىشەنمىسىڭىز ئاۋۇتتىن سوراپ بېقىڭ.
ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئامى-
نىڭ رايى بويىچە بولغانىمىش. بۇنىڭدا
سىزنىڭ قىلچە ھەسسىڭىز يوقمىش. ئۇ تېخى
بۇنى ئاز دېگەندەك، كۆپچىلىكنىڭ ئال-
دىدا نىمە دەيدۇ دىمەمسىز: " خىزمەت
ئىقتىدارىدىن قالغان ئايرىم رەھبەردى
كادىرلار ئىنقىلاپ ئېھتىياجىنى، ۋەتەننىڭ
كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتماي،
ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇۋاتىدۇ. بالا-چاقىلىرىنىڭ،
ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ خىزمەت مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن قابىل ياش-
لارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بەرمەي، ھالىدىن
كەتكەن كالىدەك يولغا توغرىسىغا يېتىۋې-
لىۋاتىدۇ. بۇ، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتـ-
قان ئىسلاھاتقا تولىمۇ پايدىسىز..." ئويـ-
لاپ بېقىڭا، بۇ سىزگە دارىتىلىپ ھۇجۇم
قىلغانلىق بولماي نىمە؟! چۈنكى سىزنىڭ
"كالا" دېگەن لەقىمىڭىز بارلىقىنى ھەممە
ئادەم بىلىدۇ - دە! ئۇ تېخى يەنە ئىسلا-
ھات نامى بىلەن، سىز بۆلۈم باشلىقى بو-
لۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە بېكىتىپ بەر-
گەن ئەقىلغا مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر-
نىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولىۋاتىدۇ.
ئىشقىلىپ، بۆلۈمىمىز ھازىر قالايمىقانلى-
شىپ، يېتىشتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان دە-
رىجىگە يەتتى. ئەگەر سىز قەتئى نىيەتكە
كېلىپ، ئۇنى دەرھال ۋەزىپىسىدىن قالـ-
دۇرۇپ، ئورنىغا رەھبەرلىككە سادىق، ئامـ-
ما ياقلايدىغان قابىل بىر كىشىنى دەسسەت-
مەيدىغان ۋە داۋاملىق ئۆز مەيلىگە قويۇ-
ۋېتىپ، سەۋرى-تاقەت قىلىپ تۇرىۋېرى-
دىغان بولسىڭىز، ئاخىرى ئۇنىڭ شىللىڭىزدـ

غا مىنىۋېلىشى، ھەتتا بېشىڭىزغا چىقىشى
ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. بۇنىڭ ئا-
قىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن
قىيىن!...

يۇقۇرىدىكى پىكىرلىرىم توغرىمۇ-يوق،
ئەستايىدىل ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن ئوي-
لىنىپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.
ھۆرمەت بىلەن: چاققاقجان.
1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15-كۈنى»

## مەقسەت

شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، خېرىدار-
لارغا بۇنداق قىزغىن ۋە سىلىق مۇئامىلە
قىلىدىغان كۈتكۈچىلەرنى كۆپ ئۇچراتمى-
غانىمەن، ئاق - پىسماق چىرايىدىن ھامان
كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ئايالنىڭ پو-
زىتسىيىسى مېنى راستىنلا قاتتىق تەسىرلەن-
دۈردى. ئۇ، تاماقتىن كېيىن كەلتۈرگەن
ئاخىرقى بىر پىيالە چاينى ھوزۇرلىنىپ
ئىچىۋېتىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— يولداش! - دېدى ئۇ يېنىمدا قاي-
تىدىن پەيدا بولۇپ، - خىزمىتىمىزدە
يېتىشسىزلىكلەر ئاز ئەمەس، كۆپرەك پى-
كىر بېرىڭ!

— سىلەر ھەقىقەتەن جان - دىل بىلەن
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەنسىلەر، -
دېدىم مەن ھاياجانلانغان ھالدا، - مەن
سىلەرنىڭ بۇنداق روھىڭلاردىن ئۆگىنىمەن،
باشقا پىكىرىم يوق!

— تەكەللۇپ قىلماڭ! - دېدى ئۇ چى-
رايىدىكى چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەرگەن
ئۆزگىرىشنى قايتىدىن تەبەسسۇمغا زورلاپ، -
پىكىرىڭىز بولسا يۈز-خاتىرە قىلماي دە-
ۋېرىڭ، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىمىز!

— راس ... راستىنلا ھېچقانداق پىكىرىم
يوق، - مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي دۇ-
دۇقلاپ قالدىم.

— تەنقىدى پىكرىڭىز بولمىسا، - كۈت-
كۈچى ئايال توساتتىنلا ئاۋازىنى پەسەيتى-
تى - دە، شىرە ئۈستىدىكى پىكىر دەپتى-
رىنى ئالدىمغا سۈرۈپ قويۇۋېتىپ دېدى:-
تەقدىرلەش پىكىرىڭىز بولسىمۇ مەيلى،
مانا قەلەم...

ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن بۇ تەك-
لىپتىن ھودۇقۇپ، بۇرۇنقى جايىمغا لە-
سىدە ئولتۇرۇپلا قالدىم. گەپنىڭ ئوچۇ-
غىنى ئېيتسام، بۇ ئايالنىڭ قىزغىنلىقىغا
ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنگەن ۋە ئاپىرىن
ئوقۇغان بولساممۇ، لېكىن تەقدىرلەش
پىكىرى يېزىش توغرىسىدا ئويلىنىپ باق-
مىغان ئىدىم. ئەمدى نېمىلەرنى يازسام
بولاركىن - تاڭ؟...

شۇ ئەسنادا يان تەرەپتىكى شىرەنى
چۆرىدەپ ئولتۇرغان بىر قانچەيلەننىڭ
پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— مانا كۆردىڭمۇ، - دېدى ئۇلارنىڭ
بىرى مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن، -
«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك،
بۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىمۇ شۇ...

— شۇنداق بولماقتى ئەمەسە! - يەنە
بىرەيلەن ئالدىراپ - تىنەپ ئۇنىڭ گې-
پىگە لوقما سالدى، - تەقدىرلەش پىكرى
كىمگە قانچە كۆپ چۈشسە، مۇكاپات سوم-
مىسىنى شۇ شۇنچە كۆپ ئالىدىغان تۇرسا!

ھە، ئەسلىدە مەقسەت بۇنداق ئىكەن-
دە، مەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر
خىل ھېسسىيات ئىچىدە ئاشخانىدىن يېنىپ
چىقتىم.

# «نەسىھەت»

( ھىكايە )

## غوجى ئەخمەت

— ئىتتىك يېچاق ھامان قولنى كەسمەي قالمايدۇ، ئىش دىگەننى قانداق ئېچىرسە شۇنداق بولىدۇ. سىلە ئەمدى ماڭا ئوغۇل بولۇپ قالدىڭلا، — دىدى قېيىنئاتام چايداندىن پىيالىغا چاي قۇيىۋېتىپ، — بىز نىمىمۇ بىلمەيمىز يوقمۇ ئەمەس، گەپ قىلالايمىز. ئەمما ئىش دىگەننى سۇنىڭ ئېقىشىغا، توكنىڭ يېتىشىغا قارىتىپ قىلىش كېرەك. بەھرىنىسادىن ئۇقسام، سىلى ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن، كەينىلىرىدىن سۆز - سۆچەك كۆپىيىپ قاپتۇ. نىمىشقا ئۇنداقكەن دىسەم، سىلىنى بەكمۇ قاتتىق قول، تولىمۇ ئاكتىپ بولۇپ كەتكىدەك دەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سائەتلىك دەرس پىلانلىرىدىن تارتىپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى خۇلاسە قىلىش، ھەتتا دەرس تىڭشاش، ئاتا - ئانىلار سۆھبىتىگە قەدەر ھەممىسىنى تىزگىنلىۋاپتىلا. شۇڭا باشقىلار كەينىلىرىدە ... — ئۇ، چىرايىمغا لاپپىدە قاراپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى.

مېھمانخانا ئۆيدە قېيىنئاتام بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. مەن ئۇنىڭ يۇقۇرقى ۋەز - نەسىھەتلىرىنى كالامدا مۇلاھىزە قىلىپ، شۈككىدە ئولتۇرىمەن.

قېيىنئاتامنىڭ ماڭا ئالاھىدە گېپى بارلىقىنى ئايالىم خېلى بۇرۇن ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن مېنى بۇ چاقىمچاقىر تىمىغان ئىدى. نىمە گېپى باردۇ، پەزىلەت چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنى ياتلىق قىلىۋەتسەم يالغۇز قالغىدەكمەن دەمدىغاندۇ ... ؟ دىگەنگە ئوخشاش توكمەس، كادىرماش ئوي - خىياللارنى قىلاتتىم ...

قېيىنئانام قازا قىلغاندىن كېيىن، بەھرىنىسا بۇ ئۆيگە پات - پات كېلىپ، دادىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى. نىمىشقىكىن، قېيىنئاتام قايتا ئۆيلىنىشكە ئۇنىمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتىم. ئېھتىمال، ياشىنىپ قالغاچقا، شۇنداق قىلسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم ...

ئۆزەم توغرىلىق بىر نەرسە دىسە، مەسىلەن: دائىم تەكىتلەيدىغان «ئالدىراقسان بولماڭ، ھەممىياتقا بېرىلمەڭ، كەلسە - كەلمەس كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماڭ، باردى - كەلدى ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ ...» دىگەندەك گەپلەرنى قىلسا، ماقۇل دەپلا قويسام بولاتتى. ئەگەر ئۆزى توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ قالسا، نىمە دەرمەن؟ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ مەسلىھەت بېرەلەرمەنمۇ؟ كىشى بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالامدۇ؟ شائىر بولۇپ قالغان بولسام تاپالارمىدىمكىن؟ چۈنكى، شائىر دىگەن ئىلىق، تومەنسىلىك ئادەملەر كۆڭلىدە ئويلىغاننى تېپىۋېلىپ يازىدۇ.

كۆچۈرمىكەش ، پىكرى قىسقا ، قولى ئۇ-
زۇن بەزى ھەۋەسكارلاردىن باشقا
قەلەمى پىشقان ، يېتىشىپ چىققان شائىر-
لارنى يۈرەك - خىيال ئوغرىسى دېسىمۇ
بولىدۇ . باشقىلار بۈگۈن ئويلىغاننى ئۇ -
لار تۈنۈگۈن يېزىپ ، مەتبۇئاتتا ئەتە ئې-
لان قىلىدۇ . ئوقۇغان كىشىلەر : « تو ۋا ،
ئەۋلىيامۇ نېمە بۇ !؟ ۋاي مېنىڭ كۆڭ -
لۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ ... » دې-
يىشىدۇ ، كۈلىشىدۇ ...

قېيىنئاتام كونا مائارىپچى بولغىنى بى-
لەن كۆپ گەپ قىلالمايدىغان ، ئۇلپەتلى-
رى بىلەن ھەمدەم بولغان چاغلاردىمۇ
ئاڭلاپ سۆزلەيدىغان ، ئۇگىنىش ، مەج-
لىسلەردە بىر چەتكە چىقىۋېلىپ ، بۇ -
رۇن تۆشىگىدىن كۆرۈنۈپ قالغان تۈكلەر -
نى يۇلۇپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئىدى . بىز
ئوقۇيدىغان چاغلىرى مەكتەپنىڭ خوجىلىق
مۇدىرى بولۇپ ، كېيىن بىراقلا ۋىلايەت -
لىك مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن ئىدى .
يېقىندىن بۇيان دەم ئېلىشقا چىقىمەن دەپ
يۈرەتتى . بىراق بۇ يىل ئالى مەكتەپ
ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغان كەنجى
ئوغلى - بەختىيارنى بىرەر ئىشقا ئورۇ -
نلاشتۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن پىنسىيىگە چى-
قاي دەپ لەيلەپ قالغان ئىدى .

مەن قېيىنئاتام بىلەن يۈز تۇرانە ئول-
تۇرۇپ سۆزلىشىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قى-
لاتتىم . زىيالىلار ، بولۇپمۇ مائارىپچى -
لار ئۇنى ئوسمان سېلىم دېمەستىن ،
« ئوسمان تۈكچى » دەپ ئاتىشاتتى . با-
را - بارا بۇ لەقەم ئۇنىڭغا سىڭىپ قال -
دى . كىشىلەر شۇنداق دېمىسە ، ئۇلارغا
قارىمايدىغان بولۇپ كەتتى . مەن كۈي -
ئوغۇل بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ

ئۇ جۇر - بۇ جۇر نەچچە بىلىشكە ،
شۇندىلا باشقىلارغا گەپىتىن - گەپ چىقىپ
ئېيتىشقا توغرا كېلىدىكەن . ئەسلى بۇ لە-
قەمنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى مۇنداق ئىكەن :

ئىستېل تۈزىتىش ھەركىتى باشلىنىپ ،
بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار « ئوڭچى » ، « مىل-
لەتچى » چىقىپتۇ ، ئۇلارغا چارە كۆرۈش
چوڭ يىغىنىدا ئۇلارغا « قالپاق » كەيدۈرۈ-
لۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنە چەسۆزلەر-
نى يامىدايدىغان مائارىپ كوچىگى قاتتىق
پوپوزا بىلەن سۆزىنى ئايىقلاشتۇرۇپتۇ ۋە
ئاخىرىدا ئولتۇرغانلاردىن « داجىيا ، نې-
مىن تۈكچى - بۇ تۈكچى (كۆپچىلىك قوشۇ-
لامسىلەر - يوقمۇ؟) » دەپتۇ ، تەرجىمان
بۇنى ئۆرۈپ ئۇلگۈرگىچە ، قېيىنئاتام ئۇن-
لۈك ئاۋازدا « تۈكچى » دەپ ۋاقىراپتۇ ،
بەزىلەر قېيىنئاتامغا قوشۇلۇپتۇ ، بەزىلەر
ئورۇندۇق ئاستىغا بېشىنى تىقىپ كۈلۈشۈپ-
تۇ ، ئىشنى تەرجىمان تۈزىتىۋېتىپتۇ ، شۇ-
نىڭ بىلەن يىغىن ئاخىرلىشىپتۇ ، ئەمما
قېيىنئاتامغا « تۈكچى » دېگەن بۇ سۆز لەقەم
بولۇپ سىڭىپ قاپتۇ ...

مەن خىيال ئىچىدە ئۆي سەرەمجانلى-
رىغا قارايتتىم ، ھېيمانىدىكى ئېسىل جا-
ھازلار كۆز چاقناتاتتى . ئالاھىدە بۇيرۇ-
تۇپ توقۇتقان « كەلكۈن » ، « پەتنۇس »
نۇسخىدىكى گىلەملەر ، تامدا ئوتقا شتەك
چوغلىنىپ - جۇلالىنىپ تۇراتتى . قېيىنئا-
تامنىڭ نەسىھەتلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتت-
تى ، كاللامدىن ئۆتمەيتتى . مەندە نېمە
ئىلاج ، ئېتىراز بىلدۈرەي دېسەم ، غىژىل-
دىشىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلىمەن . شۇڭا ،
جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتىم . ماقۇل بولغا-
نلىقىمنى بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتاتتىم .
- ... ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلماق

تەس، — دېدى قېيىنئاتام تەرلىرىنى ئېرتىپ. بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاخىرىدا، — بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى بولماق ئوڭاي ئەمەس. ھازىر ئەپەندىلەر ئەتىۋالىنىپ قالدى، بۇرۇن سىلىنىمۇ مەكتەپتىن ئايرىلسا، بىرەر تىجارەت كەسپىنى قىلار دەيتتىم. ھازىر ئاغزىلىرى ئاشقا تەگدى. نىمىلا بولمىسۇن 7 — 8 يۈز كىشىلىك مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ قالدىلا، بۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش لازىم. پېقىرنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان سەپتىن چۈشۈپ قالماي تۇرالىشىدىكى مۇھىم سەۋەپ شۇكى، ھەر قانداق ئىشنى تەدبىر بىلەن تۇتقانلىقىمدا، باشلىق دېگەنىنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مۇراجىئەت، تەلەپ — پىكىرلەر كېلىدۇ، ئۇنى ئۆز يولىدا بېجىرىش كېرەك. ئۆزەمنى ئالسام، ھەر خىل ئىشلارنى ئىشلىگەن 25 يىل جەريانىدا بىرەر چاتاق چىقمىدى.. نىمىشقا دېسىلە، تەدبىر — تاللىۋالغان ئەگۈشتەر بار — دە. مەسىلەن: بىرسى قەرز پۇل سورىسا، كۆيىجى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بەرسۇن دەپلا قويىمەن. چاتاق چىقىپ، يۇقۇرىدىن تەكشۈرۈپ سۈرۈشتە قىلسا، مالىيىدىكىلەرگە «مەن مۇۋاپىقراق قىلىڭلار دېسەم، نىمىشقا ئۇنداق قىلمىدىڭلار؟» دەيمەن. شۇڭا، سىلى مەندىن باشقا تەرەپلەرنى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مۇۋاپىق ئۇسۇلۇمنى ئۆگىنىپ ئالسىلا. بۇ — جاھاندارچىلىقنىڭ ئوبدان يولى. تەكتىنى بىلگەن ئادەمگە بۇ دېگەن ئېسىل ئەگۈشتەر. بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئۇسۇلۇمنى «چاپانىغا قادىدىم» دېيىشكەن، ماڭا پۈت ئاتقان. كېيىن ئۇلار بۇرۇنقى يەپ تۈگەشتى، بەزىلەر مېنىڭ يولۇم بىلەن مېڭىشتى. ھازىر بولسا پەن — بىلىم باش كۆتەرگەن چاغ، ئىش بېجىرمەك تەس. لېكىن ئىش قانچە تەسلەشكەنسېرى، تەدبىر شۇنچە ئىنچىكە بولۇشى كېرەك. نەسىھەتىم — ئويلىنىپ ئىش قىلسىلا، ئىشتا ھەرگىز كەسكىن بولمىسىلا، ئۆزلىرى خىزمەتلەرگە قول تىقمۇالماي، تۆۋەندىكىلەرگە تاپىلاپ قويسىلىرىلا بولدى. ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، خىزمەتنى بەك چىڭ تۇتۇپمۇ كەتمىسىلە، بولمىسا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىلا. ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ باش بولۇۋالغىچە پايپېتەك بولساقمۇ، مەقسەتكە يېتىۋالغاندىن كېيىن بېشىغا چۈشۈۋالماق بولدى. ھەممە گەپ غۇلاپ كەتمەي ئۆزىنى ساقلاشتا...

قېيىنئاتامنىڭ "نەسىھەت"لىرىنى يەنە ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىشكە ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولدى. ئۇندىمەي سىرتقا چىقىپ كەتتىم، بۇ ئادەمدىن — كونا ماتارىپچىدىن يىرگەندىم، ئەپسۇسلاندىم، ئېچىندىم. خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خارامۇش بولۇپ قالدىم، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىچە توختىماي ئويلىنىپ — خىيالىنىپ كەلدىم: جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنداق كىشىلەردىن ھازىرمۇ يەنە بارمىدۇ؟ ئەگەر بار بولسا، مىللىي مائارىپىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولارمۇ؟

# كۆلكە ساداسى

(ھېكايە)

## مۇھەممەتسىدىق تومۇرى

— ھا… ھا… ھا…! تازا خوپ بولدى، ھا… ھا… ھا…!

قاقاخلاپ زورۇقۇپ كۈلگىنىچە قىپقىزىرىپ چىققان زۇلەيخانىنى كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن قادىر، ئۆيدىن ھويلىغا قوغلاپ چىقتى ۋە كۆپتىكى سۇدىن نوگايغا تولدۇرۇپ ئالدى-دە، زۇلەيخانىنىڭ ئۈستىگە چاچتى.

— ۋىيەي، چىدىماس… ھا… ھا…ھا…

—ھا… ھا… ھا…!

جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ھويلىنى چاڭ كەلتۈردى. بۇ ياش ئەر-خوتۇنلار ئەنە شۇنداق چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ خوشال-خورام ياشايتتى، ئۇلار ئۆي-ئوچاق قىلىنىق بولغىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان، تولىمۇ ئىشچان ئىدى. ئۆز ئالدىدىكى يەرلىرىگە ھەر خىل زىرائەت تېرىغاندىن باشقا، قوشۇمچە يەنە قوغۇن-تاۋۇز، پاختا، مايلىق دان ۋە سەي-كۆكتات تېرىپ، سېتىپ خېلى جىق پۇل جۇغلىدى. ئۆي سەرەمجانلىرىنى تولۇق قىلدى.

پەسىل ئالمىشىپ، يەر-جاھانلار ئىللىپ، مانا ئەتىيازمۇ كەلدى. قادىر كۆڭلىدە نۇرغۇن پىلانلارنى قىلىپ كۆردى. بىراق، زۇلەيخان ھەدىسىلا: «زىيان تارتىمىز» دەپ، ئۇنىڭ يۈرەكلىك ھالدا ئىش قىلىشىغا يول قويمايتتى. بۇنىڭ بىلەن قادىر ناھايىتى تىت-تىت بولاتتى. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈز چۆجە باققۇسى بار ئىدى. يەنىلا بۇ ئىشقا زۇلەيخان زادىلا قوشۇلماي قويدى.

ئايلىنىڭ بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلاپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قادىر قىلچە ئىككىلەنمەستىن توخۇ فېرمىسىغا باردى-دە، ئەمدىلا تۇخۇم يېرىپ چىققان چۆجىلەردىن مىڭ دانە سېتىۋېلىپ كەلدى. ئۇ، بۇ چۆجىلەرنى بېغىدىكى تام ياقىلاپ سېلىنغان ئازادە كاتەكلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ تاپتا قادىر، ئايالىنىڭ چۆجىلەرنى كۆرۈپ، چىرايلىق شەھلا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ: «ۋاي-ۋۇي! ئەجەپمۇ ياخشى ئىش قىپسىز» دەپ خوشال بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى…

دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، كۈن پاتارمەزگىلى بولغاندا، ھويلا ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، زۇلەيخان كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ھويلىنىڭ كۈنگۈرىسىدىن باغدىكى كاتەكلەردە چۇكۇلدىشىۋاتقان بىر تالاي چۆجىلەرگە چۈشۈپ قالدى-دە، ئەرۋايى ئۇچۇپ، يۈگرەپ باققا كىردى. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، جۇدۇنى مىڭ گەز ئۆرلەپ، ھويلىغا قايتىپ چىقتى:

— ئېست، ۋاي ئېست… قىلغان ئىشىنى

بىلۈشمىلىك، شۇنىڭچە چاپادا ئاران يىققان پۇلغا بۇ ئۆلەمچان چۆجىلەرنى نىمە دەپ سېتىۋالدىڭ؟ ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ بىلگىنىڭچە قىلامسەن؟ ماڭا مەسلىھەت سالمىغاندىكىن، بۇ ئۆيدە سەنلا تۇر، خېتىمنى بەر!

— زۆلەيخان، خاپا بولمىغىنا، بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمىغىنا،— دېدى قادىر ئۇنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا قاراپ، كۈلۈمسىرەپ،— چوقۇم پايدا ئالىمىز، بۇ ئوقەتنىڭ مېغىزىنى چاقىمىز.

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايمەن دېسەڭچۇ، كېسەل تارقالسا بۇ بىر نىمىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. بولدى، ساڭا ئارىلاشمايمەن، بۇ ئۆيدىن كېتىمەن!

زۆلەيخان يولدىشىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىگە، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي، ئىشىكتىن قويۇندەك چىقىپ كەتتى. نىمە قىلىشىنى بىلەلمىگەن قادىر، توپتەك تۇرۇپلا قالدى…

ئەتىسى ئۇ، ئايالىنى ئەكىلىش ئۈچۈن قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. قېيىنئاتىسى بولغان ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆيئوغلىنىڭ ئىشىنى ماختاپ: «چۆجىلەرنى ياخشى باقساڭلار، ئەجرىڭلار يەردە قالمايدۇ» دېدى ۋە قىزىغا بىر ھازا تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭغا قوشۇپقويدى…

ھەش-پەش دېگىچە يىل ئۆتۈپ، يەنە ياز كەلدى. بۇ ھەريانىدا قادىر ئىلمىي ئۇسۇلدا باققانلىقتىن، چۆجىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ زايا بولمىدى. بۇنى كۆرگەن زۆلەيخان يولدىشىغا قايىل بولدى، ئۆتكەنكى ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى…

ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولغان توخۇلار ئارقا-ئارقىدىن تۇخۇم قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ تۇخۇملارنىڭ كۆپلىگىدىن بازارغا تۇشۇپمۇ تۈگىتەلمىدى.

مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ توخۇ فېرمىسى كېڭىيىپ، يىلدىن-يىلغا ئاۋاتلىشىپ، كىرىمى كۆپەيدى. 2—3 يىل ئىچىدە تېزلا بېيىپ، يۈك ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى…

— زۆلەيخان، ئەمدى خېتىڭنى ئالساڭچۇ!؟— دېدى بىر كۈنى قادىر ھويلىدىكى تال-باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا پۇل ساناپ ئولتۇرغان ئايالىغا چاقچاق قىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، زۆلەيخان يانپاشلاپ ياتقان قادىرنى قىچىغلاپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشلىدى.

— ھە ئەمدىزە باي بولۇۋېلىپ، مېنى ئۆيدىن ھەيدىۋېتىپ، باشقا چوكان ئالاي دەمسىز!؟ ۋاي ئەسكى، ۋاي قېلىن…!— دېدى ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ، قادىرنىڭ قۇلىقىنى تارتىپ.

بۇ بەختلىك ئىناق ئەر-خوتۇننىڭ قىزىق چاقچاقلىرى، خوشال كۈلكىلىرى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى…

# ساقايماس كېسەل

(فېليەتون)

## ئابدۇۋايىت توختى

ھەر قايسى مەكتەپلەردە قۇرۇلما ئىسلاھاتى، مائارىپ ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر قاتار زور-زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي مۇدىرى سايىم ئۆزى ئۈستىدە كۆپرەك پىكىر قىلىشقان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «سايىم مۇدىر ئوقۇتۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمەيدۇ» دېگەن قاراشلىرىنى «بەربات» قىلىۋېتىش مەقسىتىدە، 20 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كېلىۋاتقان سادىق مۇئەللىمنىڭ بۈگۈنكى بىرىنچى سائەتلىك دەرسىنى تەكشۈرمەكچى بولدى. ئۇ، سىنىپقا كىرىش ئالدىدا ھېچكىمگە دەپ قويماستىن، سىنىپقا كىرىپ ئارقا پارتىغا چۆكۈپ ئولتۇردى.

سادىق مۇئەللىم دەرس تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا: «بۈگۈنكى دەرسىمىزدە سايىمدەك چېقىمچىلىق، خوشامەتچىلىك بىلەن تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىنى ئالداپ، باشقىلارنىڭ قان-تەر بەدىلىگە ھاۋاغا ياشايدىغان قىزىل كۆز، قارا نىيەتچىلەرنىڭ رەزىل ئەپتى بەشىرىسىنى چوڭقۇر چۈشەندىڭلار. بۇندىن كېيىن سىلەر بۇنداق ئىككى يۈزلىمىچى، ھىيلىگەر تۈلكىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھەقىقىي كوممۇنىزم ۋارىسلىرىدىن بولۇڭلا!» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى…

غەزەپتىن ۋۇجۇدى تىترەپ، ئوڭ-سۆلى ئۆچكەن سايىم مۇدىر، پېشانىسىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكىنىچە، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن تەڭ، ھەممىدىن بۇرۇن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى ۋە سادىق مۇئەللىمنى دەرھال ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— مەكتەپنى سەن ئۆتكۈزۈۋال، ئۆزۈڭلا باشقۇر!

سادىق مۇئەللىم ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە بولدى سىزگە، نېمانچە چېچىلىپ كېتىسىز؟

— يەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى؟ مېنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تىللاش ھوقۇقىنى ساڭا كىم بەردى؟ بىلىپ قوي، ساڭا ئۆزەمنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان تونۇتۇپ قويىمەن ئەمدى! — سايىم داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەپ، شالىنى چېچىپ، قولىنى جۇنۇپ سۆزلەيتتى، — سەن

كىم، مەن كىم ، بىلەمسەن ؟
مەن دىگەن مەكتەپلەردە
پارتىيىنىڭ لۆشيەن، فاكچىن، سىياسەت-
لىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىشتەك چوڭ ئىشلارغا مەسئۇل
ئادەممەن! يېقىندىن بىرى سېنىڭ نوخو-
لاڭ بەك يوغىناپ كەتتى ، شۇنى بىلىپ
قويغىنىڭكى ، هازىرقى ئوقۇتۇش ، تۈزۈل-
مە ئىسلاھاتىدا ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش،
ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك هوقوقى مەك-
تەپ مەسئۇللىرىغا بېرىلدى جۇمۇ ! ئۇق-
تۇڭمۇ بۇنى؟!

سايىم مۇدىر شۇ سۆزدىن كېيىن، ۋې-
لىسىپىتكە مىنىپ، قويۇندەك چاپقان پېتى
ئۇدۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا
كىردى .

— بۇنداق مەكتەپتە ئىشلىمەيمەن ! -
دىدى ئۇ ئىدارە باشلىقىغا ، - بۈگۈن
هېلىقى سادىق دىگەن بىر نىمىنىڭ دەر-
سىنى تىڭشاشقا كىرسەم ، قارىماسىز ،
قاق ئەتىگەندە داۋامنى بېرىپ ، ئىس-
مىمنى ئاتاپ تىللاپ ، ئوقۇغۇچىلار ئال-
دىدا ئابرويۇمنى تۆكىۋەتتى . ئەمدى
مەكتەپتە ئۇ تۇرسۇن ، يە مەن تۇراي !
قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن
ئەندى ؟! ...

— سادىق مۇئەللىم دىدىڭىزما ؟ سىز
ئۆتكەندە « باشقۇرالمىدۇق » دەپ ماتىرى-
يالىنى بىزگە يوللىغان هېلىقى مۇئەللىممۇ؟

— هە ، شۇ ، دەل ئۆزى شۇ !

— مۇنداق دەڭ ، - ئىدارە باشلىقى
مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ دىدى ، -
دەرس مەزمۇنىنى چۈشەنمەستىن ، ئۆزى-
ڭىزگە ئېلىپ كەتكىنىڭىز قىزىق ئىشقۇ
بۇ ! ؟

— مېنى بىر ئىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئوي-
لامسىز؟ - دىدى سايىم كۆزلىرىنى پاقى-
رىتىپ، - ئەگەر كېيىمگە ئىشەنمىگەن
بولسىڭىز، ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇشۇپ كۆ-
رۈڭ، ئۇ مېنى سىنىپتىكى 40 نەپەر ئو-
قۇغۇچى ئالدىدا تىللىدى...

— هازىرقى ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىك -
لەردىن قىلچە خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن سىز-
نىڭ! - دىدى ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا
قاراپ، - ئۇ دىگەن دەرس تېكىستىدىكى
تەهلىل. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسلىكتىكى
سەلبىي پېرسوناژلارغا قارىتا ئۆز قاراش-
لىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تامامەن توغ-
را. سىز سايىم ئىسىملىك ئادەمدىن دۇن-
يادا يالغۇز مەنلا بار دەپ ئويلامسىز؟
ها ... ها ... ها ...! ناۋادا بىرەر چوڭ
يىغىندا سىزگە شۇنچىلىك تەنقىت بېرىل-
سە، بويىنىڭىزغا سىرتماق سېلىۋالا تتىڭىز-
كەندە! سايىم مۇدىر، هازىر دەۋر ئۆز-
گەردى. مەكتەپلەرنى ئەمدى كەسپ ئەھ-
لىلىرى باشقۇرۇشى كېرەك. بىز سىزنى
چاقىرتماقچى ئىدۇق، ياخشى ئۆزىڭىز
كەپسىز. ئورنىڭىزغا يولداش سادىق باش
مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى، سىزنىڭ بۇن-
دىن كېيىنكى خىزمەت ئىشلىرىڭىز توغرى-
لىق بىز كېيىنچە بىر نەرسە دىمەكچىمىز...

بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزنى ئاڭلاپ، سايىم-
نىڭ چىرايى تاتىرىپ، نىمە قىلىشىنى بى-
لەلمەي، كىرسلوغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ
قالدى.

# خىسلەتنىڭ ئۆزگىرىشى

(نەسىر)

## مۇھەممەت ساۋۇت ئابدۇرېھىم (ئوقۇغۇچى)

بىر كۈنى دوستۇم مېنى سىرىك ئويۇنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ سىرىك ئارتىستلىرى بىلەن سىرىك ھايۋاناتلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل پائالىيەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان بەكمۇ قىزىقارلىق، ناھايىتى جەلپ قىلارلىق ئويۇن ئىكەن. مېنى پۈتۈن نومۇرلار ئىچىدىكى يولۋاسنىڭ ھەركىتى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلدى.

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا، زولوگىيە ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە: «يولۋاس باشقا ھايۋانلار ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك، سۈرلۈك، جاسارەتلىك ھايۋان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ناھايىتى يىرتقۇچ، ۋەھشى كېلىدۇ، كىمكى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇردا-بۇردا قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن خاھى ئادەم بولسۇن ياكى باشقا ھايۋانلار بولسۇن قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ شۇنداق بىر ھۆكىرەيدىغان بولسا پۈتۈن تاغۇ-تاشلار لەرزىگە كېلىپ، خۇددى يەر تەۋرىگەندەك ھالەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ‹تاغ پادىشاسى› دېگەنگە لايىق قۇدرەت بار. خەلق ئىچىدىكى ‹يامان يولۋاس يولدا ياتىپ، شىرغا يول بەرمەس...› دېگەن ماقال بىكار تارقالمىغان» دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ۋۇسۇڭ» دىكى بىر يولۋاسنىڭ پۈتۈن جىڭيالڭ داۋىنىغا خەتەرلىك تۇغدۇرۇپ، يېقىن-يىراقتىكى يۇرتلارغا تەھدىت سالغانلىقىنى كۆرۈپ، يولۋاسنىڭ ھەقىقەتەن ۋەھشى ھەمدە كۈچلۈك، جاسارەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدىم. بىراق، بۈگۈنكى سىرىك ئويۇنىدا نومۇر كۆرسىتىۋاتقان بۇ يولۋاس ئوقۇتقۇچىمىز تەرىپلەپ بەرگەن يولۋاسقا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇ تولىمۇ يۇۋاش، مۇلايىم، ئىتائەتچان بولۇپ، باشقۇرغۇچى خادىمغا قىلچە دەخلى قىلمايتتى. باشقۇرغۇچى خادىم نېمە قىلىشنى بۇيرۇسا شۇنى قىلاتتى. گاھ يۇمىلىنىپ موللاق ئاتاتتى، گاھ ئادەمگە ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ، تاشلاپ بەرگەن توپنى خۇددى مەشىق ئۈستىدىكى ۋاسكېتبولچىدەك ئىگىسىگە يەنە قايتۇراتتى. گاھ كىچىك بالىدەك لىڭگىل تاق-تاق ئوينايتتى، گاھ شوتىغا ياماشاتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى چەبدەسلىكى ھايۋاناتلار ئىچىدە دورامچىلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان مايمۇندىن قىلچە قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ تاماشىبىنلارغا قاراپ، باش لىڭشىتىپ سالام بېرىشىنى،

قولىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، چاۋاك چېلىشىنى دىمەمسىز تېخى! ئۇ بەئەينى ئۆز ماھارىتىدىن مەمنۇن بولغان ئۇستا ئارتىستنىڭ ھەركىتىنى نىمە دىگەن ئەسلىتىدۇ - ھە؟!

مەن ئويۇننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىمىز سۆزلەپ بەرگەن يولۋاس بىلەن سىرىدىك ئويۇندىكى بۇ يولۋاس بىر تەبىئەتلىك يولۋاسمىدۇ؟ ياكى باشقا - باشقا تەبىئەتلىك يولۋاسمىدۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. كېيىن سىرىدىك ئارتىستلىرىدىن ئوقۇشۇمچە، بۇ بىر تەبىئەتلىك يولۋاس بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق يولۋاسلار كىچىكىدىن باشلاپلا ئىنسان قولىغا ئۆگىتىلىپ، ھەرخىل پائالىيەتلەرگە كۆندۈرۈلىدىكەن. ئادەم نىمە دىگەن قابىل - ھە؟ بىراق، ئەنە شۇنداق ناھايىتى ۋەھشى، يىرتقۇچ، كۈچلۈك، جاسارەتلىك بولغان يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى كىشىلەر ئالدىدا سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇلىۋاتقان يەردە، كەلگۈسىدە ئەنە شۇ قابىلىيەتلىك، جاسارەتلىك، پاراسەتلىك ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان بىرەر كۈچ مەۋجۇت بولۇپ قالارمۇ؟ دىگەننى ئويلىغىنىمدا، تېنىم شۈركىنىپ، ئىچىمگە بىر خىل ئاجايىپ قورقۇنۇچ كىرىۋالدى. خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەگەر ئىش راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ كەلگۈسىدىكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن نىمە دىگەن قورقۇنۇچلۇق، نىمە دىگەن تۈگىمەس بولماس بالا - قازا بولىدۇ - ھە!؟ ھېلىمۇ جەمىيىتىمىزدە ئاشۇ سىرىكچى يولۋاسقا ئوخشاش ئۆز خىسلىتىنى يوقىتىپ، قويۇۋاتقان كىشىلەرنى ئاز دەپ ئويلامسىز؟

(بېشى 87-بەتتە)

ىدىكى كۆلكە ئۈچۈن قىزنىڭ قولىدىكى ئالمىغا تەلمۈردى.

— ھە، ئەكەل، پۇرات قىزىم، كۆڭلى ئالمىنى تارتىپ قالغان ئوخشايدۇ، چاۋقان ئەكەل.

ئاتا مۇراجىئەت قىلدى. ئەمما قىز ئالمىنى تۇتقانچە ئىزىدىن مىدىرلاپ قويمىدى، - قولىنىمۇ سۇنۇپ قويمىدى.

ئاتا زەردىسى قاينىغان ھالدا ئالمىنى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ تۇردىغا پۇراتتى. قىز بولسا تېخىمۇ خىجىل بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى. تۇردىنىڭ جانسىز كۆزلىرى ئۇنىڭدىن ئۇزۇق ئالالماقتا، بارغانچە جانلانماقتا ئىدى. قىزنىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىغىچە ئۇ ئاڭلايتتى. يۈرەك رىتىمى ئۇنىڭ تىنىقىغا تەڭكەش ئىدى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

# كەلدىم

## ھاجى ھامۇت مەھمۇدى

( مۇخەممەس )

جاھاننى ئايلىنىپ مەن ئۆز دىيارىمغا يېتىپ كەلدىم،
ئۇلۇغ بەيتۇلھەرەمنى مىڭ سۆيۈپ تاۋاپ قىلىپ كەلدىم.
ئۇ يەردىن كۆپلىگەن تەسىر ۋە ئىلھاملار ئېلىپ كەلدىم.
بېلىق ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن دېڭىزلارنى كېچىپ كەلدىم...
بۇ يەرگە ئۇ دېڭىزدىن بىر يېڭى ئۆستەڭ ئېچىپ كەلدىم.

مىليون ـ مىليون مۆئمىن بىلەن قىلدىم ساياھەتنى،
ئۇلار ئەرەپ، ھەرەمدە ئۇچرۇشۇپ بىلدۇردى ھۆرمەتنى!
قاراپ كۆردۈم تېنىمدە ئاق، قارا... ھەر رەڭ ئالامەتنى،
لېكىن، كۆردۈم تامامى قەلبىدە بىرلىك ھىدايەتنى،
ئەشۇ پارلاق ھىدايەت نۇرىنى ئەلگە سېچىپ كەلدىم.

بۇ كۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىنى مەن بىر قەدەر كەزدىم،
ئېلىمنىڭ ئارقىدا قالغانلىغىنى نىسبەتەن سەزدىم،
بۇ چاغ ھەسرەت ـ پۇشايمانلار ئارا قەلبىمنى مەن ئەزدىم،
جىھالەتدىن ـ زالالەتدىن ئاجايىپ سەسكىنىپ بەزدىم...
شۇڭا ئەلنى ئوقۇشقا قايتىدىن دەۋەت ئېتىپ كەلدىم.

ئۇيۇق بويلاپ قاقاس تاغنى قەۋەت بىنا توسۇپ تۇرغان،
ئۈنۈملۈك كەڭ باغرىغا ئالى ئىمارەت، ئاسفالىت قۇرغان...
تۈمەنلەپ رەڭمۇ ـ رەڭ پىكاپ قويۇندەك ئۆزىنى ئۇرغان...
ئۆيىگە كىرسىڭىز چىققاي تومۇزدا بوران ـ شىۋىرغان...
دىمەك تۆت پەسلىنى بىر ۋاقىتتا بىر ئۆيدە كۆرۈپ قالدىم.

قالاق ـ جاھىل ئەرەپلەر شۇنچىلىك ئىلگىرىلىگەن ئالغا،
ئېغىز يوقتۇر ھىساپسىز ھىۋە ـ چىۋە، قايمىقى، بالغا...

غىزالارمۇ باياشات تىنۇر، تەئەددىلەر قىلمۇر گالغا...
يىمەي ئاشقادىنى تۆكمەكتە، كۆنى يەتكەنگۇ شۇ ھالغا!
« نىچۈن بىزلەر تۆۋەن؟! » دەپ ئۇي خىيالارغا پېتىپ كەلدىم.

ئۇنىڭ چىن باشىسى بەلكى ئايان بىزلەرگە بەش قولدەك،
ئۆتۈپ ئۆتمۇشتە بىز مەھكۇمىيەتتە ئىشلىدۇق قۇلدەك،
بۈگۈن ھۆرلۈككە ئۇلاشتۇق قەيەردىن چىققان بۇلبۇلدەك،
تىرىشىپ باي بولۇپ تەكشى ئىچملايلى قىز دىلگۇلدەك،
ئىلىمنىڭ باي بولۇش روھىغا بىر چوڭ روھ قېتىپ كەلدىم.

تولۇق ئويغان خالايىق! تېخىمۇ ئۆرلە ئىلىم - پەنگە،
پەقەت سەن بولما گول، دوپپاڭغا چۈشكەن جىگدە ياقەنگە...
جاھانغا كەڭ نەزەر تاشلا، بىر دىمە قىلچە مەن - مەنگە،
ۋەتەن پەرزەنتى بولساڭ تۆھپە قوشقىن مىللەت، ۋەتەنگە!
يۈرەك قەلبىڭگە بۇ ئوتنى يانا قايتا سېلىپ كەلدىم.

بۈگۈن كومپارتىيە باشلىقا باشلاپ ماڭدى كەڭ ئاممىنى،
ئالارمىز بىزمۇ « باي دۆلەت » ۋە « باي شەخسى » دىگەن نامنى،
بېزەيمىزكى گىلەم، ئالتۇن قوزۇقتا بەلكى تۆت تامنى...
ياقارمىز ھەممە خەلقنىڭ كۆڭلىگە تەكشى خوشال شامنى!
« ۋەتەن پەرۋانىسى » شۇل شام پىراقىدا كۆيۈپ كەلدىم...

# رۇبائىلار

## لوقمان ئىمىن

بەزىلەر دەيدىكەن يولۋاسنى كۈچلۈك،
ھەممىگە ئۇنىڭكى نامى تونۇشلۇق.
گەر بولسا ئۇ نوچى ئاجىزنى يىمەي،
مەرت بولسا بولمامتى نامىغا چۈشلۇق.

×

باتۇرلۇق چىقىدۇ شىرنىڭ بەستىدىن،
ئۇ شۇنداق بىر باتۇر ئىدي ئەسلىدىن.
ھەيرانمەن: بەزەن بىر تىرىكتاپلارمۇ -
چۈشەركەن ئەشۇنداق باتۇر نەسلىدىن.

×

ئوغۇرلاپ يىيىشتۇر بۆرىنىڭ خۇيى،
ئۇنىڭدا ھەر دائىم نەپسىنىڭ كويى.
قاياقتىن بىر پاخلان ئۇچراپ قالار دەپ،
مارىلاپ يۈرۈيدۇ تاكى كۈن بويى.

×

ئۆزەڭگە دوست قىلما ھەرگىز تۈلكىنى،
ئالدىڭدا بىر كۈلسە يالغان كۈلكىنى.
بىل: سېنى ئالداشقا قۇرغان توزاقتۇر،
ئالدامچى مەككارنىڭ ھەر بىر كۈلگىنى.

×

ئاجايىپ قامەتلىك بىر ھايۋانكى پىل،
شۇڭا ئۇ ھايۋانات ئىچىدە سەرخىل.
ھېچ قاچان قىلمايدۇ يەنە مەن - مەنلىك،
تېخى بەك مۇلايىم ھەم كىچىك پېئىل.

×

كۆردۇمەن تۆگىنىڭ ئىگىز بويىنى،
زەپ ئۇستۇن تۇتاركەن تېخى بۇرنىنى.
ئەمەلدە ئېشەككە ئەگىشىپ ماڭار،
باشلىسا كىمكى قاياققا ئۇنى.

×

ئېشەككە كورسەتمە ئېقىل، ئىنادان،
بىلمەس ئۇ نە ياخشى ياكى نە يامان.
ئۇنى گەر سۇغارساڭ ئابى كەۋسەردە،
ئىچىپلا سىيىدۇ ئۈستىگە شۇئان.

×

تۈلپارلىق بەلگە يوق ئاتنىڭ رەڭگىدە،
كىشىلەر ئايرىيدۇ ئۇنى بەيگىدە،
مەن دەيمەن: ھەقىقى غورۇرى بولسا،
قالمايدۇ ئات ھەرگىز ئاتنىڭ كەينىدە.

×

زەپ ياخشى قوينىڭكى مىجەزى - خۇلقى،
دائىما بىر خىللا تۇرار تۇردىقى.
ھەر قانچە سىمىز لەپ كەتسىمۇ ھەرگىز،
كۆرەڭلەپ دىڭگايماس ئۇنىڭ قۇيرىقى.

×

ئۆچكە سەمرىسە ئېغىلدا ياتماي،
سەكرەيدۇ خوشلىقى ئىچىگە پاتماي،
ھەتتاكى ئۇ ئېچىپ پىنھان جايىنى -
يۈرۈيدۇ ئۆزگىدىن ھەرگىز ئۇيا تماي.

×

تاماخور مۈشۈكنىڭ تويمايدۇ كۆزى،
ھېچقاچان بىر چاشقان تۇتمايدۇ ئۆزى
قارا پلا تۇرىدۇ كىشى قولىغا،
قىزارماس قىلچىمۇ ئۇنىڭكى يۈزى.

# ۋىژدان قەسىدىسى

## ئىمام مۇھەممەت

ئۇلۇغ خەلقىم گويا چەكسىز بىر دېڭىز،
مەن ئۇنىڭكى قەترىسىمەن - تامچىمەن.
چۈشكەچ تېمىپ ئۇنىڭ قېنى - پۇشتىدىن،
ئاڭا سادىق، ياۋغا تىغىمەن - قامچىمەن.
غۇرۇر - ۋىژدان دەرياسىدا ئاقىمەن،
نادانلىقنىڭ كىشەنلىرىن چاقىمەن.

كۆرگىنىمدە مەزلۇم، ئاجىز، يېتىمنى،
مېھرى - شەپقەت نۇرۇغىنى چاچىمەن.

باغرى تاشلىق، بېخىللىقتىن سەسكىنىپ،
جىن - ئىسىرىقتىن قاچقان كەبى قاچىمەن.
نەپسانىيەت ئەھلىگە ئوت ئاچىمەن،
سېخىلارغا ئاشىق بولۇپ باقىمەن.

شەرمى - ھايا، غۇرۇرغا باي دوستلارغا،
ۋاپادارلىق - ساداقەتنىڭ ئۆتىمەن.
ساداقەتسىز، نائىنساپقا ھېسابسىز،
قەھرى - غەزەپ مىلتىغىنىڭ ئوقىمەن.

ئاقىللارغا غەمگۈزار يار، ساقىمەن،
ئىپلاسلىققا ئۆلۈم غارى قازىمەن.

دۈشمىنى مەن تىرىكتا پىنەك، ھورۇننىڭ،
مېھنەتسۆيەر ئەلنىڭ ئىگاھ كۆزىمەن.
تەييار تاپلىق لەشكەرلەرنى قىرىشقا،
يارايدىغان مىسران قىلىچ ئۆزىمەن.
مەھلىيا بوپ ئىشچانلارغا باقىمەن،
ناخشام بىلەن ئەل كۆڭلىگە ياقىمەن.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن خەلقىم ئارزۇسى،
يۈسۈپ، مەخمۇت كەبى زاتنىڭ نەسلىمەن.

مەدەت بەردى قامۇسلىرى ھىسسا پىمىز،
ئۇندىن ھېكمەت، قۇدرەت تاپقان ئەسلىمەن،
ئىختىراكەش جەسۇر ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
نىجات، مېھنەت قەسىردە نۇر - شولىمەن.

تاغدىن يۈكسەك بولغاچ غەيرەت-جۈرئىتىم،
سۈنئى ھەمرا ئوخشاش كۆكتە ئۇچىمەن.
بورانلاردا شىددەت بىلەن يول ئېچىپ،
نىجات - مېھنەت دىلبەرىنى قۇچىمەن.
مەن قوياشنىڭ ئۆتكۈر، يارقىن نۇرىمەن،
ھاياتلىقتا ئىللىق سېزىم بېرىمەن.

# لىرىكىلار

**ئەركىن ئەبەيدۇللا**

## يارنىڭ چاقچىقى

بېشىمدىكى شەپكەمنى ئېلىپ،
قاچماق بولۇپ چۈشتۈڭ يىقىلىپ.
قوغلاي دېگەن ئىدىم، يۈرىكىم —
بوغۇزۇمغا قالدى تىقىلىپ،

بىلەكلىرىڭ سۈرۈلۈپ كەتتى،
(يۈرىكىم تەڭ سىرىلىپ كەتتى).
چۈنكى كۆزۈڭ كۈلۈپ تۇرسىمۇ،
قاپاقلىرىڭ تۈرۈلۈپ كەتتى.

يۈگۈرگەنچە يۆلەپ ئالدىم مەن،
ئاستاغىنە (يەردىن كۆتىرىپ).
گىرە سېلىپ بوينۇمغا شۇ چاغ،
پىچىرلىدىڭ (بەلكىم ئۆتۈنۈپ):

كېچىككىنىم يېتىپ يادىمغا،
چاقچاق قىلدىم ساڭا - يارىمغا.
چاقچىقىمنىڭ مەنىسى ھەر چاغ —
شېرىن بولغىن كۈلكە - زارىمغا.

## دېگۈم كېلۇر

" قېرىلاردا بولماس مۇھەببەت —
ئۇ ھەر قاچان ياشلارغىلا خاس».
خاتىرەمگە يېزىپتۇ بىرسى،
شۇنداق كەپتىن بىر - ئىككى ئابزاس.

دەپتۇ يەنە: «ياشتا يۈرەك ياش،
چېچەن، چىۋەر، ئويناق ئۆزى شاش».
خاتا ئەمەس ئازراغى توغرا،
ياشلار دېگەن گۈزەل بىر ئوتتاش!

«مۇھەببەت» تە قايىسىنى دىدى،
ئەل ۋەتەنگە ياكى يارغىمۇ؟
قايسى بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش،
شاھ ـ گادايۇ، ئەزىز ـ خارغىمۇ.

دىگۈم كېلۇر: «قېرى» لار دىمۇ،
ئىشقى ئوت بار، ياش چاغ يېقىلغان.
سىزدە بولسا ئۇچقۇنچە ئەگەر،
ئوت قايىنمى ـ ئۇندا چېتىلغان!

## قانداق يار سەن؟

ھېيىت ئىدى،
ھەممىمىز خوشال،
چىرايلاردىن تۆكۈلەتتى نۇر.
چاقچاق قىلدىڭ يۈزۈمگە نوقۇپ،
ماڭا شۇ چاغ، سەپ سېلىپ بىر قۇر:

«بەكمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپسەن،
ئوت كۆرۈندىڭ گويا كۆزۈمگە.
دىدىڭ: مەڭگۈ چىرايلىق ھەم شات
بولساڭ بەخت دەيمەن ئۆزۈمگە».

ئويلاپ قالدىم دىگەنلىرىڭدەك،
بولسامتىغۇ ھەتتا بىر ئۆمۈر.
لېكىن، تۇرمۇش ئارزۇ ئەمەس ـ دە،
(كۆھەرنىمۇ ئېتەر خەس ـ كۆمۈر!).

يولى ئەگرى، خەتەر ئاز ئەمەس،
بەزى بېلىمەدى بېسىپ قالار نەس.
جۇت ـ شۇۋىرغان، قار ھەم يامغۇردا،
يېقىلساڭ تىز تۇرالامسەن؟ بەس.

ئۆزەڭلا بىل، (خەققىمۇ دىمە)
مۇشۇ نۆۋەت ئاداشتىڭ ھەي سەن.
دائىملا شات، دائىم چىرايلىق،
ئۆتەلەمدۇ دۇنيادىن بۇ تەن؟

شۇڭلاشقىمۇ خۇمار كۆزلۇگۈم،
چىرايىمغا، كۆلكەمگە كۆيمە.
دەرت ـ ئەلەمدە بىللە بولمىساڭ،
مەن قانداقچە سېنى يار دەيمەن؟

---

# يىللارغا نەزەر

### ئېلى زايىت

زەپ ئالدىراش ئۆتتىمۇ يىللار،
بىر قايرىلىپ كەينىمگە باقماي.
ئۆتمەس ئەمما دەۋران بېتىمگە،
باھاسىنى، ھۆكمىنى يازماي.

بىر چاغ تەتۈر چۆگىلەپ پەلەك،
بولدى قىيان كۆزلەردە قايناش.
بەختىمىزگە تەگدىمىكىن كۆز،
ياغدى بىردىن تۆپىمىزگە تاش.

تېگەر ـ تەگمەي ئاشقا ئاغزىمىز،
شۇئان قاناپ قالدى بۇرنىمىز.
ئويلاپ قالدۇق: بۇ نىمە قىسمەت،
خانىۋەيران بولدى يۇرتىمىز ؟!

ئېسىت بەشمىڭ يىللىق ھەرىپەت،
قالارمىزمۇ ھەممىدىن قۇرۇق.
قىلدۇق ھەجەپ شۇنچە نادانلىق،
بەشمىڭ يىللىك ۋارىسى تۇرۇپ.

كىمدۇ زادى جۇتنىڭ ئەلچىسى،
كىمدۇ يەنە ئۇنىڭ غالچىسى؟
كېزەر دىلدا تۈگىمەس سوئال،
زىدە ئەلنىڭ يۈرەك پارىسى.

قىلدۇق چېلىش، تىنىمدۇق ھەرگىز،
يەنە ئەشۇ يىللار قوينىدا.
بەرسەكمۇ گەر بىھۇدە بەدەل،
ياۋنى سالدۇق ئەجەل يولىغا.

بىر سىلكىنىپ ئۈزدى دەۋرانىم،
چىك چىرمىغان زەنجىر، كىشەننى.
تازىلىدى يولدىن پارتىيەم،
يولۋاس، قاۋان، چاتقال - تىكەننى.

ۋۇلقان بولۇپ چىقتى ئېتىلىپ،
قەلبلەردىن بىر ئۇلۇغ ئىستەك:
ئەل قاتارى ياشايلى بىزمۇ،
كۆكتە ئەركىن يايرىغان قۇشتەك.

تۆككەن تەرلەر كەتمىدى بىكار،
بېغىشلىدى يېڭى - يېڭى ھايات.
پەرۋاز قىلىپ كۆردۇق سامادا،
ئىلىم - پەندىن ياساپ بىز قانات.

گويا تۇلپار مىنگەن بەيگىچى،
يېزا - شەھەر، زاۋۇت، كان، مەكتەپ.
ئالغا ھامان ئۈندەر ھەممىنى،
ئالى غايە، ئۇلۇغۋار مەقسەت.

# نىمە پەرقىمىز

**ئابدىرىشىت مەھەممەت**

باھاردا باسۇرسام ئونبەش توخۇمنى،
چىقىپتۇ چۈجىلەر ھەممىدىن ساپ-ساق.
رەڭگىمۇ ئۇلارنىڭ پەقەت ئىككى خىل،
يەتتىسى قاپ - قارا، سەككىزى ئاپپاق.

«چۈك-چۈك» قىپ چىققاندا ئۇلار كاتەكتىن،
دان ئىزلەپ ھەرتەرەپ چاپاتتى مىكىيان.
ئۇچرىسا ئەگەردە بىرەر تال قۇرۇت،
يىمەستىن ئوتتۇرىغا تاشلايتتى ھامان.

ئانىنىڭ ئاشۇنداق ئوتلۇق مېھرىدىن،
قاتارغا قوشۇلدى ئەي بوپ ھەممىسى.
مىكىيانلار پەيلىرى تارتسا زوقۇمنى،
مەھلىيا قىلاتتى خوراز تاجىسى.

ۋە لېكىن، بۇ چاغدا بىچارە مىكىيان،
تۈك تاشلاپ بولغانتى بىمەينى سولتەك.
دان، چاچسام ئاشمايتتى بالىلىرىدىن،
تۇراتتى بىر چەتتە يېتىم غېرىپتەك.

ئاجىزلاپ ھالىدىن كەتكەن چېغىدا،
بىچارە جانىۋارغا بولدى بەك ئۇۋال.
سىرىلىپ مېنىڭمۇ ئاغرىدى ئىچىم،
دوستلارغا، ئۆزەمگە قويدۇم بىر سوئال:

ئەي دوستلار بىزنىمۇ مىڭبىر جاپادا،
تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى ئانىمىز.
ئۇلارنىڭ ھەققىگە بەرمىسەك جاۋاپ،
شۇ بىرتوپ جۈجىدىن نىمە پەرقىمىز!؟

# كۈز كېچىسى

**ئەخمەت مەھەممەت**

كۈلۈپ باقسا دېرىزىدىن ئاي ۋە چولپان،
كۆزلىرىمدىن قاچار يىراق شېرىن-ئۇيقۇ،
باغ-دالادىن كېلەر تونۇش ناخشا ئۈنى،
يۈرىكىمدە ئويغۇتۇپ بىر گۈزەل تۇيغۇ.

ئاي شولىسى ئاق پايانداز بولدى ماڭا،
باقتىم خۇشال گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىپ.
كۆز ئاپپاراتىم تارتىۋالغان مۇنۇ سۈرەت،
ئويۇلدى چىڭ يۈرىكىمگە نەقىش بولۇپ:

قارامدىكىن دېسەم ئاينى يالغۇز ماڭا،
چىم-چىم ئېتىپ كۆز تىكىدۇ ھەممە ياققا.
قىزىقسىنىپ كېتەلمەيدۇ يىراق بۇندىن،
باغلىۋالغاچ بىزنىڭ ياشلار ئۈنى باققا!

ئەنە باغدا كۈندىكىدەك جۈپ-جۈپ ياشنىڭ،
سۆھبەتلىرى تۈگىمەيدۇ پىچىرلىشىپ،
باقار تويماي بىر-بىرىگە كۆزى ئاچلا —
بەزەن تېخى كېتەر ئويناپ قىچىغلىشىپ.

دەيمەن كۆرۈپ: ئېخ! ياشلىقنىڭ ئالتۇن چېغى:
ساڭا شۇ تاپ ھايات قەندەك تۇيۇلدىمۇ؟
دەۋرىم سۆيدى پىشانەڭدىن ئەشۇ سۆيگۈ،
يۈرىكىڭگە ئەندىز بولۇپ ئويۇلدىمۇ؟

كۆتەرسەڭمۇ تاغنى كۈندە ھاردۇق يەتمەس،
سەيلى قىلساڭ خۇشاللىق شۇنداق ئىشتىن يېنىپ.
سۆيگۈ بېغى بولۇپ قالدى بىزنىڭ يېزا،
دەۋرىم بەرگەن بەخت بىزگە قۇچاق ئېچىپ.

× ×

ئاي جامالى جۇلاسىدىن سۇ بېھىدەكلا —
يورۇغان بۇ كۈز كېچىسى — يارقىن كېچە،
كۆڭۈللەرگە ئارام بېرىپ ھەممە ياقتىن،
ناخشا ئۈنى ئېلىپ كېلەر سالقىن كېچە.

# بىزنىڭ سايىمىز

**مۇرات تۇرسۇن**

نىمانچە تەلمۈرۈپ تۇرىسەن نىگار،
كۈل، ھەرگىز ھەسرەتلىك كۆرۈنمە ماڭا.
بىر مەزگىل ئايرىلىپ كەتسەكمۇ لېكىن،
پاك يۈرەك تەسەددۇق ئەبەدى ساڭا.

تەلمۈرۈپ ئالدىمدا تۇرساڭ ئەي گۈلۈم،
يۈزۈڭگە خىجىللىق ئوتى تۇتىشار.
مېنىمۇ ئويلىغىن ئىچىڭ ئاغرىسۇن،
مەنمۇ تەڭ تەلمۈرسەم بۇ قانداق بولار؟

بىرىمىز تەلمۈرسەك ئايرىلدۇق-دەپ،
بىرىمىز كۈلەيلى تەسەللى بېرىپ.
كۈلەيلى ئەڭ شېرىن بەختلىك كۈننى،
ھەسرەتنى كۆڭۈلدىن مەڭگۈ چىقىرىپ.

بىز يۈرگەن مۇھەببەت باغچىلىرىدا،
قالدىغۇ ھەمرا يىم—نۇرلۇق ئىزىمىز.
پاكلىقنى قەلبىگە پۈكۈپ ھەر زامان،
ياشىسۇن، شاتلانسۇن ئوغۇل-قىزىمىز،

سەن بۈيۈك مۇئەللىم،— شەرەپلىك ئىنسان،
تۈگىمەس تەر بىيىلىك ئەلگىمۇ ئايان.
ئاققۇزغان تەر ىڭدىن دىللار چۆلىنى،
قىلغىنىسەن ياپ-يېشىل، كۆركەم گۈلۈستان.

ساپ ئەجر ىلىڭ تەر ىڭدىن ئۇماق باللار،
ھايا تلىق بېغىدا ۋۇ ىلىقلاپ گۈلسۇن.
گۈلسۇن ھەم كەلگۈسى گۈزەل ئىقبالىنى،
كۆزلىسۇن ئىجا تلىق ئۈچۈن ئىنتىلسۇن.

ئا يرىلدۇق بىر ئۆمۈر ئا يرىلما يدۇ چىلىڭ،
ئەلنى دەپ تۈزۈلگەن بۈيۈك ئەھدىمىز.
ئەۋلا تقا تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى،
بولىدۇ بىزنىڭ پاك ئەخلاق سا يىمىز.

---

# ئىككى ناخشا

**ساتتار توختى**

## خائچى دوستۇمغا

ئوت بەرگەن ھارارەتتىن،
ياشنايدۇ ئۆمۈر دەيمەن.
ئەي خائچى ئەشۇ ئوتنى،
سەن قازغان كۆمۈر دەيمەن.

ئىشلەيسەن جاسارەتتە،
خالق ئاستى تىرەن يەردە.
تاغ بولار قارا ئالتۇن،
سەن تۆككەن ھالال تەردە.

تۆھپەڭ زور سىڭىنىڭ ھەردەم،
شانلىق توي— كۆرەكلەردە.
چاقنايدۇ ئۇلۇغ نامىڭ،
ھەر دىلدا— يۈرەكلەردە،

## ياز قوشىغى

قوياش كۆكتە تىكلىنىپ،
كۈلدى، جەننەت ياز كەلدى.

بۇغدا يزاردىن، باغلاردىن،
خۇشال - ناخشا ساز كەلدى.

غۇر - غۇر ئۈچقان شامالدا،
چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ.
چۈشتى مەر تلەر ئومىغا،
جاسارەتتە يەڭ تۇرۇپ.

مەي باغلىدى شاخلاردا،
ئۆرۈك، توغاچ، جىنەستە...
باغلار ئارا كەچقۇرۇن،
سەيلە قىزلار بەس - بەستە.

چەش راسلاندى تاغ بولۇپ،
مىۋە پىشتى ياغ بولۇپ.
دىل سۆيۈندى زاماندىن،
ئەمۈر چىلىق چاغ بولۇپ.

# بىزار بولدۇم

(ساتىرا)

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

سۆزۈمنى ئاڭلا ئەي دىلبەر، سېنىڭدىن بەك بىزار بولدۇم،
كۈرەش ـ ئەمگەكتە تاۋلانغان قولى چاققانغا زار بولدۇم.
گۈزەل تۇرقۇڭغا كۆيگەنمەن، خۇيۇڭنى بىلمىگەچ باشتا،
جامائەت ئەھلى ئالدىدا بۈگۈن مەن شەرمىسار بولدۇم.
قولۇڭدا باشقا ھېچ ئىش يوق، قىلارسەن كۈنبويى پەداز،
سېنىڭ مىشچانلىغىڭدىن ھەر كۈنى مەن بىمادار بولدۇم.
بۈگۈن ئەتىسەڭ قازاندا ئاش، يۈيارسەن ئەتە يا ئۆگۈن،
چىۋىن بەزمە قۇرار ئۇندا، بۇ ئىشتىن ئايلىنار بولدۇم.
كىشى كىرسە سالار بۇ ئۆي ئېسىگە ئەسكى تۈگمەننى،
ئېسىلغان تور، توپا، مەينەتچىلىكتىن مەن بىمار بولدۇم.
ئۆزەڭگە يۇقمىغاچ كىر ـ چاڭ، كۆرۈنمەس يەر ـ يۈزى ئۆينىڭ،
سۈپۈرگە تەگمىگەچ ئايدا، نومۇستىن كام دىدار بولدۇم.
ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلمەس، بۇ ئۆينىڭ سايمىنى ھەرگىز،
ئۇرار ھەر يەردە كىر باغلاپ، ئۇلارغا زەڭ سالار بولدۇم.
ياتار پەگادا چاڭ باسقان، لىگەن، تەخسە، چىنە، پەتنۇس،
يىغىلمايدۇ ئۇران كۈندە، غەزەپتىن ئوت ئالار بولدۇم.
بېشىڭغا چۈشىدۇ چوڭ تاغ، يۇيۇشنى ئاڭلىساڭ كىر ـ قات،
ياقامنى قايرىسام سۇندى، يۇيۇلماي، خەس ـ چاۋار بولدۇم.
قاچانلا بولمىسام ئۆيدە ئېتىپ يەيسەن تاماق يالغۇز،
مېنى ئويلاپمۇ قويمايسەن، غىزاسىز ئاچ ـ قالار بولدۇم.
دىسەم: بىللە ئېتىپ يەيلى، قىلاي ھازىر جىمىنى تەل،
بويۇن تولغاپ دىدىڭ ـ دائىم: ساڭا ئىشلەپ چاكار بولدۇم.
قاچان چىقساڭ تالا ـ تۈزگە قۇرۇق چاقماقتا ئوت ياقتىڭ،
ئېلىشتى نەچچىسى چاچتىن، سوراپ داۋا بىكار بولدۇم.
خولۇم ـ خوشنا ئاراسىدا قىلىپ زىتلىقۇ ـ ھاڭ پەيدا،
چىقاردىڭ چوڭ نىزاھ ـ چاڭجال، ئوسال بىمەتىۋا بولدۇم.
يىمەكنگە ئوت كېتىپ قالسا، كۆيۈپتۇ ئوتتا يەركەن دەپ،
تاراتتىڭ شۇم خەۋەر ئەلگە، ئېنىق سۆزگە خۇمار بولدۇم.

زىنگىغا سەل تېگىپ قويسام، ياتارسەن ھەپتە باش يۆگەپ،
ئىچىمدە ھەسرىتىم بەك كۆپ، ساڭا ئىللىق باھار بولدۇم.
بازارغا گەر ئېلىپ بارسام كۆزۈڭ كۆرگەننى ئال دەيسەن،
قىيامەت باشلىنار ئالماي، يەنە ئارتقا يانار بولدۇم.
ئىشىم قىلدەك قىڭغىر كەتسە ياقامدىن ئالسەن دەرھال،
ماھارەت كۆرسىتىپ مايمۇن كەبى ئويناشقا دار بولدۇم.
ۋاپاسىز بولمىساڭ شۇنداق بىلەتتىم ئەتىۋار جاندىن،
مېنى قاتتىق مالال قىلدىڭ، يۈرەكتىن ئوق ئاتار بولدۇم.
يارىمسىز، تەلۋە بولمىساڭ، ئۆتەتتى ئۆمرىمىز گۈلدەك،
تۈگەتتىڭ روزىغارىمنى، بىساتسىز تار-مار بولدۇم.
مېنىڭدىن رەنجىمە ئەندى ئۆزەڭنىڭ قىسمىتى شۇنداق،
كېچە-كۈندۈز قىلىپ خىزمەت يەنە ئالدىڭدا خار بولدۇم.
تامام بولدى مېنىڭ تاقەتلىرىم، كۆزدىن يوقال دەرھال!
سېنىڭدىن ئايرىلىشنى شەرت ئېتىپ خوپ بىقارار بولدۇم.
سېنىڭدىن مەن ئەمەس ھەتتا ئۆيۈمنىڭ مۈلكىمۇ بىزار،
تېشىپ سەۋرە قاچام ئاخىر بۇ ئىشلارنى يازار بولدۇم.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتمەن،
ئېلىڭلار دوستلۇرۇم ئىبرەت مېنىڭدىن، زارۇ-زار بولدۇم.

# پىكىر دەپتىرىنىڭ زارى

**غوجا ئابدۇللا ھەققانى**

دېيىشەر مېنى: «پىكىر دەپتىرى»،
يېزىلار ئەلنىڭ كۆڭۈل گەپلىرى.
ئۇشبۇ مەقسەتتە ئېسىشقان تامغا،
تۇرمايمەن بىكار ئاتاققا - نامغا.
كۆرۈپ خېرىدار مەندىن زوقلاندى،
دىللىرى يايراپ، كۆڭلى شاتلاندى.
بەزىلەر دەرھال ئېلىپ قولغا،
پىكرىنى يازدى بېتىم قۇرىغا.
كۈنلەر ئۆتۈشتى قوغلاپ ھەپتىنى،
توپا - چاڭ باستى مېنىڭ ئەپتىمنى.
باشلىغىنىم غەمسىز، يۈرەك كۆڭلى توق،
لېكىن، مەن بىلەن ھېچ بىر كارى يوق.
ئېسىلغىنىمغا بولدى ساق بىر يىل،
خېرىدار بىلەن بولغانتىم ئېجىل.
بىراق پىكىرلەر كەتتى بىكارغا،
مەنمۇ، ئايلاندىم رەزگى-بىمارغا.
دېدىم بىر كۈنى: «قارىڭا باشلىق،
ۋاراقلاڭ مېنى سىزگە قاراشلىق.
ئاڭلاڭ ئاھىمنىڭ تەلەپ- زارىنى،
ھېساپقا ئېلىڭ كۆڭۈل رايىنى».
دېدى باشلىغىم: «تولا كاپشىما!
چوڭقۇر كېچىككە مېنى باشلىما.
رەسمىيەت ئۈچۈن ئاسقان بىز سېنى،
نە ئۈچۈن سوراق قىلىسەن مېنى ؟
ئاستۇق، ئېلىشقا قادىر بىز ھامان،
يۇۋاش تۇرمىساڭ قالمايسەن ئامان!»

# قەشقەردىكى «كونا ئوردا شەھىرى» ۋە تاشقارقى شەھەر توغرىسىدا

ئابدۇرەھىم ھاشىم

قەشقەر شەھىرى مىلادى 1840 ـ يىلى زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ دەۋرىدە كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى ئىچكىركى شەھەر، تاشقارقى شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ ئىككى رايوندا ئۇزاق تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان «كونا ئوردا شەھىرى»، «ئارا ئوردا»، «ئاق ئوردا» ياكى «ئارقا ئوردا» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ، بۇ ھەقتە ھازىرغىچە يېزىلغان ئىلمى ئەسەرلەردە سېستىمىلىق توختۇلۇش بولمىدى. شۇڭا مەن بۇ ماقالەمدە ئۇيغۇر تارىخى مەنبەلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن رىۋايەتلەرگە ئاساسەن دەسلەپكى قەدەمدە «كونا ئوردا» شەھىرى ياكى ئىچكىركى شەھەر ۋە تاشقارقى شەھەر توغرىسىدىكى ئىزلىنىشلىرىمنى بايان قىلىمەن.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خاقانى بازىرنىڭ چوڭ ئوغلى خاقان ئوغۇلچاق تالاز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى ئىسمائىل سامانى تالاز شەھىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئوغۇلچاق ئۈستىگە ھەربى يۈرۈش قىلىدۇ.

خاقان ئوغۇلچاق قوشۇنلىرى بىلەن ئىسمائىل سامانى قوشۇنلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك جەڭلەر بولۇپ ئاخىرى خاقان ئوغۇلچاق بۇ جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ پايتەختىنى مىلادى 893 ـ يىلى كۈزدە قەشقەرگە كۆچۈرىدۇ.

بۇ دەۋردە قەشقەرنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىغە تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان «خان ئۆيى» خارابىسى ئۈستىدە ئىدى. «خان ئۆيى» خارابىسىنىڭ غەربى جەنۇبىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبى) «ئەسكى ھەسار» (كونا قەلئە) ناملىق بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەر قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىركى تارىخى ئەسىرلەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقتىن، بۇ دەۋرلەردىكى بارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە بۇددىزىمنىڭ تەسىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. بازىرنىڭ 2 ـ ئوغلى سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىم) مىلاددى 930 ـ يىلى ئەبۇ نەسرى سامانىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام دىنىغا كىر-

گەن. بۇ دەۋردە خوتەن رايونىدا ھۆكۈم سۈرۋاتقان بۇددىست ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىسلامغا قەتئىي قارشى بولۇپ، قەشقەردىكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار ئۈستىگە ھەربىي جازا يۈرۈشىنى باشلاپ جۇقتۇرۇشىنت ، نېكتەرىشىت جىكالۇ - خالخالماچىنلار قوماندانلىقىدا نۇرغۇن ھەربىي قوشۇنلار بىلەن كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ .

يۈسۈپ قادىرخان ( مىلادى 1025 - 1032 - يىللىرى ئىچىدە تەختتە ئولتۇرغان ) بۇلارغا قارشى قاتتىق قايتارما زەربە بېرىپ قەشقەردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ . بۇلار چېكىنىپ «ئەسكى ھىسار» قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىپ ئۇزۇن مۇددەت قارشىلىشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىككىي خىل ئېتىقادتىكى ئىگە بىر مىللەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك جەڭلەر داۋاملىشىدۇ . يۈسۈپ قادىرخان لەشكەرلىرى « ئەسكى ھىسار » شەھىرىنى ئۇزاق مۇددەت قورشاپ ، ئۇ ئارقىلىق « ئەسكى ھىسار » شەھىرىگە كىرىدىغان سۇنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ .

« ئەسكى ھىسار » شەھىرىنىڭ سىرىت بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ ئەسكى ھىسار شەھىرىگە توپلانغان ئۇيغۇر بۇددىست ھەربىي كۈچلىرى ھالسىزلىنىدۇ . بۇنىڭدىن پايدىلانغان يۈسۈپ قادىرخان قوشۇنلىرى « ئەسكى ھىسار » شەھىرىگە ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ . شەھەرنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلىدۇ .

شۇ قېتىملىق ھەربىي ھۇجۇمدىن كېيىن « ئەسكى ھىسار » شەھىرى ئىككىنچى ئەسلىگە كېلەلمەي ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ ( ھازىرمۇ بۇ شەھەرنىڭ قەلئە ئىزلىرى ساقلانماقتا ) بۇ دەۋردە ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان « كونا ئوردا » شەھىرىنىڭ ئورنى ئەسلىدە « ئەسكى ھىسار » شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 250 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ . بۇ قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە ھەشەمەتلىك چوڭ دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ بۇ دەرۋازىنى كېيىنكى كىشىلەر « كونا دەرۋازا » دەپ ئاتىغان . بۇ دەرۋازا « ئەسكى ھىسار » شەھىرىگە قاراپ ئېچىلغان بولۇپ ، قەشقەر بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ھەشەمەتلىك دەرۋازىدىن ئۆتۈپ قەبرىستانلىققا كىرىپ ئۆلۈكنى دەپنە قىلاتتى ۋە دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى . «ئەسكى ھىسار»غا توپلانغان بۇددىست ئۇيغۇر ھەربىي كۈچلىرى ئۈستىدىن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قازانغان بۈيۈك غالىبىيىتىدىن كېيىن ، دىنىي ئېتىقاد زىددىيىتى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ قەبرىستانلىق پۈتۈنلەي تۈزلىنىپ خانلىق ئوردا ۋە شەھەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان . « كونا ئوردا » شەھىرىنىڭ كۆلىمى 300 مو ئەتراپىدا بولۇپ خان ئوردىسى ھازىرقى بۇلاق بېشىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان . بۇنىڭدىكى سەۋەپ : ① بۇ جاي باشقا جايلاردىن ئېگىز ، ھاۋالىق ، ② بىخەتەر ، مۇداپىئەگە ئەپلىك ، ③ يېنىدا بۇلاق بولۇپ سۇغا يېقىنلىقى نەزەردە تۇتۇلغان .

ئوردا چۈشكەن جاينىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمىغا راۋاق ياسالغان بولۇپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھ ئائىلىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى، پۈتۈن شەھەر مەنزىرىسىنى ۋە ئەتراپىنى كۆرۈش كۆزلەنگەن .

راۋاق — ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ « رايى باق » تىن كېلىپ چىققان. راۋاقتا چىققان

شاھ ئائىلىسىدىكىلەر ئەتراپىنىڭ رايىغا قاراش، قاراپ يېقىش مەقسىتىدە بولغاچقا ئۇل زامانىدا «رايى باغ» ياسالغان. ئوردىنىڭ شىمالىدىكى راۋاققا چىقىدىغان يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى يوللىرى ياسالغان، يەر ئاستىدىكى يولغا پۈتۈنلەي پىششىق خىش ئىشلىتىلگەن بولۇپ ئەگمە شەكىلدە ياسالغان.

بولاق بىلەن ئوردىنىڭ قارشىمۇ تۇرىدىغان شىمال تەرىپىنىڭ تىك ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشقاچقا، قاراخانىلار سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر بولاقتىن سۇ ئېلىپ چىقىدىغان يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى يوللىرىنى ياسىغان. يەر ئاستى يوللىرى بولاق يۈزى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئەگەردە ئۇرۇش بولۇپ قالسا دۈشمەنلەرنىڭ ئاۋۋال سۇنى توسىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يەر ئاستى يولىنى مەخپى تۇتقان. مەيلى راۋاققا چىقىدىغان يەر ئاستى يولى، مەيلى بولاققا چۈشىدىغان يەر ئاستى يولى بولسۇن قاراخانىلار سۇلالىسى ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشتە خېلى مۇكەممەل باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۆكۈمرانلار قايتا راۋاق ياساش ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلىش ئۈچۈن يەرنى قازغاندا يەر ئاستى يولىدىكى پىششىق خىشلار چىققان. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولاق بېشىغا راۋاق ياساش توغرا كېلىپ، ئەسلىدىكى راۋاق ئورنىنى چاققاندا قەدىمقى راۋاق ئاستىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت يېزىلغان بىر دانە چوڭ پىششىق خىش چىققان بولۇپ، يەرلىك زىيالىلار بۇ خىشنى قولغا چۈشۈرۈپ دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلاپ كەلگەن.

«كونا ئوردا» شەھىرىدىكى «جان قورغان» دېگەن ئورۇندا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي كۈچى ئورۇنلاشقان بولۇپ «جان قورغان» يەنى خەلقنى، ئوردىنى قوغدايدىغانلار تۇرىدىغان ئورۇن دەپ نام ئالغان. «كونا ئوردا» شەھىرى مۇستەھكەم سېپىل ۋە 4 دەرۋازا ئارقىلىق قورشالغان. 4 دەرۋازا تۆۋەندىكىچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە: 1. كونا دەرۋازا، 2. قارقى دەرۋازا 3. سۇ دەرۋازىسى، 4. توققۇزاق دەرۋازىسى.

«كونا ئوردا» شەھىرىنىڭ جان قورغانىدا تۇرۇۋاتقان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قىسمى ھەربىي مەشىق ئۈچۈن داۋاملىق «قارقى دەرۋازىسى» دىن چىققان. چۈنكى بۇ دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدە كەڭ مەيدان بولۇپ قىلىچۋازلىق، ئات مەشقى قاتارلىق ھەربىي تاكتىكىلار مۇشۇ مەيداندا ئېلىپ بېرىلىدىغان، شۇڭا بۇ دەرۋازىنى «قارىغا ئالىدىغانلار چىقىدىغان دەرۋازا»، «قارقى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان.

«كونا ئوردا» شەھىرىنىڭ ئىشىكى غەرب تەرەپكە قاراپ ئېچىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئوردا ئىشىكى دېگەن نام بار. بۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ «ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە ئوردا ئىشىكىنىڭ يېنىدا (ھازىرقى بولاق بېشىغا چۈشۈپ كېتىدىغان كوچا، ئۆي كوچا) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ تۈرمىسى بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە زىندان دەپ ئاتالغان ۋە تۈرلۈك مەھبۇسلار شۇ زىندانغا تاشلانغان.

«كونا ئوردا» شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە كەڭ كەتكەن سەينا بولۇپ، بۇ

سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆل كولانغان. كۆل ئەتراپىغا « سەرراپخانا » ( مۇنچا ) سېلىنغان. مۇنچىغا كېلىدىغان سۇ شەھەر سىرتىدىن يەر ئاستى يولىغا كۆمۈلگەن ساپال تۇرۇبىلار ئارقىلىق ئېقىتىپ كېلىنگەن. مۇنچىدىن چىققان كىر-كىسىز سۇ قۇرۇق كۆلگە قۇيۇلۇپ، كۆلنىڭ ئاستىدىن ماڭغان ساپال تۇرۇبا يولى ئارقىلىق شەھەر سىرتىغا چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ مۇنچىلارنى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ھەربىي قىسىملار ئىشلەتكەن. بۇنىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى « كونا ئوردا » شەھىرىدىكى بۇ ئۇلۇق قۇرۇلۇش قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بۇ قۇرۇلۇش تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىسىدا بۇزۇلغان.

1920 - يىللار ئىچىدە مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر، دېموكراتىك زات ۋە دىنىي پەيلاسوپ ئابدۇقادىر داموللام بۇ قۇرۇلۇشنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئەمگەك كۈچى سالغان بولسىمۇ ئۆمرى ئۇنىڭغا يار بەرمەي مىللىي مۇناپىقلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باغداتلىق چوڭ دىنىي پەيلاسوپ سەيد جالالىدىن باغدادى نامىدىكى بىر دىنىي ئەرباپ قەشقەرگە كېلىپ، ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدا غايەت زور بىر مەدرىسە سالدۇرۇپ ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتكەن.

بۇ دەۋرلەردە « كونا ئوردا » شەھىرىنىڭ غەربىگە ئېچىلغان دەرۋازىسى يېنىغا خانلىق مەدرىس ۋە ساچ مەدرىسلىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۈيۈك ئەرباپلار، ئالىملار، يازغۇچىلار، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى مۇشۇ مەدرىسەلەردە يېتىشىپ چىققان.

بۇنداق مەدرىسەلەر ئۇن نەچچىگە يېتىپ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە زور روللارنى ئوينىغان. « كونا ئوردا » شەھىرى تاكى زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ زامانىسىغا قەدەر تەدرىجىي ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىپ بارغان.

زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى نەزەردە تۇتۇپ شەھەرنى كېڭەيتىش قارارىغا كەلگەن. ئېيتىلىشىچە زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھازىرقى قۇمدەرۋازا تەرەپكە كەلسە بىر كىشى مەسچىت سېلىۋاتقىدەك. زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ ئۇ كىشىدىن: « بۇ جاي شەھەردىن يىراق تۇرسا، بۇ يەردە ئادەمنىڭ تايىنى بولمىسا نېمە ئۈچۈن مەسچىت سالدىڭىز؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: « بەگ بولغان كىشى يىراقنى كۆرۈش لازىم. بۇ جايلار سىلە بىلەن بىزدىن كېيىن ئاۋات بولغۇسى. شۇڭا، مەن كېيىنكىلەر بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ ماڭا دۇئا قىلىپ قويسۇن دەپ ياساۋاتىمەن ». زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ دەرھال ئوردىغا قايتىپ شەھەرنى پىلانلاشقا كىرىشكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىي ئىسكەندەر ۋاڭ مازىرىنىڭ سىرتىنى بويلاپ سېپىل سوقۇلۇشقا پىلانلانغاندا ئاپپاق خوجىنىڭ شەيخى تۇردى شەيخ دېگەن كىشى ئۆكتە قىلىپ « بۇ تۇرپانلىق ئۆز مازىرىنى شەھەر ئىچىگە ئېلىپ سېپىل سوقامدىكەن » دەپ تەنە قىلغان. بۇ سۆزنى زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ ئاڭلاپ دەرھال بۇ پىلاننى ئەمەل-

دىن قالدۇرۇپ، تۆردى شەيخنىڭ ھويلىسىدىن تانا تارتىپ سېپىل سوقۇش پىلانلىغان ئىكەن. (تۆردى شەيخنىڭ ئۆي - ھويلىسى ھازىرقى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا كېلىدىكەن). شۇڭا قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇب ئارىلىقىدىن شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقى ئۇزۇن، سوقچاق قىلىپ سوقۇلغان. زوھورىدىن ھاكىم بەگ ھەسەتخور تۆردى شەيخنىڭ دەككىسىنى بەرگەن. شۇندىن كېيىن «كونا ئوردا» شەھەر قەلئەسى ئەمەلدىن قېلىپ، تاكى ئازاتلىققا قەدەر ساقلانغان. شەھەر دائىرىسى بويىچە سېپىل سوقۇلۇپ پۈتكەن، بۇ سېپىلگە 4 دەرۋازا بېكىتىلگەن. بۇ سېپىل قۇرۇلۇشىغا مەشھۇر شائىر ئابدۇرېھىم نازارى ۋە نورۇز كاتىپلار شېئىر- بېغىشلىما يازغان، بۇلارنىڭ بېغىشلىمىسىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى «تۆشۈك دەرۋازا» ئۈستىدىكى ياغاچقا ئويۇپ خاتىرىگە ئېلىپ قويغان.

شائىر ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ بېغىشلىمىسى:

كى بىرمىڭ ئىككىيۈز ئەللىك بەش تارىخى پەيغەمبەر،
بىنا قىلدۇردى شەھرى شاھ زوھورىدىن بەلەن ئەختەر.
رىئايا خەلقىنىڭ ھالىغا رەھمە ئەيلەپ ھاۋادىسىدىن،
قىلىپ بۇ قەلئەنى مەھكەمكى گويا سەددى ئىسكەندەر.

نورۇز كاتىپنىڭ بېغىشلىمىسى:

شاھ زوھورىدىن سۈلۈي ئامبال قىلىپ شەھرى بىنا،
ھىممەت ئالىغا بۇ شاھنىڭ بارىكاللا، مەرھابا.
ئەسئە رۇس سانەتتە قىلەشتۇر پەلەكتىن بىر نىشان،
بۇ بىنا تەمىرىنىڭ تارىخىغا ئەختەرىندا.

تارىخى ھىجرىيە 1255 - يىلى سېپىل قۇرۇلۇشى باشلىنىپ بىر يىل ئىچىدە پۈتكەن. بۇ مىلادى 1839 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. «كونا ئوردا» شەھرى سىرتىغا زوھورىدىن ھېكىم بەگ سېپىل سوقتۇرغاندىن كېيىن شەھەر زور دەرىجىدە كېڭەيگەن. شۇندىن كېيىن قەشقەر شەھرى تاكى ئازاتلىققا قەدەر بولغان دائىرىدە بولۇپ كەلگەن. زوھورىدىن ھېكىم بەگ شەھەرنى كېڭەيتكەندىن كېيىن قەشقەر شەھرى ئىچكەركى شەھەر، تاشقارقى شەھەر دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

# مەلىكە ھۆسنى چەھرى

( چۆچەك )

بۇرۇنقى زاماندا، سودا - سېتىق راۋاج تاپقان خەلۋەت بىر شەھەردە، خوجا ۋاپادار ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. خوجا ۋاپادارنىڭ قولىدا ۋەج-بىساتى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، يۇرت - يۇرتتا، شەھەر - شەھەرلەردە ساراي، مال - مۈلۈك، چارۋىلىرى ھەددى ھېساپسىز ئىكەن، ئۇ يۇرتمۇ - يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر سودا قىلىپ، سودا قىلغاندىمۇ مول قىلىپ، بىر ئاۋات شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ ئەتىۋالىق بىر گۈزەل قىزى بولۇپ، ئىسمى مەلىكەھۆسنى زىبا دەپ ئاتىلىدىكەن. قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن پادىشا ئوردىسىنىڭ شەھەر مەركىزىگە يېقىن تەرىپىگە 5 قەۋەتلىك قىلىپ بىر راۋاق ياسىتىپ بېرىپتۇ. قىز ھەركۈنى راۋاق ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىكەن، بىر بازار كۈنى قىز راۋاقتا ئولتۇرۇپ، شەھەردىكى قىزىپ كەتكەن بازارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرسا، سودىگەر خوجا ۋاپادارنىڭ كۆزى قىزغا چۈشۈپ، ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ، قىزغا قارىغانسېرى قولى ئىشقا بارماپتۇ. كۆڭلىدە پادىشاغا ئەلچى قويۇپ قىزنى نىكاھىغا ئېلىشنى خىيال قىپتۇ. ئەتىسى نۇرغۇن مال - مۈلۈكلەرنى سەرپ قىلىپ كاتتا زىياپەت تەييارلاپ پادىشانىڭ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپتۇ. خوجا ۋاپادار ۋەزىرلەرگە نۇرغۇن سوغا - سالام مال - مۈلۈكلەرنى بېرىپ ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. ئېغىز - بۇرنى ياغلانغان ۋەزىرلەر ئەلچى بولۇپ قىزنى چوقۇم خوجا ۋاپادارغا ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىشىپتۇ.

ۋەزىرلەر ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي پادىشاغا خوجا ۋاپادارنى ماختاپتۇ، ھەممە خوجا ۋاپادارنىڭ ئۆزلىرىنى پادىشاغا ئەلچى قويغانلىغىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

پادىشا رەت قىلىپ: تاغارنىڭ خىلى تاغار، تاۋارنىڭ خىلى تاۋار. مەن قىزىمنى شاھزادىغا بېرىمەن، سودىگەرنى تاپسۇن، - دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوجا ۋاپادار قىلچە مەيۈسلەنمەپتۇ.

ئۇ بېلىنى مەھكەم باغلاپ قىزنى نىكاھىغا ئېلىش نىيىتىدىن ھەرگىز ياناماپتۇ، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىرىپ پۈتكۈل ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ھەممە پادىشانىڭ يېقىن جەمەتلىرىنى سېتىۋاپتۇ.




پۈتكۈل ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە پادىشانىڭ يېقىن جەمەتلىرى خوجا ۋاپادار ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ قىزنى بېرىشتە لەۋىنى قويغاندىن كېيىن پادىشا نائىلاج ماقۇل بولۇپتۇ.

پادىشا ئوردىسىغا رەڭگارەڭ چىراقلار ئېسىلىپتۇ، پۇتكۇل سازەندىلەر، ئۇسسۇلچىلار، قىزىقچىلار يىغىلىپتۇ، داۋازچىلار تەكلىپ قىلىنىپتۇ. 40 كېچە-كۈندۈز توي بولۇپ، خوجا ۋاپادار مەلىكە ھۆسنى زىبانى ئۆز ئىگاھىغا ئېلىپ، ئەر-خوتون ئىككىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. 8 يىل لەززەتلىك، شېرىن تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، مەلىكە ھۆسنى زىبا قوساق كۆتۈرۈپ بىر قىزبالا تۇغۇپتۇ، تۇغۇلغان بۇ قىزبالا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ھۆسنى جامالى كېلىشكەن، چىرايلىقلىقىدا تەڭدىشى يوق، گۈزەل بىر قىز بوپتۇ. قىزنىڭ چىرايىنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ ئىسمىنى مەلىكە مونو چەھرى قويۇپتۇ.

مەلىكە مونو چەھرى 8 ياشقا كىرگەندە ئانىسى مەلىكە ھۆسنى زىبا كېسەل بولۇپ، بەختكە قارشى قازا قىپتۇ. قىزنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش دادىسى خوجا ۋاپادارغا قاپتۇ. خوجا ۋاپادار قىزى مەلىكە مونوچەھرىنى مەكتەپكە بېرىپ 5 يىل ئوقۇتۇپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، مەلىكە مونو چەھرى ئىنتايىن ئەقىللىق، بىلىملىك، تەدبىرلىك چوڭ بولۇپ 13 كە كىرىپتۇ، دادىسى خوجا ۋاپادارنىڭ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش ئىستىكى قوزغۇلۇپتۇ. خوجا ۋاپادار، قىزى مەلىكە مونو چەھرىنى ئېلىپ قېيىنئاتىسى شاھ ئادىلىرىنىڭ ھوجرىسىغا كەپتۇ، خوجا ۋاپادار شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ: شاھ ئادىلىرى ئاتا، مەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن. يالغۇز باراي دېسەم قىزىم قالىدۇ، قىزىمنى ئېلىپ باراي دېسەم يول ئۇزۇن، جاپاسى يامان، قىزىمنىڭ جاپا تارتىشىنى خالىمىدىم ھەم بۇنداق چىرايلىق قىزبالىنى يولدا ئېلىپ يۈرۈشنى ئەپسىز كۆردۈم. شۇڭا مەن كەلگىچە قىزىم ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تەربىيە كۆرسە ئىكەن دەپتۇ.

شاھ ئويلاپ ئوردا ئادەم كۆپ كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان جاي، بۇنداق ساھىپجامال قىزغا ياماننىڭ كۆزى تېگىپ، ياماننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى شەھىرىمىزدىكى ئاتاغلىق ئۆلىما ئىشان ھەزرەتلىرىگە تەربىيىلەشكە ئامانەت بېرەيلى، - دەپتۇ.

شاھنىڭ مەسلىھەتى مۇۋاپىق قارىلىپ، شاھ مەلىكە مونو چەھرىنى ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ، خوجا ۋاپادار سول قولىدىن تۇتۇپ، بىرلىكتە ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ خانىقاسىغا بېرىپ مەلىكە مونو چەھرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ئامانەتكە بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ۋاپادار ئۆز سەپىرىگە راۋان بولۇپتۇ، شاھ ئۆز ئىشى بىلەن قاپتۇ.

ئەندى ئىشاندىن سۆز ئىشىتىمىزكى: مەلىكە مونو چەھرى ئىشانەمنىڭ خانىقاسىدا بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن 14 ياشقا كىرىپتۇ، رەسىدە بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل مەلىكەمنىڭ ساھىپ جامالى ئىشانەمنىڭ شەھۋانە ھەۋىسىنى قوزغاپتۇ. مەلىكە مونو چەھرىنىڭ قىزلىق پېتى قولىدىن كېتىشكە ئىشانەمنىڭ پەس شەھۋانە نەپسى يول قويماپتۇ، ئويلا - ئويلا ئاخىرى بىر ھىلە تېپىپتۇ:

ئىشانەمنىڭ سەھرالىق بىر خەلپە دوستى بار ئىكەن، بۇ خەلپەم نۇرغۇن يەر-

لىرى، ھەممە يەرلەرگە داڭقى كەتكەن باغ - ۋارانلىرى بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

بىر كۈنى ئىشانەم خەيتىمنى چاقىرىپ: مېنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا، يار - بۇرادىرىم يوق، قۇشتانجىمنىڭ سەھرالارنى كېزىپ باغ - ۋارانلاردا سەيلى قىلغىسى بار ئوخشايدۇ، شۇڭا ھوزۇرلىرىغا بارماقچى، - دەپتۇ، خەليپەم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەخسۇس مەپە تەييارلاپ قۇشتانجىمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. قۇشتانجىم مېڭىش ئالدىدا مەلىكە مونو چەھرىنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ، ئىشانەم قۇشتانجىمغا: بۇ تەربىيەلەشكە قالدۇرغان ئامانەت قىز، ئامانەتكە خىيانەت بولمىسۇن، قىز خانىقادا قالىدۇ، - دەپتۇ.

ئىشانەم قۇشتانجىمنى باغ سەيلىسىگە يولغا سېلىۋېتىپ، مەلىكە مونو چەھرىگە بىر داڭقاندا پولاو ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىشان پولو تەييار بولغىچە خانىقانىڭ ئالدى - ئارقا ئىشىكلىرىنى تاقاپ، قولۇپ سېلىپ ئادەم كىرەلمەيدىغان - چىقالمايدىغان قىلىۋېتىپتۇ. پولو پىشىپتۇ، مەلىكە مونو چەھرى ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتىرىپ چىقىپ ئىشانەمنىڭ قولىغا سۇ بېرىپتۇ. ئىشانەم قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا يەۋەتكۈدەك قاراپتۇ. ئىشانەم قىزغا قاراپ:

— قىزىم مەن سىزنى ئېنىق بىر كۆردۇم، يېقىن كېلىپ ئاسمانغا بىر، يەرگە بىر قاراڭ، - دەپتۇ. مەلىكە مونوچەھرى ئىشانەمنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنمەي ئاسمانغا بىر، يەرگە بىر قاراپتۇ. ئىشانەم تاقەت قىلالماي: - قىزىم مەن ئۇدۇنيا، بۇدۇنيا سىزدىن خوش بولسام، يۈزۈمنى بىر سىلاپ، ئىككى قۇلاۋغۇمدىن تۇتۇپ سۆيۈپ قويسىڭىز، - دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكە مونوچەھرىنىڭ قاتتىق ئاچچىغى كەپتۇ. ئىشانەم قىزنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىماقچى بوپتۇ. قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپتۇ. قىز سىرتقا قاچماقچى بولۇپ قانچە قىلىپمۇ ئىشانەمنىڭ قولىدىن بوشۇنالماپتۇ، ئىشانەم بومبا ساقاللىرىنى قىزنىڭ يۈزىگە سۈركىگەن ئىكەن، قىزنىڭ قاتتىق غەزىۋى كېلىپ، ئاپتۇۋا بىلەن ئىشانەمنىڭ پېشانىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئىشانەمنىڭ پېشانىسى يېرىلىپ قان ئېقىپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. قىز ئىشانەمدىن قۇتۇلۇپ سىرتقا قېچىپتۇ. خانىقانىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ئېتىكلىك بولغاچ دەرۋازىدىن چىقالماي شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىۋاپتۇ. ئىشانەم ھۇشىغا كېلىپ قىزنى قوغلاپتۇ. قىز ئۆگزىدىن - ئۆگزىگە ئاتلاپ قېچىپتۇ. قوغلاپ - قوغلاپ كەچ كىرىپتۇ، قىز قاچا - قاچا شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئۆتىدىغان كوچىغا كەپتۇ. كوچا ئۆگزە ئۈستىگە بىر چوڭ ياغاچ قويۇلغان ئىكەن، قىز شۇ ياغاچتىن كوچىنىڭ ئۇ قاتىدىكى ئۆگزىسىگە ئۆتىۋاپتۇ، « ئىشانەم سەن ئۆتكەن يەردىن مەن ئۆتەلمەيمەنمۇ ؟ » دەپ ياغاچ ئۈستىگە يۈگۈرگەن ئىكەن، كوچىغا پوككىدە يىقىلىپتۇ لېكىن، كۆتىدە ئىشتان يوق ئىكەن. كوچا ئاماللىغىنى ساقلاۋاتقان جەمەكچىلەر كۆرۈپ:

— ھە ئىشان ھەزرەتلىرى، نىمە بولدىلا، خانىقادا ياتماي كوچىدا يېتىپ قاپلىغۇ ؟- دەپ سوراپتۇ ئىشانەمدىن.

— مېنى تولا ئاۋارە قىلماي، مىرشاپ بەگنى چاقىرىڭلار، شۇنىڭغا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار، — دەپتۇ ئىشانەم. بىر جەسەكچى يۈگرەپ كېتىپ مىرشاپ بەگنى چاقىرىپ كەپتۇ. مىرشاپ بەگ:

— ئىشان ھەزرەتلىرى ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئادەم تۇرۇپ، خانىقادا ئولتۇرماي ئىشتانسىز كوچىدا يېتىپ قاپسىلىغۇ ؟

— ۋايجان، ۋايىيەي ! كېلە مىرشاپ بالام، مەن مۆتىۋەرلەر يازغان بىر كىتاپنى ئوقىغان ئىدىم، كىتاپتا، ھەر قانداق بەندە تەلەپ- ئىبادەتلىرىنى مەقبۇل قىلاي دىسە، ئۆزىنى بىر سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق كوچىغا قويۇلغان ياغاچتىن ئىشتانسىز يۈگرەپ كېلىپ ئۆتەلىسە تەلەپ- ئىبادەتلىرى ئىجازەت بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەگەر ئۆتەلمىسە قايتا دۇئا- تەكبىر قىلىپ ئاللاتائالادىن گۇناھىنى تىلىمىسە بولمايدۇ، دىيىلگەن ئىكەن. مەن ياغاچتىن ئۆتەلمەي يىقىلىپ چۈشتۈم. مېنى يۆلەپ خانىقاغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، مەن قايتىدىن دۇئا- تەكبىر قىلىمەن، — دەپتۇ ئىشان.

مىرشاپ بەگ ئىككى جەسەكچىنى بۇيرىغان ئىكەن، ئىشانەمنى خانىقاغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

مەلىكە مونۇچەھرى شۇ قاچقانچە قېچىپ، زاراتكارلىققا بېرىپ، ئانىسىنىڭ قەۋرىسىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپتۇ.

ئىشانەم ئۆيىگە كېلىپ: مەلىكە مونۇچەھرى مەندىن بۇرۇن پادىشاغا بېرىپ ئەرزى قىلسا پادىشا مېنى رەسۋا قىلىدۇ، مەن ئالدىن بېرىپ پادىشاغا ئەرزى قىلىۋالاي، — دەپ ئويلاپتۇ – دە، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلىشى بىلەنلا پىشانىسىنى تېڭىپ، سەللىسىنى سىڭايان يۆگەپ، ھاسىغا تايىنىپ پادىشا ئوردىسىغا كىرىپتۇ، پادىشا ئىشانەمنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئىشانەم پادىشادىن تېچلىق- ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— پادىشاھى ئالەم، مېنىمۇ رەسۋا قىلدىلا، ئۆزلىرىمۇ رەسۋا بولدىلا، ئەرزىمنى ئاڭلىسىلا، — دەپتۇ. پادىشا بۇ ئىشتىن تاسادىپىلىق ھەس قىلىپ:

— ھە، ئىشان ھەزرەتلىرى، نىمە ئەھۋال بولدى، سۆزلىسىلە دەپتۇ. ئىشان:

— شاھ ئالىلىرى، ئۆزلىرى نەۋرە قىزلىرى مونۇچەھرىنى ماڭا ئامانەتكە ھاۋالە قىلغان ئىدىلە، بىر يىل بولدى، ئەدەپ - ئەخلاقنى بىلمىدى. پات - پات خانىقا دەرۋازىسى سىرتىغا چىقىپ ئەرلەرگە قارايدىغان بولىۋالدى. بىر كۈنى تەرەت ئالاي دەپ ئولتۇرغان ئىدىم، خانىقا دەرۋازىسى ئېچىلغان ئىدى، دەرۋازىدا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارىسام مەلىكە مونۇچەھرى سىرتقا قاراپ شەرەت قىلىۋاتىدۇ. سىرتتىن راۋاپ چېلىپ بىر تاز كېلىۋاتىدۇ. ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچۇپ: ھەي تاز، بۇ يەردە نىمىش قىلىسەن دىسەم، مەلىكە خېنىمنى ئىزدەپ كەلدىم، سېنىڭ نىمە ئىشىڭ بار دەيدۇ، مەلىكە مەندىن ئىزا تارتماستىن تازنى باشلاپ باغ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ، توختاش ! بۇ نىمە رەسۋاچىلىق دىسەم، مەلىكە نىمە دەيسەن چاساقال، يايىرىم بىلەن ئوينىشىلى قويمامسەن دەپ قولۇمدىكى ئاپتۇنى تارتىۋېلىپ ئۇرۇپ پىشانەمنى يېرىۋەتتى، ۋاي نومۇسچە-

لىق ! ... دەپ ئىشانەم كەينىگە قارىماستىن ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، پادىشا ئىزا-
ئاھانەتكە چىدىيالماي :

— جاللات ! — دەپ ۋاقىرىغان ئىكەن، 8 جاللات ھازىر بوپتۇ ، پادىشا دەرغەزەپ ئاچچىقى بىلەن :

— قىزىم مەلىكە مونوچەھرى دەرھال تۇتقۇن قىلىنسۇن ! كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنسۇن ! — دەپتۇ . جاللاتلار «خوپ !» ... دەپ مېڭىشقان ئىكەن ، ئوڭ قول ۋەزىرى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئالدىرىمىسىلا شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە بىر مەسلىھەتىم بار ، ئاڭلاپ باقسىلا ، — دەپتۇ .

پادىشا :

— سۆزلىسىلە ۋەزىر، — دەپتۇ .

ۋەزىر ھېلىگەر كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ، شاپ بۇرۇتلىرىنى سىلىغۇ يتىپ :

— مەلىكىمىزنىڭ ئىشىنى ھەق ياكى ناھەق دەپ تەكشۈرمەي تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسىلا ، بۇ ئادىللىق بولمايدۇ ، مېنىڭچە ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان چۆل - جاڭگاللىققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتسىلە، ھەق بولسا قاغا - قوزغۇنلار يەپ ئۆلسە ، ناھەق بولسا ئۆلمەي ئامان-ئېسەن قالسا ، كېيىن پۇشايمانغا قالمايلا، — دەپتۇ . ۋەزىرنىڭ بۇ پىكرى شاھىمغا يېقىپتۇ . شاھىم بىر بۇيرۇق بىلەن جاللاتلارنى ئېۋەتىپتۇ . جاللاتلار مەلىكىنى ئانىسىنىڭ زارىتكارلىقىدىن تېپىپ تۇتۇپ كەپتۇ . پادىشا بۇ ئىشنى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېجىرىشىگە بۇيرۇپتۇ . ئوڭ قول ۋەزىر بىر قانچە جاللات ۋە لەشكەرلەرنى ئېلىپ مەلىكىنى ھارۋىغا بېسىپ يولغا چىقىپتۇ . بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر چوڭ جاڭگاللىققا كەپتۇ . ئوڭ قول ۋەزىر مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىغا ئوغرىدەك قاراۋېرىپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ . ئوڭ قول ۋەزىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ مەلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەن قىياپەتتە :

— گۈزەل مەلىكەم ، بىر ئىشنى ئۆزلىرىگە ئېيتمىسام بولمىدى . شاھ ئالىلىرى ئەسلىدە ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان ئىدى . گۈزەل جامالىلىرىنى دەپ مەن قۇتقۇزۇپ قالدىم ، مەن ھازىر تاقەت قىلالمىدىم ، ئوت پىراقلىرىدا يۈرۈكۈم كاۋاپ بولدى . ئۆزلىرىنى ماڭا قوبۇل كۆرسىلە، مەن ئۆزلىرىگە چەكسىز بەخت-سائادەت ئاتا قىلىمەن، باشقا شەھەرگە كېتىپ تۇرمۇش كۆچۈرەيلى ، — دەپتۇ .

مەلىكىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ رەددىيە بېرىپتۇ . مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىغان ئوڭ قول ۋەزىر مەلىكە مونوچەھرىنى جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ . ئادىمىزات يوق بۇ جاڭگاللىدا مەلىكە 2— 3 كۈن يول مېڭىپ ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن بىر ئېگىز دۆڭلىككە كېلىپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ . بۇ جاڭگاللىقتا يېقىن يەردە بىر شەھەر بار ئىكەن بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىغا قاراپ «جەننەتباغ» دەپ ئات قويغان ئىكەن، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ئىسمى مەخمۇل شاھ دەپ ئاتايدىكەن . شاھزادە 20 نەپەر يىگىتنى باشلاپ شىكارغا چىقىپتۇ . ئۇۋۇ ئوۋلاپ جاڭگاللىق-

قاكېلىپ قاپتۇ. شاھزادە ئالدىدىن بىر توشقان قاچقان ئىكەن، قولىدىكى قارچۇغىنى توشقانغا قارىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ، قارچۇغا ئۇچۇپ توشقانغا ئۆزىنى ئاتقان ئىكەن، توشقان بىر - سەكرەپلا دۆڭنىڭ كامىرىغا كىرىۋاپتۇ. قارچۇغا توشقاننى ئالالمىغان ئاچچىقىدا ئاسمانغا تىك ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ يىگىتلىرى قولىغا گۆش ئېلىپ، قارچۇغىنى ئىز - دەپ كەينىدىن يۈگرەپتۇ. قارچۇغا ئەگىپ كېلىپ ئىگىز دۆڭگە قونۇپ، بىھوش ياتقان مەلىكە مونوچەھرىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ بىھوش ياتقان مەلىكىنى كۆرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. مەلىكە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن شاھزادە مەلىكىگە گۆش، سۈت، قايماق، نان، مۇرۇببەلەرنى بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. قورسىقى تويۇپ ماغدۇرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن شاھزادىنىڭ سۆزىنى قۇلاققا ئىلىپ قالغانلىقىغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىغا، كىيىكتەك ئويناپ تۇرغان قاشلىرىغا، بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىگە، ئۈنچە - مەرۋايىتتەك سۈزۈك يۈزىگە قاراپ ئاشىق بىقارار بوپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

— گۈزەل مەلىكەم، يۇرتقا بىللە كېتەيلى، شاھ ئاتامغا ئېيتاي، ئىككىمىز توي قىلىپ مۇرات-مەقسىتىمىزگە يېتەيلى، - دەپتۇ. مەلىكە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى ئۆزى مىنگەن ئارغىماقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خۇشال - خۇرام ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھزادىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پادىشا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى سېپىل دەرۋازىسىغىچە كۈچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىپ قارشى ئاپتۇ، شاھزادە ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى پادىشاغا تولۇق ئېيتىپ مەلىكە بىلەن توي قىلىش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. پادىشا:

— ئوغلۇم توختاپ تۇرغىن، شىكاردا ئۇچراشقان بۇ مەلىكە ئادەممۇ، جىن - شاياتۇنمۇ، ياكى پەرىشتە - پەرىزاتمۇ؟ تەكشۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن ئاندىن بىر نېمە دەيلى، دەپتۇ.

پادىشا خانىشنى چاقىرىپ، مەلىكىنى تۆشەكتە خىزمەتكە سېلىپ سىناپ تەھتىنى ئېنىقلاشنى تاپىلاپتۇ، خانىش مەلىكىنى بىر نەچچە كۈن خىزمەتكە سالغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىق، زېرەك، قابىلىيەتلىك، ياخشى قىز ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ پادىشاغا ئېيتىپتۇ. پادىشا ئوغلى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇپ 40 كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە مۇرات - مەقسىتىگە يېتىپ، 5 يىل خۇشال- خۇرام تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، 2 ئوغۇل پەرزەنتكە ئىگە بوپتۇ.

مەلىكە مونوچەھرىنىڭ دادىسى خوجاۋاپادار چۈشىگە كىرىپتۇ، مەلىكە كېچە- كۈندۈز سېغىنىپتۇ، ئېسى-يادى دادىسىنى ئويلاش بىلەن بولۇپ، ئاش - تاماق، ئۇيقىدىن قېلىپ تېنى ئاجىزلاپتۇ، قايتا - قايتا شاھزادىغا دادىسىنى كۆرۈش تەلىۋىنى قويۇپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ تەلىۋىنى دادىسى پادىشاغا يەتكۈزگەندىن كېيىن پادىشا مەلىكىنىڭ دادىسىنى كۆرۈپ كېلىش تەلىۋىگە قوشۇلۇپتۇ، شاھزادە مەلىكە بىلەن بىرلىكتە قېيىنئاتىسىنى كۆرۈپ كېلىشنى تەلەپ قىپتۇ، خانىش شاھزادىنىڭ بىرگە بېرىشىغا قوشۇلماي:

— «يۇمۇلىغىلى ئات ياخشى، داغلىغىلى يات ياخشى» دەپتىكەن. مەلىكە ئۆزىنى داغلىغان بىلەن، ئاتا - ئانىسى قەلەندەر دىۋانىمۇ، ياكى باي ئەمەلدارمۇ، ئالدى بىلەن بىر قانچە كىشى بىرگە بارسۇن، ئەھۋال ئۇققاندىن كېيىن ئاندىن شاھزادىنى ئېۋەتەيلى - دەپتۇ.

شاھزادە پادىشانىڭ بۇيرىقى بىلەن 10 نەچچە كىشىگە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى باشچى قىلىپ مەلىكە مونو چەھرىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مەلىكە ماڭا - ماڭا بىر چۆلگە كېلىپ، چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇپ قونۇپ قاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكە ياتقان چېدىرگە كىرىپ:

— ئاھ مەلىكەم 5 يىل بولدى، ئوتىڭىزدا كۆيگىلى، ئۆزلىرىنى ماڭا قوبۇل قىلسىلا، دەرھال بىرگە قاچايلى، - دەپتۇ. مەلىكىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي ئاخماق، مەن شاھزادىنىڭ نىكاھىدا تۇرسام، 2 ئوغلۇم تۇرسا، شۇگەپلەرنى قىلىشقا قانداق تىلىڭ باردى؟! يامان نىيەتىڭدىن يان! شاھزادە ئۇقۇپ قالسا بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىدۇ، - دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ:

— ئىككەيلەننىڭ نىكاھىغا مۇشۇ 2 بالا پۇتلىشىدىغان بولسا كاللىسىنى ئالىمەن، - دەپ مەلىكىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قان قىلىچىنى مەلىكىگە تەڭلەپ:

ئۆزىڭىزنى ماڭا قوبۇل قىلمىسىڭىز كاللىڭىزنى كېسىمەن، - دەپتۇ، مەلىكە جېنىنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ قېلىش مەقسىدىدە:

— ئى يىگىت، سىزنىڭ ماڭا ئاشىق بولغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم، ماڭا بىر قاپاق سۇ بەرسىڭىز، بويۇمنى سۇغا سېلىپ ئاندىن ئۆزەمنى سىزگە قوبۇل قىلسام،- دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى خۇشال بولۇپ بىر قاپاق سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە بويىنى سۇغا سېلىپ، تاھارەت ئېلىپ جەينامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھاۋا بۇزۇلۇپ قاتتىق شامال چىقىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شامالدىن قورقۇپ چېدىردا ئۇخلاپ قاپتۇ، مەلىكە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلگەن بالىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بەلگە سېلىپ قويۇپ ئەرەنچە ياسىنىپ ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ مەلىكىنىڭ چېدىرىغا كىرسە مەلىكە يوق، سۈرۈشتۈرۈپ مەلىكىنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ قالغان ئادەملەرنى باشلاپ ئۆز شەھەرگە قايتىپ كېلىپ شاھزادىغا مەلىكىنىڭ 2 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، قان كىيىملەرنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھزادە 2 ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئەس - ھۇشىنى يوقۇتۇپ زار - زار يىغلاپتۇ. شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ 2 ئوغلىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ كېلىشىگە ئىجازەت ئاپتۇ. ئەتىسى قەلەندەرچە ياسىنىپ ئىككى قولىغا ساپايە ئېلىپ، ئوغلىنىڭ قاتىلىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى. مەلىكە شۇ ماڭغانچە ماڭا - ماڭا بىر توغراقلىق جاڭگالغا بېرىپ قاپتۇ. جاڭگال ئىچىدە قاراقچىلارغا ئۇچراپتۇ. قاراقچىلار مەلىكىنى تۇتىۋېلىپ: "جېنىڭغا تۇرامسەن ياكى ئاتقىمۇ؟!" دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

سەنلەرگە ئات لازىممۇ ياكى جانمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى:

— جېنىڭغا تويساڭ ئات لازىم، ئاتقا تويساڭ جېنىڭنى ئالىمەن دەپتۇ. مەلىكە ئاتنى قاراقچىلارغا بېرىپ، كەينىگە قارىماستىن مېڭىپتۇ. بىر قاراقچى:

— بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئوغۇل بالىكەن، ھەم ئىنتايىن مەرت ئىكەن، ئەپقېلىپ خىزمىتىمىزگە سالايلى دەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ماقۇل كۆرۈپ مەلىكىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاراقچىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ھاراق ئىچىشكىلى تۇرۇپتۇ، قاراقچىلارنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە قاراقچىلارغا:

— سىلەر ھاراق ئىچىشنى بىلمەيدىكەنسىلەر، مەن ئۆگىتىپ قوياي، 40 پىيالە تەييارلانسۇن، بىر دەيمەن قولۇڭلارغا ئالىسىلەر، ئىككى دەيمەن، "خوش" دەپ سوقۇشتۇرسىلەر، ئۈچ دەيمەن ئىچىسىلە، مۇشۇنداق ئىچكەندە ھاراقنىڭ پەيزى بولىدۇ - دەپتۇ. قاراقچىلار ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇشۇپتۇ. مەلىكە قىرىق پىيالىگە زەھەر سېلىپ ھاراق قويۇپ قاراقچىلارغا بىردىن بېرىپتۇ. مەلىكە بىر دەپتۇ، قاراقچىلار ھاراق قويۇلغان پىيالىنى قولىغا ئاپتۇ. ئىككى دەپتۇ پىيالىلارنى سوقاشتۇرۇپتۇ. ئۈچ دېگەن ئىكەن ئىچىپتۇ. ھاراق بىلەن ئىچكەن زەھەر قاراقچىلارنىڭ بەدىنىگە تاراپ شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. قاراقچىلاردىن قۇتۇلغان مەلىكە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. مەلىكە ماڭا - ماڭا يايلاققا كەپتۇ. قارىسا نۇرغۇن مال- پادىلار ئوتلاۋاتقان ئىكەن. پادىچى بالىدىن سوراپتۇ:

— بۇ مال-پادىلار كىمنىڭ؟

— خوجا ۋاپادار ھاجىمنىڭ.

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە مال پادىلار بارمۇ؟

— شەھەرگە كىرگىچە ئوتلاۋاتقان مال پادىلارنىڭ ھەممىسى خوجا ۋاپادار ھاجىمنىڭ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مالچى. مەلىكە ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، شەھەرگە يېقىن بىر ئوتلاقتا نۇرغۇن ماللار ئوتلاۋاتقان ئىكەن، مەلىكە پادىچىدىن سوراپتۇ:

— ھەي پادىچى، بۇ كىمنىڭ ماللىرى؟

— خوجا ۋاپادار ھاجىمنىڭ.

— ھاجىم ماللارنى يوقلىغىلى چىقامدۇ؟

— ھەپتىدە 2 قېتىم چىقىدۇ.

— يەنە چىقىدىغان ۋاقتى قاچان؟

— ئەتە.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ خورجۇنۇمدىكى كەمەر بىلەن ئالتۇن-تىللالارنى ساڭا بېرەي، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، ماللارنى مەن باقاي، - دەپتۇ مەلىكە. پادىچى رازى بولۇپ ئۆز ئۆ-

يىگە كېتىپتۇ. مەلىكە مال-پادىلارنى بېقىپتۇ، ئەتىسى خوجاۋاپادار چىقىپ كەپتۇ. مالچىلارغا قاراپ:

— ھەي پادىچى، ئۆتكەندە چىقسام بىر سەت نىمە ئىدىڭ. بۈگۈن باشقىچە چىرايلىق بولۇپقاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە ئۆز دادىسىغا ئۆزىنى چاندۇرماي:

— ئۇسسۇزلۇققا قوي-ماللارنىڭ سۈتىنى ئىچتىم، يېيىشىمگە ئوغلاق-قوزىلارنىڭ گۆشىنى يېسەم مەن چىرايلىق بولماي كىم بولاتتى؟ دەپتۇ. خوجا ۋاپادار:

— ئەتە ئورنىڭغا پادىچى ئەۋەتىمەن، سەن بېرىپ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ خىزمەتچىلىكىنى قىلىسەن، — دەپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئورنىغا پادىچى كەپتۇ، مەلىكە خوجا ۋاپادارنىڭ ئۆيىدە 6 ئايغىچە ئۆي خىزمىتىنى قىپتۇ. 6 ئاي بولغاندا خوجاۋاپادار ئالدىغا چاقىرتىپ:

— لايىق تېپىپ سېنىڭ تويۇڭنى قىلىپ قوياي دەيمەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— توي قىلغىدەك ئىقتىسادىم يوق، — دەپتۇ. خوجاۋاپادار

— سەن قورقما، ھەممە چىقىم ئۆزەمدىن بولىدۇ. ئەتىدىن باشلاپ شەھەردىكى قاسساپلارنىڭ كىرىمىنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەي، باي بولۇۋالغىن، — دەپتۇ. مەلىكە قاسساپلار دۇكىنىغا بېرىپ خوجايىن بولۇپتۇ. بىر كۈنى ساپايى چالغان 2 نەپەر قەلەندەر دۇكان ئالدىغا كېلىپ گۈش تىلەپتۇ. قارىسا بىرسى ئۆزىنىڭ ئېرى شاھزادە، يەنە بىرسى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەن، مەلىكە دەرھال بىر ياتا گۆشنى 2 قەلەندەرگە بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى تونۇغاندەك قىلىپ يېنىشلاپ بىر قانچە قېتىم قاراپتۇ. مەلىكە ئۇلاردىن نەگە چۈشكەنلىكىنى سوراپتۇ. شاھزادە مازارلىقتىكى گۈمبەزگە چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئۇلارنى كەچتە ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان بولۇپ كەتسەڭلار دەپ مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى:

— «يېتىمگە يۆتەلنىڭ نىمە ئىشى، مۇساپىرغا كۆڭۈلنىڭ.» بىز بارالمايمىز دەپتۇ. مەلىكە زادى بارمىساڭلار بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە ئاخىرى بېرىشقا قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە دەرھال خوجا ۋاپادارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن ئۆزەمگە لايىق تاپتىم. ئەندى ئۆيلىنەي، كەچتە ئۆزلىرى پادىشانى، ئوڭ قول ۋەزىرنى ۋە ئىشان ھەزرەتلىرىنى باشلاپ مەسلىھەت چېيىغا بېرىپ بەرسىلە، — دەپتۇ، خوجا ۋاپادار خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۆز نامىدىن، پادىشاغا، ئوڭ قول ۋەزىر، ئىشان ھەزرەتلىرىگە نامە ئەۋەتىپتۇ. نامە بويىچە كەچتە ھەممەيلەن مېھمانغا بېرىپتۇ، مەلىكە چوڭ دادىسى ئامراق بولغان نېرىن چۆپ ئېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشا تاماقنى يەپ قىزى ھۆسنى زىبانى ياد ئېتىپ:

— مەن بۇ تاماقنى قىزىم ھۆسنى زىبا ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم، قىزىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يېيەلمىدىم، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ. مەلىكە بىر داڭقاندا پولۇ ئېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. داڭقان پولۇرنى كۆرۈپ ئىشانەمنىڭ چىرايلىرى ئۆزگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسى خوجا ۋاپادارنىڭ ئامراق ئېشى يېڭىلىك چۆچۈرە ئېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. خوجا ۋاپادار ئاشنى يەپ قىزى مونىچەھرە-

نى ئەسلەپ كۆز يېشى قىپتۇ، پادىشا ھەر بىر تاماق دەستۇرخانغا قويۇلغاندا ھەر بىر كىشىنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. مەلىكە دەرھال، ئۆز ئېرى شاھزادىنىڭ ئەڭ ئامراق ئېشى بولغان لەغمەننى دەستۇرخانغا كەلتۈرگەن ئىكەن، قەلەندەر سىياقىدىكى شاھزادىنىڭ خوتۇنى مەلىكە مونوچەھرى يادىغا يېتىپ يىغ- لاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن پادىشا دەرھال: مۇنۇ ئاشلارنى ئېتىپ بىزنىڭ كۆڭلى- مىزنى پاراكەندە قىلىۋاتقان پادىچىنى چاقىرىڭلار، - دەپتۇ. پادىچى سىياقىدىكى مەلىكە چىقىپ پادىشاغا تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشا:

— بۇ ئاشلارنى كىم ئەتتى؟

— مەن ئەتتىم، - دەپتۇ مەلىكە. پادىشا ھەيران قىلىپ:

— بىر ئاش ئېتسەن مېنى يىغلىتىسەن، بىر ئاش ئېتسەن ئىشان خاپا بولىدۇ. يەنە بىر ئاش ئېتسەن خوجا ۋاپادار يىغلايدۇ، يەنە بىر ئاش ئېتسەن ماۋۇ قەلەندەردىن بى- رى يىغلايدۇ. زادى سەندە نېمە سىر-ئەسرا بار؟ ئېيت، ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، - دەپتۇ.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن شاھىم، - دەپتۇ مەلىكە. پادىشا: -كەچ- تىم، ئېيت! دەپتۇ. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پۈتكۈل سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرمۇ - بىر بايان قىلىپ:

— مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان ئەمەس راست، مەلىكە مونوچەھرى دېگەن مانا مەن شۇ، - دەپ ئەرەنچە كىيىملىرىنى سېلىپ ئەسلىدىكى ئاياللىق كىيىم بىلەن تۇرۇپ- تۇ. پادىشا ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئۆز ۋەزىرىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. خوجا ۋاپادار خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئىشاننى بوغۇزلاپتۇ. قەلەندەر سىياقىدىكى شاھزادە ئۆز ۋەزىرىنىڭ ئوغلىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان ئايرىلىپ كۆرۈشەل- مىگەن ئۇرۇق-تۇققانلار قايتىدىن كۆرۈشۈپ، خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بوپتۇ. قايتا 7 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ شاھزادە بىلەن مونوچەھرىنى تەبرىكلەپتۇ. خوجا ۋاپادار ۋەزىر بوپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە مونوچەھرىگە 500 لەشكەر قوشۇپ شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يولغا ساپتۇ. دۈشمەنلەر يوقۇلۇپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تېنچىپ بەختلىك تۇرمۇش يەنە باشلىنىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت بازار جەمى يېزىسىدىن ئىسمايىل مەھەممەت.

خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ سېيىت.

## ئابدىغوپۇر قۇتلۇق (سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى)

# مەلىكە ئامانىساخان

(باللادا)

ئاپتاپ چۆلگە ئوت پۈركەيدۇ، ئوت،
بۇ يەرلەرگە كېلە - كەلمەي ھوت.
جىگەر كەبى تاۋلىنىدۇ قۇم،
كۆرۈنمەيدۇ ئالقانداك بۇلۇت.

سۇمەرسىمۇ تارىمنى يېلىلاپ،
تەشنا لېۋى تۇرار گەز باغلاپ.
شۇڭا دەشتتە ئۆركەشلەپ تۇرار،
كۇمۇش تۇستە ئالدامچى سەراپ.

تەكلىماكان ياتار ساقلاپ سىر،
ياتار سىماپ كەبى لىغىرلاپ،
ياتار قۇملار، قۇمغا سىڭدىرلاپ،
كۆچكەن دەريا كەبى بېغىرلاپ.

ئوتتۇن تېرىپ يۈرەتتى بىر قىز،
تەسكىن - تېكەن ئۆسكەن شۇ چۆلدە.
ئەسكە سالار ئاق ماتا كۆينەك،
ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇنى كۆلدە.

غولتا سىغماس ئۇزۇن سۇمبۇل چاچ،
شۇ قەلەمقاش نېچۈك ئىگەر باش؟
نېچۈك خىيال سۈرسە، مەڭزىنى،
يۇيۇپ ئاقار تارام - تارام ياش؟

× ×

بوران ھۇلاپ خۇددى بۆرىدەك،
باشلانغان چاغ قۇمنىڭ قۇيۇنى.
غازاڭ قىلدى باغۇ - بوستاننى،
تەبىئەتنىڭ تەتۈر ئويۇنى.

قىزنىڭ ئۆيى ئېدى قاپتالدا،
قۇم ئاستىدا قالدى خانىسى.
يەرۇ - كۆكتىن قۇم ياققان چاغدا،
ئېتىز دېدى ئاتا - ئانىسى.

تىلسىز يىغا، تىنىمسىز جادىغا،
باسسا، قۇلاق سالماي دادىغا.
پەلەك پەرۋا قىلمادى قىزنىڭ،
كۆز يېشىغا، دات - پەريادىغا.

قۇملار يۇتتى غەمگۇزارىنى،
قۇملار يۇتتى ئاھۇ - زارىنى.
دەرت دەستىدىن ئايرىماس بولدى،
قۇچىغىدىن ئۇ دۇتتارىنى.

دۇتتار يەتتى قىزنىڭ ھالىغا،
دۇتتار دىگەن ئىنىڭ دەرتكە داۋا.
پىغان بىلەن چالسا مۇڭلۇنۇپ،
ئىڭراپ - ئىڭراپ قىلاتتى ناۋا.

× ×

شاھ شىكاردا ئاداشتى يولدىن،
ھارغىن كۆزى چۈشتى تۇتۇنگە.
تىزگىن سىرىپ قالغاندا ئېتى،
مەپتۇن بولدى مۇڭلۇق بۇ ئۈنگە.

ئۇشاق تالدىن توقۇلغان ئۆيگە.
شاھ بۇنچىلا بولماستى خۇشتار.
ئۆيدىن لەرزان ئاقاتتى غەزەل،
بۇغۇلدايتتى ئەۋرىشىم دۇتتار.

بوسۇغىغا باساركەن قەدەم،
تۇرۇپ قالدى تاشلاپ بىر نىگاھ.
تۇرۇپ قالدى ياقىسىن تۇتۇپ،
دۇتتار چالغان قىزنى كۆرۈپ شاھ.

شاھنى شەيدا قىلدىمۇ غەزەل،
يە قىلدىمۇ شەيدا تولۇنئاي.



— يۇرۇڭ دەشتتىن كېتەيلى ،ـ دېدى ، —
ئوردا ئىچرە سىزگە خاستۇر جاي.
— ئاتا — ئانام خاكى بۇ يەردە،
ماڭا بۇ چۆل جەننەتتىن ئېزىز.
ئوردىغا مەن لايىق ئەمەس! — دەپ،
ئۆزۈر سوراپ، ئۇ قىز پۈككى تىز.
ئاق بوز ئاتقا بۆكتەرلەندى ئۇ،
بۆكتەرلەندى خۇددى ئوغلاقتەك.
شەھلا كۆزدىن بۇلدۇقلايتتى ياش،
ئوخچۇپ چىققان خۇددى بۇلاقتەك.

× ×

سۇرلۇك سېپىل، ھەيۋەتلىك ئوردا،
تازىم قىلىپ، ئەگدى بېشىنى.
ئالتۇن ھالقا، تىللا بالداقلار،
باسالمىدى قىزنىڭ يېشىنى.
بولمىسا زار قىرىق كېنىزەك،
ئۆرۈش ئۇچۇن قىرىق چېچىنى.
ئۇ دۇتارغا دەردىنى ئەيتىپ،
تەۋرىتەتتى ئوردا ئىچىنى.
خان بىر كۈنى خاس خانىسىدا،
ناۋايىدىن ئوقىدي غەزەل.
بار ۋۇجۇدىن گويا قۇلاق قىپ،
كىيىك كەبى تەلمۈردى گۈزەل.
قولغا ساتار ئېلىپ مەلىكە،
بىر دەقىقە تۇردى سىۋىرلاپ.
«ئىشرەت — ئەنگىز» مۇقامىن كۈيلەپ،
خاننى بىھۇش قىلدى سىھىرلاپ:
«ساڭا يۈز شۈكرى، يارەپ، بىزگە پادىشا
قىلدىڭ،
پەقىر — مىسكىنگە ئابدۇرىشىتخاننى پانا
قىلدىڭ.
نەپىسە كېچە — كۈندۈز قىل دۇئا تەقەد—
دۇسقا،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا، گۇنا
قىلدىڭ...»
تۈن يېرىمىدىن ئاشقان بىر مەھەل،
تارىلار تىترەپ توختىدى ئىگراپ.
ئەمما يۈرەك تارى جىغىلداپ،
خان باش ئىگىپ، تۇراتتى تىڭلاپ.
خان ئىلتىجا بىلەن سورىدى:
— نەپىسە كىم؟ كىمنىڭ بۇ غەزەل؟
— خەقنىڭكىگە ئانچە خوشۇم يوق،
نەپىسە — مەن! — دېدى ئۇ گۈزەل.
رەقىبىگە تىز پۈكمىگەن شاھ،
قىز كۆكسىگە ئەگدى بېشىنى.
شۇ چاغ كۆردى ئاپپاق كۆكرەككە،
تامغان قىزنىڭ شاتلىق يېشىنى.

× × ×

يىغا ياندىن كەلدى بىر كۈنى،
خان ئاتلاندى يەنە ئۇرۇشقا،
ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى دەپ،
قامچا ئۇردى ئۇ ئاق بوز ئاتقا.
ياۋغا قارشى ئاتلانسا ئەرلەر،
ئوغلانلىرى ماگدى پىيادە.
يانخوشنىڭ ياۋۇز لىغىنى،
تارتقان ئىدى ئۇلار زىيادە.
كۈن تەس ئۆتتى، ھەپتىلەر ئاندىن.
كەلمىدى ھېچ خەت — خەۋەر خاندىن.
يولغا قاراپ كۆزلەر تېشىلدى،
نىمە باردۇر ئېغىر ھىجراندىن.
ھالقىسىدەك سارغايدى كۈتۈپ،
كىمى بارتى ياردىن بۆلەك.
دۇتار چېلىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ،
بولاي دېدى يارغا يار — يۆلەك.
كۈتۈش تىغ بوپ تەككەچكە جانغا،
بىر ئاخشىمى كەتتى مەيدانغا.
مازار تاققا يەتكەندە جۇۋان،
بويالغانتى پۈتلىرى قانغا.
يولۇقمىدى يە يولدا يارى،
ھەمرا ئىدى بىرلا دۇتارى.
بىر چاغ يۇمشاق قۇمدا ئېغىناپ،
دەشتنى باستى ئاچچىق مۇڭ — زارى.
كىمگىدۇر ئۈيلىنار ئىگراپ،
بولمىغان قۇم كىملەر مازارى!؟
ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازاۋىن ئاز دەپ،
تۇتقان ئىدى تولغاق ئازارى.
كىمدۇر تېپىن تولغايتتى تالدەك،

(ئاخىرى 69 — بەتتە)



ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قايتىدىن ياسىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەقبەرىسى

(مۇھەممەت رىشات فوتوسى)



گەپ ئاڭلا، ئوبدان بالام

(جۈرى قادىر فوتوسى)

**مۇھەررىرلەر:**

تۇرسۇن نىياز

(مەسئۇل مۇھەررىر)

ھاجى ئەخمەت،

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

(مۇئاۋىن مەسئۇل مۇ-
ھەررىر)

دىلبەرقەييۇم،

مۇختار ئىبراھىم

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى




قەشقەر ئەدەبىياتى (15- يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学» （双月刊）

1986 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات -

سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

فورماتى 787 × 1092مم، 1/16، 8 باسما تاۋاق

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى

ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0.41

---

ژورنال نومۇرى: 62 — 58

پارچە سېتىش باھاسى: 50 فۇڭ